ئابدۇرۇسۇل سېيىت

# بومبىنىڭ ئارقا كوچىسى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ISBN 7-228-06293-0

9 787228 062935 >

ISBN 7-228-06293-0
I·2277(民文) 定价:12.50元

15
1247.7
43

ئابدۇرۇسۇل سېيىت

# بومباينىڭ ئارقا كوچىسى

(پوۋېست، ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت

# بومبانىڭ ئارقا كوچىسى

(پوۋېست، ھېكايىلەر)

ئابدۇرۇسۇل سېيىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/32 باسما تاۋىقى: 8.25
2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 ـ 3060
ISBN7—228—06293—0/I·2277
باھاسى: 12.50 يۈەن

**图书版编目（CIP）数据**

孟买的后街：维吾尔文/阿布都肉苏里.斯依提著.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.12
ISBN－228－06293－0

Ⅰ.孟... Ⅱ.阿... Ⅲ.①中篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）②短篇小说－作品集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.1247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 59583 号

---

新疆人民出版社出版
新疆新华书店发行
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）
新疆工人时报印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 8.25 印张
2000 年 12 月第 1 版　　2000 年 12 月第 1 次印刷
印数：1 － 3060

---

ISBN7－228－06293－0/I・2277　定价：12.50 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


1. مۇھەببەت ........................ 1
2. چەكمەن چاپان ........................ 4
3. «يېتىم» قىز ........................ 11
4. موخوركا ........................ 16
5. ئالجىغاندا قىلغان پاراڭلار ........................ 18
6. مەن دېگەندەك بولسۇن ........................ 25
7. بىھۇدە كەتمىگەن بەدەل ........................ 27
8. ئوغۇل بالىدىن ئامەت قاچقاندا ........................ 34
9. مۇساپىر قۇش ........................ 39
10. ئىشىك چەككۈچىلەر ........................ 82
11. رەھمىتى «بايقۇش» ........................ 85
12. بومبايىنىڭ ئارقا كوچىسى ........................ 91
13. ئاق ساراي چۈشى ........................ 106
14. نىكاھ سودىسى ........................ 120
15. شەيتان چاق پاجىئەسى ........................ 124
16. ئىككىنچى دوقمۇش (پوۋېست) ........................ 152
17. «داڭگال» ئابىدىسى (ئەسلىمە) ........................ 225
18. قومۇل سەپىرىدىكى كۆڭۈللۈك كېچە (ئەسلىمە) ........................ 238

# مۇھەببەت

مۇئەللىپكە بايرون شېئىرلىرىدەك گۈزەل كۆرۈنىدىغان بۇ ئائىلىدە يېقىندىن بۇيان چىنە-قاچىلارنىڭ قەستەن تېگىپ كېتىشىدەك بىنورمال ئەھۋال پات-پات يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىش كۆپىنچە ئايالى تەرىپىدىن بولاتتى.

— ئەر كىشى دېگەن پۇل تېپىشى كېرەك-دە، — دەيتتى ئۇ، ھە دېسىلا ئېرىگە دوق قىلىپ، — باشقىلارنىڭ ئەرلىرى پۇلنى-پۇلغا چېقىپ، ئۆيلىرىنى زىلچا-گىلەم بىلەن بېزىۋەتسۇن، پەقەت بىزلا...

بۇنداق ھاقارەتكە ئاخىر ئۇنىڭ غۇرۇرى چىدىمىدى. ئايالىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ رەڭلىك قەغەزگە بولغان نەپسىنى تازا بىر قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر ئوبدان خىزمىتى ۋە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقان ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ ئوقەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

مۇھەببەت — بىلگەن ئادەم ئۈچۈن ئات بېشىدەك ئالتۇنغىمۇ تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس ۋە مەڭگۈلۈك بايلىق، بىراق ئۇ يۈرىكىنى كونترول قىلالمايدىغان مۆتىدىل ئايالLAR قولىدا بىرمەزگىل ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپمۇ قويىدۇ. شۇنداق چاغدا پۇل دەپ ئاتىلىدىغان بىرتۇتام رەڭلىك قەغەزنى جوزا ئۈستىگە

www.uyghurkitap.com

تاققىدە تاشلاپ قويۇپ، شۇنداق تۇرۇپ قارىساڭ ئاستىدىن
ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن قەدىرسىز مۇھەببەتنىڭ يىقىمسىز
ھىجىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن.
ئۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقىت يوقاپ كېتىپ ئۆيگە كاتتا
سودىگەر قىياپىتىدە كېلىۋىدى، ئايالىنىڭ گۇلقەقەلىرى
ئېچىلىپ، ئاغزى قولىقىغا يەتتى، باشقىلارنى دوراپ
ئۆيىنى زىلچا ـ گىلەم، ئۇستۇېشىنى ئەڭ يېڭى مودا كىيىم
ۋە ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر بىلەن پۇركىدى. ئايھاي...
تۇتۇق ئاسمانغا ئاي چىقتى. بۇ ئاينىڭ كۇلۇمسىرىشى
بەئەينى لوڭقىدىكى سۇلياۋ گۇلگىلا ئوخشايتتى، مەيلى نېمە
بولسا بولسۇن ئېرى ئۇنچىقماي ئوقىتىنى قىلىۋەردى، ئۇ
بىر چىقىپ كەتسە ئايلاپ ـ ئايلاپ يوقاپ كېتەتتى، ئايالى
بولسا ئۆيدە ئېڭىكىنى سىلاپ تىكەندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ
قالاتتى، كۇنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتىۋەردى. بىراق،
كۇنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئاستىدىكى زىلچا ـ
گىلەملەر نېمىشقىدۇر يانپېشىغا پاتىدىغان، ئالتۇن
سىرغىلىرى قۇلىقىنى ئاغرىتىدىغان بولۇپ قالدى.
ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى گۇلگۇن
چىرايىنى سۇلغۇن، پەرىشان، مۇڭلۇق ئالامەتلەر باسقىلى
تۇردى، گەرچە ئۇ ئۆزى كۇتكەن ۋە ئارزۇ قىلغان ھەممە
نەرسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك يەنە
بىر نەرسىنىڭ كەملىك قىلىۋاتقانلىقىنى، توغرىسىنى
ئېيتقاندا، مۇھىم نەرسىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى
سېزىپ قالدى ۋە چۆچۈپ كەتتى.
— ئەمدى كەتمەڭ، ئەمدى ھېچ يەرگە بارماڭ، — دېدى
ئۇ ئېرى قايتىپ كەلگەندە تاپىنىنى سۆيگۈدەك بولۇپ.

— نېمىشقا، ساڭا پۇل كېرەك ئەمەسمىدى خوتۇن؟
— ياق،— ئايالىنىڭ تەلەپپۇزى قەتئىي ئىدى،— ماڭا كېرىكى . . .
— خوش، ساڭا كېرىكى. . . ؟
— ماڭا. . .— ئۇ ئېرىنىڭ پېشىگە سۆيۈپ ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى.

1993 ـ يىل 1 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم ئادرېسى

# چەكمەن چاپان

(بۇ ھېكايىنى مەرھۇم ئاتا ـ ئانامغا بېغىشلايمەن)

ئاتا ـ ئانامدىن خېلىلا كىچىك قالغاچقا، ئۇلارنىڭ چىراي ـ شەكلىنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىرئىش ھازىرغىچە خاتىرەمدە تۇرۇپتۇ.

كۈنىمىز تېرىق بىلەن قوناق يامىسىغا قاراپ قالغان ھېلىقى لەنىتى چاغلار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھېيىت ـ ئايەممۇ قارلار يېغىپ، يەرلەر قاتقان مەزگىللەردە كېلەتتى. بىرقېتىم روزىنىڭ غۇلچى تۈگەپ، غېرىچى قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام رەھمەتلىك ئەترەتنىڭ يارىيار ھارۋىسىغا تاغىل ئۆكۈزنى قېتىپ، ئۈستىگە شاخ ـ شۇمبا بېسىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى، يېزىمىز شەھەرگە ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، كۈن قىسقا، يول يامان، ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، يېرىم كېچىدە زولۇق يەپلا يۇرۇپ كەتكەن دادام كەچتە ئاپامنىڭ ئېپتارلىق ئېشىغا ئۈلگۈرۈپ بىراقلا چىقتى. ئۇ بىز — باللارغا شۇ چاغلارنىڭ ئالىي مەھسۇلاتى، بولۇك ـ پۇشقاقلاردا قېچىپ يۇرۇپ ساتىدىغان تاڭگا بىلەن خوزار مەمپەزە ئالغاچ چىققانىدى.

— ئالدىراپ بازار ئارىلىغۇدەك بولالمىدىم رەيھان، — دېدى دادام ئالدىدىكى ئاپامنىڭ ئۇگرە ئاشنىڭ چۆپىدەك

ساڭگىلاپ قالغان ئۇستۇمىشغا قاراپ، — مە، بۇ پۇلغا كۆڭلەك كىيىۋال. . .

— ئۇ. . . ھۇ. . . ش! — ئاپام پۇلنى ئېلىپلا دادامنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، — بىز دېگەن ئۆي ئادىمى، ياماپ - تۆشەپ كېتىۋېرىمىز. قىش - قىرودا تۆشىگىزنى ئېچىپ يۈرىۋېرەمسىز؟ چاپان كىيىۋېلىڭ. . .

— گېپىمنى ئاڭلا خوتۇن، — دېدى دادام پۇلنى يەنە ئاپامنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، — بىز ئەرلەرنىڭ ياپىمىسا بولمايدىغان يېرى ئېچىلىپ قالمىسىلا بولدى. . . كىيىۋال، دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا ھېيتنى چىرايلىق ئۆتكۈزگىن.

— ۋاي، چىرايلىق بولغىنى قۇرۇسۇن، — دېدى ئاپام كەسكىنلا قىلىپ، — سىزنى قويۇپ، ئۆزۈم ئۇستۇمگە ئارتىۋېلىشقا يۈرىكىم چىدىسۇنمۇ؟! بولدى قويۇڭ، ئۆزىڭىزنى بىرقۇر ئوڭشىۋېلىڭ.

— كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بەرگەنمەن. كىيسەڭمۇ كىيىسەن، كىيمىسەڭمۇ كىيىسەن! — دادامنىڭ تەرسالىقى تۇتتى.

— كىيمەيمەن، دېدىم كىيمەيمەن.

— كىيمەيسەن؟

— ئۆزىڭىز. . .

— راستمۇ؟

— داستىخان تۇرۇپتۇ.

— مانا كىيمىسەڭ.

دادام رەھمەتلىكنىڭ مىجەزى ئىتتىكرەك كىشى ئىدى. شۇ ئارىلىقتا قانداق بولدى، قازان بېشىدىكى قاپاق

چۆمۈچنى ئېلىپ ئاپامنىڭ بېشىغا بىرنى سېلىپ قالدى. چۆمۈچ بېشىدىن ئاجراپ ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە چۈشتى. بىز چۆچۈپ كېتىشتۇق. ئاپام چېكىسىنى سىلىغىنىچە جىممىدە بوپ قالدى، ئۇنى يىغلامدىكىن دېۋىدىم، ئۇنداقمۇ قىلمىدى، ھەتتا كۆزىدىن بىر تامچە ياشمۇ چىقارمىدى.

شۇ كۈنى تاماقنى كۆڭۈلسىزلا ئىچىپ يېتىپ قالدۇق، ئەتىسى بىر كۈن ئاپام بىلەن دادام گۆدەك باللاردەك ماي تارتىشىپ يۈردى. دادام ئالدىغا كەلگەننى ئىچىپ زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ كېتەتتى. ئىككىنچى كۈنى زو مەزگىلىدە دادامنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ ئويغىنىپ كەتتىم. يوتقاندىن بېشىمنى ئاستا چىقىرىپ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا جوزىغا قارىدىم.

قىزىق ئىش، بىر كۈن تەتۈر قارىشىپ يۈرگەن ئاپام بىلەن دادام بىر ـ بىرىگە تولىمۇ يېقىن، چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇراتتى. تېخىمۇ قىزىق يېرى، ئاپام بېشىنى سىڭايان قىلىپ دادامنىڭ دولىسىغا قويۇۋالغانىدى.

— سېنى ئۇرۇپ قويۇپ ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىۋالىدىغانلىقىمنى بىلمەپتىمەن خوتۇن، — بۇ دادامنىڭ ئاۋازى ئىدى، — سېنى نېمىدەپ ئۇرىمەن، پۇلنى ئالمىغانلىقىڭ ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ئۇرمايمەن. . . سېنى ئۇرىمەن، خورلايمەن دەپ ئالمىغانتىمغۇ ـ ھە؟! سېنى ئۇرغان قولۇم سۇنۇپ كەتسۇن، ئوشتۇلۇپ كەتسۇن، ئۇگۇ. . .

— بولدى سۆزلىمەڭ، — ئاپام دادامنىڭ ئاغزىغا قولىنى ئاستا تەگكۈزدى.

— سۆزلەيمەن، نېمىشقا سۆزلىمەيمەن؟! مېنى دەپ، مۇشۇ ئۆيىنى دەپ، بالىلارنى دەپ يېشىڭدىن بۇرۇن قېرىپ بولدۇڭ، مەن ساڭا نېمە قىلىپ بېرەلىدىم؟ ئات يىلىدا، ئېشەك يىلىدا بېشىڭغا بىرەر ياغلىق ئارتىپ قويالىدىممۇ؟!

— گەپ لاتا - پىتىدە ئەمەس، خۇدايىم بۇيرۇسا پۇل خەجلەيدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ. شۇ چاغدا ھېيت - ئايەمنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈۋالىمىز.

— كېلىدۇ! — دېدى دادام ئاپامنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — زامان بۇنداقلا كېتىۋەرمەس، خۇدا بۇيرۇسا ئۇ كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ...

ئاپام تاتلىققىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاپامغا قاراپ داداممۇ كۈلدى. كۈلدى ئۆينىڭ تام - تورۇسى، ئىچى - تېشى، ئاسمان - زېمىن، پۈتۈن يەر - جاھان كۈلدى...

— كۈل خوتۇن، يەنە بىر كۈلۈۋەتكىنە، ماڭا قاراپ، بەللى... مانا شۇنداق. ئۇھ، مانا ئەمدى يۈرىكىم ساقايدى، كۆڭلۈم يورۇدى. باغرىم ئىسسىدى، ئوت كەتتى. زىمىستان، قار - شىۋىرغانمۇ ئەمدى مېنى مۇزلىتالمايدۇ، چاپاننىڭ كېرىكى قالمىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا سەن كۆڭلەك كىيىۋال. ماقۇلمۇ؟! شۇنداق قىل خوتۇن، يۈرىكىمنى يەنە ئازابلىماي دېسەڭ كۆڭلۈمنى قايتۇرما...

قەغەزدىن ياماقچە چۈشۈپ، جىنى ئارانلا قالغان پەنەر چىراغنىڭ ئاجىز، قىزغۇچ يورۇقىدا ئاپامنىڭ كىرپىكىگە ئىلىنىپ يالتىراپ قالغان سىمابتەك بىر نەرسىنى كۆرگەندەك بولدۇم، بۇ — ياش ئىدى.

«ئەجەب ئىش ـ ھە! دادام چۆمۈچ بىلەن شۇنچە قاتتىق ئۇرسا يىغلىماي ئەمدى يىغلىغىنى نېمىسى؟»

شۇ چاغلاردىكى گۆدەكلەرچە، ساددا ئەقلىم بىلەن ئۇ ياشنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام. . .

— ئالاي، — دېدى ئاپام بۇ قېتىم تارتىنىشىپ تۇرمايلا، — ئەمما، بىر شەرت بىلەن ئالىمەن.

— خوش؟

— مەن بەرگەننى سىزمۇ ئالىسىز،

— بەرگەننى؟

— ھەئە، بەرگەننى.

— نېمىكەن ئۇ؟

— نېمىلىكىنى ھازىر بىلىسىز، شەرت — نەدىن ئالغانلىقىمنى سورىمايسىز.

— سورىسامچۇ؟

— پۇلىڭىزنى ئالمايمەن.

— خۇدايىم ساقلىسۇن.

— ئەمىسە ماقۇل بولۇڭ.

دادام بولىدۇ دېگەن مەنىدە بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتتى. ئاپام ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، باش ياغلىقتەك بىر نەرسىگە چىگىلگەن يوغان بىر بوپىنى ئېلىپ چىقىپ دادامنىڭ ئالدىغا قويدى.

— مانا مۇشۇ نەرسە.

دادام بوپىنى ئېچىپ ھەيران قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، تولۇقلۇقتى.

— چاپان، چەكمەن چاپانغۇ بۇ!؟

— شۇنداق.

— بۇ. . . بۇ نەرسىنى نەدىن ئالغان؟
— ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟
دادام جىمىپ قالدى.

× × ×

شۇنداق قىلىپ ھېيتىمىز خۇشال - خورام ئۆتتى. ئەپسۇس، بۇ خۇشاللىق كۈنلەر ئانچە ئۇزاققا بارمىدى، دادام ئۆپكە كېسىلى بىلەن، ئاپام «شامال دارىپتۇ» دېگەن سەۋەب بىلەن تەڭلا يىقىلدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدى. ئاپامنى موللىغا ئوقۇتۇپمۇ، باخشىغا ئوينىتىپمۇ باقتۇق، كونا ئەملەرنىڭ بىر تىيىنلىق ئۈنۈمى بولمىدى. دادامنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارساق ئۆپكىسىنىڭ يېرىمىنى توپا - چاڭ يەپ تۈگىشىپتۇ، ساقىيىشتىن ئۈمىد يوق دەپ قايتۇردى. دادامنىڭ توپىدىن يىقىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆمرى خاماندا ئىشلەپلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ئىككى ئاغرىق. ئىككى كۆزىمىز تۆتۈلدى، ئىككى قانىتىمىز قايرىلدى، ئاپام بىلەن دادام بىر - بىرىگە قارىشىپ ئېغىر ئۇھ تارتىشاتتى. بەزىدە بىز بالىلارنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپمۇ كېتەتتى. چوڭلارنىڭ كۆزىدە ياش ئەگسە باشقىچە ئېچىنىشلىق تۇيۇلىدىكەن. ئۇلارنىڭ كېسىلى بارغانچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاق سۆڭەكلىرى تېشىغا بۆرتۈپ چىقىپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى، ھەر قېتىم دادامنى يۆتەل

تۇتسا بىر ئاش پىشمىغىچە توختىمايتتى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يېقىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان پاخشى كۈننىڭ يامىنىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاپامنى ئاپىسىنىڭ ئۆيى (ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئۆي) گە يۆتكەپ قويۇشتى، 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ ۋە 27 ـ كۈنلىرى① سەھەر... ھەي شۇ ئىككى سەھەر! كۈن كۆيۈپ، ئاي تۇتۇلغان، بىز ئۈچۈن قىيامەتكە ئايلانغان كۈنلەر بولدىغۇ، دۇنيادا مۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن. ئاپام بىلەن دادام خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، ئالدىنقى سەھەردە دادام، يەنە بىر سەھەردە ئاپام، ياق، بېشىمىزدىكى بۇ بىرجۈپ قۇياش ئالتۇن كىرپىكلىرىنى مەھكەم جۇپلەپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئاپامنى يەرلىكىگە قويغان كۈنى تۇيۇقسىز ئالتۇن ھالقىنىڭ گېپى بولۇپ قالدى، بۇ يەردە گېپى بولۇۋاتقان ئالتۇن ھالقا ئاپام رەھمەتلىكنىڭ ئىدى، ئۇنى كۆپ ئىزدەشكەن بولسىمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. بىراق، ئالتۇن ھالقا يوقالغىنى بىلەن دادامنىڭ ھېلىقى چەكمەن چاپىنى يوقالمىدى، ئۇنى كېيىنكى كۈنلەردە دادامنىڭ يۇغۇچىسىغا كىرگەن، دادام رەھمەتلىكنىڭ قىيامەتلىك ئاغىنىسى لېۋىر چوڭ دادامنىڭ ئۈچىسىدا پات ـ پات كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم.

1993 ـ يىل 3 ـ ئاي، غۇلجا

① 1973 ـ يىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# «يېتىم» قىز

ئاتا ئانامدىن كىچىك قېلىپ يېتىمچىلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقاچقىمۇ، يېتىم باللارنى كۆرسەم بۆلەكچىلا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ھەر قېتىم شەھەرگە كىرسەم، «ئەركىن بازار» دەپ ئاتىلىدىغان قايناق جايدا شۇنداق باللارنى تولىراق ئۇچرىتىمەن. گۆردىن ھېلىلا تارتىۋالغاندەك خۇنسىز چىراي، كىشىنىڭ ئىچىنى سىرىۋەتكۇدەك ئۇستۋاشلارنى كۆرگىنىمدە، ئۇمىد بىلەن سوزۇلغان قورايدەك قوللارنى قورۇق قايتۇرغۇم كەلمەيدۇ. يانچۇقۇمنى كولايمەن ـ دە، قولۇمغا چىققان پارچە پۇلنىڭ بەرىنى سەدىقە قىلىۋېتىمەن.

بۈگۈن ئەكىرگەن بىرھارۋا سامىنىمنى ئەتىگەنلىك بازاردا يامان ئەمەس پۇل قىلىۋالدىم. قورسىقىم ئۇبدانلا ئاچقانىدى، بازارنىڭ ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان مايلىق پېتىر مانتىسى بىلەن قورسىقىمنى راسا بىر تويدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاشپۇزۇلغا كىردىم، بىر كىشىلىك مانتىنى ئەكېلىپ «بىسمىللا» دەپ ئەمدىلا ئاغزىمغا ئاپىرىپ تۇراتتىم، ئالدىمدا يەردىن ئۈنگەندەكلا بىرقىز پەيدا بولدى.

— ئاكا، خۇدا يولىدا ئون تىيىن سەدىقە بەرسىڭىز، ئون تىيىن...

قىزنىڭ زەئىپ ئاۋازى ۋە ئادەتتىكى تىلەمچىلەرگە

www.uyghurkitap.com

ئوخشىمىغان ھالدا قارىسىغىلا پۇل تەلەپ قىلىشىدىن بىر ئاز ھەيران بولۇپ قايتىدىن سەپسالدىم. ئۇ ئون ياشلار چامىسىدىكى، چىراي - شەكلى سوقىچاق كەلگەن ئۇماققىنە قىز بولۇپ، ئۈستۈپشى تولىمۇ جۇلجۇل ۋە مەينەت ئىدى. گەز باغلاپ، قارىداپ كەتكەن لەۋلىرى، خۇنى قالمىغان چىرايىدىن ئاغزىغا ئەتتىگەندىن بېرى ھېچ نەرسە سالمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قىزغا قاراپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. بىر چاغلاردا يېتىمچىلىك دەردىدە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلدى، تاماقنى يالغۇز يېيىشكە كۆڭلۈم بارمىدى، قىزنى تارتىپ يېنىمغا ئولتۇرغۇزدۇم - دە، تەخسىدىكى ماتىنى ئالدىغا سۈردۈم.

— قېنى ئاۋۋال ماتا يەڭ، سىڭلىم.

ئويلىمىغان «ئامەت»تىن ھەيران بولغان قىز باش - ئايىغىمغا تازا بىر سىنچىلاپ قارىۋېتىپ، قاسماق باغلاپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ماتىنى ئېلىپ ئالدىراپ ئاغزىغا سالغىلى تۇردى.

— ئىسمىڭىز نېمە، سىڭلىم؟

— بەختىگۈل.

— ئاتا - ئانىڭىز بارمۇ؟

— يو... ق، ئۆ... ئۆلۈپ كەتكەن، — قىز شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، نېمىشقىدۇر كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ ئالدىدىكى تەخسىگە قارىۋالدى.

ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاشلا قارا يېتىم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى. يەنە ئارتۇق گەپ سوراپ ئۇنى ئىزا تارتقۇزۇشنى خالىمىدىم. قىزنىڭ قورسىقى

ئوبدانلا ئاچقانىكەن، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە تەخسىنى قۇرۇغداپ قويدى. ئاندىن مايىنىڭ يۇقۇندىلىرى قالغان بارماقلىرىنى تىلىنىڭ ئۇچى بىلەن پاكىز يالىۋەتتى ـ دە، قوللىرىنى جۇپلەپ نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە دۇئا قىلىپ بولۇپ سىرتقا ماڭدى، مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگەچ، بىر يۈەن پۇلنى قىزغا بېرىپ قويۇش ئۈچۈن پارچىلىتىۋالدىم.

— ۋاي جان! ۋاي قۇلىقىم...

ئاشپۇزۇلنىڭ سىرتىدىلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز بىردىنلا دىققىتىمنى تارتتى. بۇ دەل بايا مەن مانتا ئېلىپ بەرگەن قىزنىڭ ئاۋازى ئىدى. يۈگۈرۈپ دېگۈدەك سىرتقا چىقتىم ۋە ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. كىرلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقان داكا ياغلىق بىلەن يۈزىنى يېپىۋالغان ئوتتورا بوي، سېمىزراق كەلگەن بىر چوكان ھېلىقى قىزنى قۇلىقىدىن يۇلقۇشلاپ تارتقىنىچە ھەدەپ تىللاۋاتاتتى.

— ۋۇي نەپسى بالا ھارامى، ژىنىڭغا تىقىشنىلام بىلىسەن. ئاشۇ تويماس قارنىڭنى زادى...

— جېنىم ئاپا، مە... مەن پۇل سورىغان، ئۆزى مانتا بەردى...

«ئەسلىدە ئۇ يېتىم ئەمەسكەن ـ دە» بىچارە قىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازىدىن دەرھال شۇنى ھېس قىلدىم. بەدىنىم بىردىنلا تىكەنلىشىپ، جۇدۇنۇم قورۇدى، ئاۋۋالقى كەيپىم ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئالىقىنىمدا تۇتۇپ تۇرغان بىر يۈەن پۇلنى پۇرلاپلا يانچۇقىمغا تىقتىم. بۇ چاغدا ھېلىقى ئايال ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي، قولىدىن يۇلقۇشلىنىپ قاچقان قىزنى قوغلاش ئۈچۈن كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى،

مانا قىزىقچىلىق، ئايال يىقىلىش بىلەن تەڭ بېشىغا ئارتىۋالغان ياغلىق قايرىلىپ كەتتى. ئاغزىمنى ئېچىپلا قاپتىمەن، ئالدىمدا ئاشۇ پاسكىنا پەرەنجە ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئاجايىپ قاملاشقان بىر ئايال تۇراتتى. ئۇنىڭ يۇمۇلماي قالغان ئېغىزىدىكى ئالتۇن چىشلىرى... تۇۋا، ماۋۇ كارامەتنى، مۇنۇ ئايالنىڭ شۇ چىرايى، شۇ هالى، شۇ سالاپىتى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشى مۇشۇ بولسا ـ هە؟! ئۆزىنى ئاز دەپ دۇنيانىڭ هېچبىر راھىتىنى كۆرۈشكە ئۇلگۇرمىگەن كىچىككىنە نارەسىدە قىزىنىمۇ مىسقالچىلىك ئەجىر ۋە دەسمايە تەلەپ قىلمايدىغان پەس «ئوقەت» كە شېرىك قىلىۋالغىنىچۇ تېخى!

كۆز ئالدىمدا بىر پەستىلا يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن هەيران بولۇپ چەكچىيىپلا قالدىم. ئەتراپىمدىكى بۇ ئىشقا هەغدا بولغان «ۋىجدانى» بار، ئەمما ئاغزى بېشەم بىرنەچچەيلەن مەزكۇر هېكايە قۇرلىرىغا پۈتكىسىز پاسكىنا گەپلەر بىلەن هېلىقى سەتەڭ ئايالنى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقاردى. «خوپ بولدى» دېدىم ئىچىمدە، بۇ چاغدا هېلىقى ئايال ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ، ياغلىقىنى ئىرى ـ بىرىلا تۈزەشتۈردى ـ دە، خېلى يەرگىچە قېچىپ بارغان قىزىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى، ئۆزۈم قاتتىنىشىپ قالغان بۇ تاماشىنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقىنى بىلمىدىم. لېكىن، كۆڭۈل ئېكرانىمدا، ئاق رومال ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئادەم سىياقىدىكى جادۇگەرنىڭ دۇنيانىڭ هېچقانداق راھىتىنى كۆرمىگەن بىر مەسۇمەنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە مەجبۇرىي سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئېچىنىشلىق

كۆرۈنۈش ۋۇجۇدۇمدا غەيرىي بىر سېزىم پەيدا قىلدى.
«ھەي. . . ي!» دېگىنىمچە ھەسرەتلىك تىنىدىم ـ دە، قەدەملىرىمنى ئېغىر ـ ئېغىر يۆتكەپ ئاشپۇزۇل ئالدىدىن ئايرىلدىم.

1990 ـ يىل 2 ـ ئاي، غۇلجا

www.uyghurkitap.com

# موخوركا

ئىلگىرى ئۇ موخوركا چېكەتتى، چەككەندىمۇ ئاچچىقىنى چېكەتتى. كېيىن تىرىكچىلىك يولى بىلەن ئوقەتكە كىرىشىپ قالدى. ئوقىتى ئوڭغا تارتىۋېدى، موخوركىسىنىڭ ئورنىغا «ئىسپارخان» ماركىلىق سۈزگۈچلۈك تاماكا ئالماشتى. ئۇزۇنغا بارماي ئۇنىڭ ئورنىنى «قار لەيلىسى» ئىگىلىدى، نۆۋىتى كەلگەندە «قار لەيلىسىمۇ» قاتتىق قاپلىق «گۇاڭجۇ»غا ئورۇن بوشاتماي تۇرالمىدى. تاماكىلار ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىگە ئۆچىرەت بىلەن ئورۇن بوشىتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئائىلىسىدە «خوتۇن ياشلاشتۇرۇش» تەك كاتتا بىر ئىشنى قىلىپ، مەھەللىدە بىردىنلا «داڭلىق شەخس»كە ئايلىنىپ قالدى.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى قىزىق بولىدۇ ـ دە، قىزىق يېرى تېخى تۈنۈگۈنلا جاھان ـ ئالەمگە سىغماي، كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا «داستان» بولۇپ يۈرگەن «ئاخبارات» تىكى بۇ «مەشھۇر» شەخس بىر ئاخشامدىلا يەنە قايتا موخوركىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئەسلىدىكى ئادىتى بويىچە پىنەكچە يۆگەلگەن زەھەردەك ئاچچىق موخوركىسىنى چەككىنىچە تۆت بالىسى بىلەن تۇل قالغان ئايالىنىڭ قېشىغا باردى.

— بۇ تەرەپكە قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتىغۇ؟ — قوپاللا سورىدى ئايالى.

— يه. . . يەنىلا ئۆزۈمنىڭ مۈشۈ موخوركىسى ياخشىكەن.

ئۇنىڭ چىڭقىلىپ، دۈدۈقلاپ تۈرۈپ بەرگەن جاۋابى شۇ بولدى، باشقا ھېچقانداق گەپ قىلمىدى. قولىدىكى چېكىپ بولاي دەپ قالغان موخوركىسىنى قاتتىق بىر قانچە شوراپ تاشلىۋېتىپ، ئارقىسىدىن يەنە بىرتال موخوركا ئورىدى، قوللىرى روشەن تىترەيتتى. موخوركا ئوراشقا قولاشمايتتى. قىڭغىر - قىيسىق يىرتىلغان، پۈرلىشىپ كەتكەن گېزىت قەغىزى ئۈستىدىكى موخوركا يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

1996 - يىل 7 - ئاي. غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالجىغاندا قىلغان پاراڭلار

بۈگۈن ئەپەندى يىگىتنى تازىمۇ نەس باستى، ئۇ ئالدىدا جىن چىراغتەك پىلىلداپ قالغان نۇرسىز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان، رەڭگىرويى ئەتىيازنىڭ ئەگىز سۆيىدەك تېگى - تېگىدىن سېرىق، تۇرقى كاساڭ قورايدەك ئاۋاق ۋە كۆرۈمسىز مۇنۇ ئايالنى بۇنچىۋالا چېچىلىپ كېتىدۇ دەپ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدىلا مەقسىتىنى ئايالغا ئېيتىپ قايتىپ كېتىش نىيىتىدە گەپكە ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا ئايال ئۇنىڭدىن ئاۋۋال قايناپ سۆزلەپ كەتتى.

— خوش، ئەپەندى ئۇكام، بۇ تەرەپلەرگە قەدىمىڭ يېتىپ قاپتىغۇ؟ ھەرقاچان پۇل دەپ كەلدىڭ. پۇل بەرسەم بالىلارغا مەكتەپ دەرۋازىسى ئوچۇق، بولمىسا يېپىق، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا مۇرادىڭغا يېتىدىكەنسەن. بىزدە پۇل يوق، جان بار، ئىسسىق جان، شېرىن جان، قەدىرلىك ھەم قەدىرسىز جان، پەقەت شۇلا بار. بىراق، بۇنى سېتىشنىڭ ئورنى يوق. قان، راست قان دېسەڭ تەييار. ئالساڭ ساتاي، نېمە قىلىمەن دەمسەن؟ ئەخمەق، ئاپىرىپ ئىچمەمسىلەر. تاتلىق قان، چۈچۈمەل قان، شارابتەك مەست قىلالمىسىمۇ كۆڭلۈڭلەرنى خۇش قىلالايدۇ، جېنىمىزنى دېھقانچىلىقتا، قېنىمىزنى سىلەرگە ساتايلى، ئاڭلىسام شەھەردىكى دوختۇرخانىلاردا يۈزگىرام

قاننى ئوتتۇز تەڭگە دەيدۇ، مەن ئۇنىڭدىن ئەرزەن بېرىمەن. بىز دېھقان خەقنىڭ نېمىسى قىممەت بولۇپ باققان؟ ھەممىسى ئەرزان، گۆلى ئەرزان، نېنى ئەرزان، جېنى ئەرزان، قېنى ئەرزان، يېرىم كىلو قان ساتسام تۆت بالامنىڭ ئوقۇش خەجىنى كۆتۈرۈپ قالىدىكەن. قارايسەنغۇ؟ بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار. باللار ئوقۇغان شۇ مەكتەپتە ئىلگىرى بىزمۇ ئوقۇغان، سەنمۇ ئوقۇغان، ھەممىمىز ئوقۇغان. ئۇ چاغلاردا بېرىش ئەمەس، مەكتەپ تەمىناتىدىن ئاز - تولا بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتۇق. ھازىرچۇ؟ شۇلۇۋالىدىغان، ئالىدىغان يېرى بولسىلا ئېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ باللارغا سېلىۋاتقان سېلىقى ئېشەك تۇكىدىنمۇ كۆپىيىپ كەتتى. باللار كېلىپ بىزگە دەيدۇ. بىز كىمگە دەيمىز؟ خۇداغىمۇ؟ ياق، ھازىر بىز خەققە خۇدانىڭمۇ ئىچى ئاغرىمايدىغان بولۇپ قالدى. نەم توپىغا كۆمۈپ قويغان ئۇرۇقىمىزنىڭ تەڭ يېرىمى ئاپەت بىلەن تۇگەيدۇ، «بارنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەمچى» دەپ كەچ كۈزدە مىڭ جاپادا ئالغان ئاز - تولا ئاشلىقىمىز. . . دېمەك شۇنداقلا گەپ، يەرگە ئىشلەپ كۆتۈرەم بولۇپ بولدۇق، يا ئۇچىمىزغا كىيگەننى، يا قورساققا يېگەننى بىلمەيمىز. ئايدا تۆت سەر گۆش كۆرمەي بولۇپ قالغان تۇرقىمىز ماۋۇ، ئەمدى ئۆتەپ - تېشىپ سىلەر بۇ سېلىقنى سالىمىساڭلارمۇ ئۆزىمىزنىڭ دەردى ئۆزىمىزگە يېتىپ ئاشاتتى، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال، دەپ يەنە تېخى ئارا كۈندە بىر تۆمۈر - تەسەك، قەغەز، بوتۇلكا، ئۇستىخان دېگەندەك ئۇمرۇمدە ئاڭلاپمۇ باقمىغان سېلىقلارنى سالىدىغان بولۇۋاپسىلەر، ئاپىرالمىسا مەكتەپكە

كىرگۈزمەيدىكەنسىلەر، بىچارە بالىلار مەيۋەڭلاردىن قورقۇپ نەدە ئەخلەتخانا، نەدە چاۋا ـ چاتقال. بۇندا كارىزلىرى بولسا شۇ يەردىن ئەگىپ كېتەلمەيۋاتقان، ھېلىمۇ ئاشۇ نارەسىدىلەرنىڭ شۇ ئەسكىلىكلەر ئارىسىدا ئەقلىدىن ئاداشماي، كېسەل بولماي يوروۋاتقىنىغا ھەيرانمەن. ئەگەر ئىشلار مۇشۇنداقلا بولسا سىلەر بىزگە بالىنى ئۆلك ئەمەس، ساراڭ قىلىپ بېرىدىغان ئوخشايسىلەر، بىر ساراڭنى ئىككى قىلىپ بەرمىسەڭلارمۇ جەمئىيەتتىكى «ساراڭ» لىرىمىز يېتىپ ئاشاتتى. بۈگۈن خويمۇ چىرايلىق كېلىپ قاپسەن، ئالدىڭدا ئوچۇقلا دەپ قوياي، بالىلىرىمنى ئوقۇتالمايمەن، ئۇلارنى ئوقۇتقۇدەك چامىممۇ يوق، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى توخۇلىرىمنىڭ تۇخۇمى بىلەن بىر ئامالىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتىم، ھازىر ئۇلارمۇ تۇغماس بولۇۋالدى. گەپ شۇ، خوش ئەمىسە.

— توختاڭ ھەدە، دەرۋازىنى تاقىماي تۇرۇڭ، دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرا، بىراق... ئە... ئىم... مەن سىزگە چۈشەندۈرسەم...

— بولدى چۈشەندۈرمەيلا قوي، قۇلاقىقا داپ ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان ئۇنداق ۋەز ـ نەسىھەتنى ئاڭلىغۇممۇ يوق، ئەپەندى باشلىقنىڭ كەلگەن بولسا جىق گېپىم بار ئىدى. خەير، سەن كەپسەن بالامنىڭ ئورنىدىكى بالىكەنسەن، ئىززىتىڭنى ساقلاپ ئاستا كېتىۋال. بولمىسا ئالا بويناققا تالىتىۋېتىمەن. ئاڭلىدىڭمۇ؟ ھىم... مېنى رەھىم قىلمىدى، دەپ قالما.

— ئۇنداق دېمەڭ ھەدە. بالىلارغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. ئۇلار...

— ئاغرىيدۇ، ھېلىمۇ ئاغرىۋاتىدۇ. [illegible]سا قانداق قىلاتتىم، ئاچىقىپ ئۆزۈمنى ساتسام [illegible]مدۇ شۇ[illegible]
— ئۇنداق بولسا قانداق قىلا، [illegible]سىز؟
— بالا ئۆزۈمنىڭ قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن. يەنە بىرقېتىم دەپ قوياي، يولۇڭغا ئاستا كېتىۋال. قوروق گېپىڭنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى، ئەمدى بىر ئېغىز كاپشىيدىغان بولساڭ...
— كاپشىيمەن. بالىلار ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى، كەلگۈسى ئۈچۈن كاپشىيمەن. بولدى، ھازىرچە يولىڭنى گېپىمنى قويۇپ تۇرايلى، ئاۋۋال بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتىشكە ماقۇل دەڭ. بولمىسا بوسۇغىڭىزدىن...
— چىرايلىق گەپلىرىڭگە ئۆلەيمۇ، ھۇشىارە، كەتمىگىنىڭنى بىركۆرەي، ھاي ئېماش، ئىتنى قويۇۋەت، بول چاققان. يېشەلمىدىم دەمسەن؟ ئۈزۈۋەت، قازان بېشىدا پىچاق بار، ئۇيۇقتا كەكە، كېسىپ تاشلا، «ھاۋ... ھاۋ» ھەببەللى، ھوت كوش... كوش. پاچىقىدىن ئال، مونۇ گەپ ئاڭلىماس ياغاچ قولاقنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى ئۈزۈۋال، بوسۇغامغا ئىككىنچى يولۇماس قىلىۋەت.
ئىت ئېتىلدى، قويغا تاشلانغان بۆرە، كەپتەرگە ئېتىلغان لاچىندەك ھەيۋە بىلەن ئېتىلدى، مۇئەللىم قاچتى، ۋېلسىپىتىنىڭ پىدالىنى بار كۈچى بىلەن تېپىپ، ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى، ئىت دېگەن بەربىر ئىت - دە، ئوڭدا تىماي يېتىشىۋالدى. مۇئەللىم يىگىتمۇ چاققان ئىكەن، ئىت ئۇنىڭ پاقالچىكىگە ئېغىز سالغۇچە

ئۇ ئۆزىگە ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ۋېلسىپىتنى
ئىرغىپ چۈشۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالدى. ئىتتوك —
تۆكىنى يەپ قاۋايتتى، ھۆرپىيىپ، خىرس قىلىپ،
جەھلى بىلەن ئېتىلاتتى. يىگىت ۋېلسىپىتنى كۆتۈرۈپ
مەيۋە قىلىپ ھۇجۇمنى توساتتى. يەردىن تاش — داڭگال
تېرىپ ئاتاتتى. ئەنە شۇنداق بىرھازا جېدەل ۋە كەسكىن
ئېلىشىشتىن كېيىن ئۇ قارغىش تەككۈر مۇنۇ ئىتتىن
ئاران دېگەندە قۇتۇلدى. ئىت مۇئەللىم يىگىتنى
شاۋقۇن — سۈرەن، قىيا — چىيا ئىچىدە ئۇزىتىۋەتكەندىن
كېيىن ئىگىسىنىڭ ئالدىغا مەغرۇر قايتىپ كېلىپ،
قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئايالنىڭ پېشىنى يالاپ قويدى.
— كەل قوزام، كەل ۋاپادارىم، — ئايال ئىتنىڭ
بېشىنى مېھرى بىلەن سىلاپ سۆزلەپ كەتتى، — ھازىرقى
ۋاقىتتا بىز خەقنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان ۋاپادار،
ئىنساپلىقتىن پەقەت سەنلا قالدىڭ. توختا، دېسەم
توختايسەن، ئال، دېسەم ئالىسەن. ئادەملەرچۇ؟ ئۇنداق
ئەمەس بولۇپمۇ بەزى ئەمەل، ھوقۇق تۇتقانلىرى بەك
ياۋۇز، ئاچ كۆز بولۇپ كەتتى، ئۇلارغا پۇل بولسا،
مەنپەئەت تەگسىلا بولدى، دېگىنىنى بەرسەڭ كۈلۈپ
كېتىدۇ، بېرەلمىسەڭ ئىتتەك تالايدۇ، ئۆلۈپ
كېتىۋاتقىنىڭ بىلەن بىرپاي كارى يوق. سەن چىشلەيسەن،
ئىزىڭ تەندە قالىدۇ. ئۇلارنىڭچۇ؟ يۈرەككە، ئۇنىڭدىنمۇ
چوڭقۇر يەرلىرىڭگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، جاراھىتى مەڭگۈ
ساقايمايدۇ، بايىقى سۇلتەك ئەپەندىنى خويمۇ جايىدا
بابلىدۇق، ئۇنى قوغلىۋېتىپ جاھان ئىش قىلدىڭ. ئۇنىڭ
ئادەم ئالدايدىغان چىرايلىق گەپلىرىنى ئاڭلىغانسەن.

ئەمەلىيەتتە ئۇ ياخشى گەپ ئەمەس، ئادەم چىشلەشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى، ئۇلاردا ھىيلە. ئۇسۇل دېگەن كۆپ، قاۋاپ تۇرۇپمۇ، ھىجىيىپ تۇرۇپمۇ، ئەركىلەپ تۇرۇپمۇ، ماراپ تۇرۇپمۇ چىشلەيدۇ، يىغىپ كەلسەڭ ھەممىسى بىر چىشلەش، ئىنساپ بىلەن چىشلىسىمۇ بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئەمما جىنازىدەك تۇرقۇڭنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە ئۆزى خالىغانچە چىشلەيمەن، دېسە بۇنىڭغا چىدىغىلى بولامدۇ. ئۇ ئەمدى كەلمىسۇن، يەنە كېلىدىغان بولسا بوش قويمايمەن. سەن چىشلىمىسەڭ مەن چىشلەيمەن، تېنىنىڭ ئەمەس يۈرىكىنىڭ بىرپارچىسىنى ئۈزۈۋالىمەن. چىشلەشنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن. پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزىگە سالسۇن، ئاغرىمىسا بىزگە. ئۇ ئەسكىلەرگە ئۆزىمىزنى چىشلەتمەسەكمۇ دادۇيدىكى سامان قورساقلارنىڭ چىشلەۋاتقىنى يېتىپ ئېشىۋاتىدۇ. توغرا دېدىمۇ ۋاپادارىم؟ خەق تېخى سېنى يۈزىدە تۈكى بار مەخلۇق دېيىشىدۇ، تۈك بولسا نېمە بوپتۇ؟ تۈك دېگەننى خۇدا بەرگەن. ئۇ سېنىڭ ئەسكىلىكىڭنىڭ ئالامىتى ئەمەس، يۈزىدە تۈكى يوقلارنىمۇ كۆرۈۋاتىمىزغۇ. قېنىمىز بىلەن سۇغۇرۇپ، مېھرىمىز بىلەن پەرۋىش قىلغان ئاشلىقىمىزنى قىپقىزىل دانغا ئايلاندۇرۇپ ئالدىغا ئاپىرىپ بەرسەك يەنە رازى قىلالمايمىز. كىم يامان؟ بىز يامان، كىم سېسىق؟ بىز سېسىق. كىم نامرات؟ يەنە بىز نامرات. «بوزەكنى بوزەك قىلمىساڭ قىيامەتتە سورىقى بار» دەپ يەنە بىزنى چىشلەيدۇ. غاجايدۇ. مەيلىگە قويۇپ بەرسەك يۇتۇۋېتىشتىن يانمايدۇ ئۇ ھارام تاماقلار. خۇدايىم بىز خەقنىڭ زۇۋۇلىسىنى ئەجەب كىچىك ئۈزۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قويۇپتىكەن. شەرىئەتتىمۇ ئۆشرە ــ زاكاتنىڭ قىرىقتىن بىرقىسمىنى پۇلى بار، دۇنياسى بار بايلارغا، ئۇندىن بىر قىسمىنى بىزگە قالدۇرۇپتۇ. ۋاي تووۋا، كۆردۇڭمۇ ماۋۇ تەڭشەلمىگەن ئالەمنى، بىز شور پېشانىلەرگە يا خۇدانىڭ، يا بەندىلەرنىڭ ئىچى ئاغرىمىسا. زادى قانداق جاھان بولۇپ كەتتى بۇ؟ ئالىدىغىنىڭنى بىراقلا ئال، دەپ چاپاننى دولاڭغا سېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەي دېسەڭ يەنە بولمىغان. كەتمەي دېسەڭ تېخى، ئۇھ، ساڭا جىقلا سۆزلەپ كەتتىم ھە قوزام. تولا ۋالاقلاپ قورساقلىرىڭنىمۇ ئاچۇرۇۋەتتىم. ئالجىغان ئىگەڭنىڭ كۆڭلىنى. ئالجىغاندا قىلغان پاراڭلىرىنى توغرا چۈشىنەرسەن، يۈر ئەمدى كىرىپ كېتەيلى. ساڭا ئۇماچ چېلىپ بېرەي. ئۇمچىڭنى ئىچ، مەن كىرىپ قايناق سۈيىمنى ئىچەي.

1994 ــ يىل 3 ــ ئاي، غۇلجا

# مەن دېگەندەك بولسۇن

بۈگۈن سىنىپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر ئاز قايناپ قالدى.

— سەن ياغاچ قولاقلارغا، — دېدى ئۇ قولىدىكى گەزنى ئۈستەلگە ھەيۋە بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ، — يۇيۇش - تارىشىڭ رەتلىك، ئۈستۈبېشىڭ پاكىز بولسۇن، دەپ قانچە رەت دەيمەن. نېمىدېگەن مەينەتچىلىك، نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق بۇ. تۇرە ھاي مىس باش، سېنى دەۋاتىمەن، بېشىڭنى چاتىرىقىڭغا تىقماي تۇرە ئورنۇڭدىن، يۈزلىرىڭ نېمىگە ئوخشاپ قالدى سېنىڭ؟ ئەينەككە بىرقاراپ باقە، خۇددى قىزىل پاچاق مايمۇننىڭ ئۆزى. سېنىڭچۇ ياكاش؟ كاسىپنىڭ قولىدەك ئاشۇ قوللىرىڭ بىلەن تاماق يەپ يۈرۈۋاتامسەن بىغەرەز. كۆزۈڭدىكى قەقەچلەرنى تازىلاۋەتسەڭ بولمامدۇ ھەي يارى، چىۋىن چىچىپ قۇرتلاپ كېتەي دەپتۇ. يائاللا مۇنۇ تىلەكىنىڭ بوينىدىكى قاسماقلارنى ھېلىمۇ پىت - بۈرگىلەرگە يەم بولماي يۈرۈۋېتىپسەن جۇمۇ. ئۈستۈبېشىڭدىكى نېمە چاڭ - توزان بۇ ياقۇپ؟ ئەتىدىن - كەچكىچە ئېشەككە ئوخشاش تۇپىدىلا ئېغىناپ يۈرەمسەن كالۋا؟ ئىسىت بىچارە ئاتا - ئاناڭنىڭ يېمەي - ئىچمەي قىلىپ بەرگەن كىيىملىرى.

ھوي، ھەرقايسىڭ پاكىز، چىرايلىق يۈرۈشسەڭ مەن ئۇچۇن يۈرۈشۈپ بېرىشەمسەن شۇمتەكلەر؟ نەرىڭ ئادەم

بالىسىغا، نەرىڭ ئوقۇغۇچىغا ئوخشايدۇ سەن خەقنىڭ؟ ئاغرىق ـ سىلاق، تۇرلۇك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىشەمسەن؟ دەل مۇشۇنداق مەينەتچىلىك، پاسكىنىچىلىقتىن. پاكىز بولۇشمىساڭ تۆت كۇندىلا ئەقلىڭدىن ئادىشىپ، ساراڭ بولۇشىسەن، كېسەل بولۇپ. . . يەنە بىرقېتىم دەپ قوياي، ئەتىدىن باشلاپ ھەرقايسىڭ ئۆزۈڭنى بىرداس يىلمان سۇغا چىلاپ، سوپۇن بىلەن پاكىز ئادالاپ كېلىش، بولمىسا سىنىپتىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىمەن، ئاڭلاشتىڭمۇ؟ ھە ئاڭلاشقان بولۇشساڭ مەن دېگەندەك بولسۇن. ئاخىرىدا دەپ قويىدىغان مۇھىم بىرگەپ: مەكتەپ تەشكىلى ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئىككى كىلودىن قەغەز، بەش كىلودىن ئۇستىخان، ئۇچ تالدىن پىۋا بوتۇلكىسى ئەكېلىشنى تاپشۇردى. مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە تاپشۇرۇپ بولىسىلەر، بولمىسا. . . نىمە؟ نەدىن تاپىمىز، دەمسىلەر؟ ھۇ كالۋالار، نومۇس قىلماي دەۋاتقان گېپىنى سىلەرنى بۇلۇڭ ـ پۇشقاق، خالتا كوچا، ئەخلەتخانا، يۇندا كارىزلىرىغا ئۆزۈم باشلاپ بارسام بولامتى ئەمىسە؟ گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. نەدىن تاپساڭلار تېپىپ كېلىڭلار. ئىشقىلىپ مەن دېگەندەك بولسۇن.

1994 ـ يىل 4 ـ ئاي، غۇلجا

# بىھۇدە كەتمىگەن بەدەل

شۇنداق قىلىپ شەھەرلىك ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپى ئاچقان ئىشتىن سىرتقى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش سىنىپىغا كىرئۇالدىم. بۇ مېنىڭ ئۇزۇندىن بېرىقى ئارزۇيۇم ئىدى. مەن مۇدىر ئىشخانىسىدا مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كىشى مېنى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر سىنىپقا ئېلىپ كىردى، سىنىپتا ئولتۇرغۇدەك ئورۇنمۇ قالمىغانىدى، ياشلىرىمىزنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىغا ھەقىقەتەن ھەۋەسىم كېلىپ قالدى.

بىزگە گۈەن فامىلىلىك بىر شۇۋە ئوقۇتقۇچى دەرس بېرىدىكەن. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئانا تىلىدەك راۋان سۆزلەيتتى، مىجەزىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى، باللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن دەرس ئارىلىقىدا ئانچە - مۇنچە چاقچاقمۇ قىلىپ قوياتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتۇق، باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەڭ قۇراملىق ياشلار بولۇپ، ئوغۇللارغا قارىغاندا قىزلار كۆپرەك ئىدى. گۈزەللەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار باشتا بىر - بىرىدىن قورۇنۇپ يۈرۈشتى. كېيىن، يەنى بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئاسانلا ئۆزلىشىپ كېتىشتى ۋە يەنە كېيىن. . .

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى دەپ كەلسەك بۇ بىر قىزىق ھېكايە. ئاشۇ كېيىنكى كۈنلەردە سىنىپنىڭ ئەسلى

تەرتىپى بۇزۇلۇپ، قىزلار بىلەن ئوغۇللار تەپ تارتمايلا ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق، جۈپ - جۈپى بىلەن ئولتۇرىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. بۇ ھال سىرتتىن قارىغان كىشىگە بەئەينى كىنوخانىنىڭ تەرتىپىنى ئەسلىتەتتى. پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىشىدىغان باش - ئايىغى يوق خۇپىيانە پاراڭ ۋە مەخپىي ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان كۇسۇر - كۇسۇر ئاۋازلار بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ دىققىتى بىردىنلا چېچىلىپ كېتەتتى، ئوقۇتقۇچى باشتا يۇمشاق ئەمما خېلى تېگى بار گەپلەر بىلەن ئۇلارنى بىرقانچە قېتىم تەرتىپكە چاقىرغانمۇ بولدى، بىراق پايدىسى بولمىدى، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى سورىمىغان، يەنە كېلىپ بويىغا يېتىپ قالغان بۇ بالىلارنى ئارتۇقچە خىجىل قىلىپ قويۇشنى خالىمىدىمۇ، كېيىن گەپمۇ قىلماي دەرسنى ئۆتۈۋېرىدىغان بولدى.

— ھوي ئاغىنە؟ — دېدى بىر كۈنى ئانچە كۆپ پاراڭلىشىپ كەتمەيدىغان، ئۇچىسىغا ئالا - پاساق كىيىملەرنى كىيىپ غەلىتىلا يۈرۈيدىغان ئابلىمىت ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم، — سېنى مۇخبىر دەپ ئاڭلايمەن، راستمۇ؟

— شۇنداقراق.

— شېئىر يازىدىغان مۇخبىرمۇ، ھېكايە يازىدىغان مۇخبىرمۇ؟

كۈلكىدىن ئۆزۈمنى ئارانلا بېسىۋېلىپ گېپىگە لايىقىدا جاۋاب بەردىم.

— چۆچەك يازىدىغان مۇخبىر.



www.uyghurkitap.com

— ۋاھ، كاساپەتنى قارا، چۆچەك يازغان يەردە شېئىرمۇ يازىدىغانسەن؟

— كۆپ ئەمەس.

— مۇھەببەت شېئىرلىرىچۇ؟

— پەيزىم تۇتۇپ قالسا.

— ئاغزىڭغا ناۋات ئاغىنەم، مەن. . . ياق، قېنى تاماكا چەك، — ئۇ يانچۇقىدىن «قار لەيلىسى» ماركىلىق تاماكىدىن ئىككى تال چىقىرىپ، بىرىنى ماڭا سۇندى ـ دە، گاز چاقمىقىنى قاسىدە ياندۇردى.

— قانداق، بىرەر ئىشىڭ بارمىتى؟ — سورىدىم ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن كۆڭلۇم بىرئىشنى سېزىپ.

— نېمە دېسەم بولار، — دېدى ئۇ تاماكا ئىسىنى ئاغزىدىن بۇرغۇي شەكلىدە چىقىرىۋېتىپ، — گېپىمنى ئۇدۇللا دەۋېرەي، ھە، ساڭا مۇھىم بىر ھاجىتىم چۈشۈپ قالغان.

— خوش؟

— بىر پارچە خەت يېزىپ بەرسەڭ.

— خەت؟

— ھەئە، مۇھەببەت خېتى.

— بۇ. . .

— ئۆتۈنۈپ قالاي جېنىم ئادىشىم، — يالۋۇرغىلى تۇردى ئۇ، — ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ شۇ بولۇپ قالسۇن.

— كىمگە؟

— ئاسىيەگە، مەن بىلەن بىللە ئولتۇرىدىغان ئەتلەس كۆڭلەككە.

— ياخشى كۆرۈپ قاپسەن ـ دە؟ — كۈچەلاپ

سورىدىم.

— ئۇنى بىردېمە، باشقا يېرىمۇ ئەمەس، كاساپەتنىڭ كۆكسى بىلەن خۇلقى... كۆلسەنغۇ؟ خوتۇن كىشىنىڭ چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچمەيسەن، خۇلقى بولمىغان خوتۇننىڭ كالىدىن نېمە پەرقى؟ ئىلگىرى مەنمۇ نى ـ نى سەتەڭلەر بىلەن ئارىلاشقان، بىراق بىرسىمۇ دىتىمغا ياقمىدى، نېمىشقا؟ يېنىغا بارساڭ كالىدەك پۇشۇلداپلا تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن...

— ئاسىيەگە ئېغىز ئېچىپ باقتىڭمۇ؟

— باقمامدىغان، نەچچەقېتىم چاقچاقتا يۆلىگەن بولۇپ دېدىم. غىڭشىپلا تۇردۇ.

— ئۇنداق بولسا ئارىلىشىۋاتقىنى باركەن.

— نەدىكىنى، جىق سۇرۇشتۇردۇم، ھېچكىم بىلەن... ماقۇل دەۋەتكىنە ئاداش، مۇھەببەت شېئىرلىرى بىلەن راسا قاتۇرۇپ بىرپارچە خەت يېزىپ بەرسەڭ چوقۇم... ئەگەر شۇنداق بولسىلا ئۇ گويى بىلەن...

— ھە، ئۇ گويى بىلەن نېمە؟

— قاسسىدە ئەلچى كىرگۈزۈپ، تۆمۈرنى قىزىقىدىلا سوقۇۋېتەتتىم.

بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا نېمە دەيمەن. كۆڭلىنى ياندۇرۇشقا رايىم بارماي، ئاخىر ئۇنىڭغا قاتۇرۇپ بىرپارچە خەت يېزىپ بەردىم. ئەپسۇس، بۇ خەت بىلەن ئۆزۈمگە تۈگىمەس يىڭنە ئىشى تېپىۋالىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي. بۇ خەت يېزىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي «شېئىر يازىدىغان مۇخبىر»لىقىم سىنىپ ئىچىگە پۇر كەتتى. ئاران تۇرغان «مەجنۇن»لار بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمنى ئاغرىتقىنى

تۇردى. ھەي. . ي، نېمە بىر پۇقنى يەپ ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ يۈرگەندىمەن. باشتا ئۆزۈمنى خېلى ئاپقېچىپ يۈردۈم. كەسكىن رەتمۇ قىلىپ باقتىم، بولمىدى، ئاخىر مۇستاپا ئەمىننىڭ مۇھەممىتىگە① ئوخشاپ قالدىم. ساناپ باقسام. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يىگىرمە نەچچە بالىغا خەت يېزىپ بېرىپتىمەن. كېيىن. . . ھەي، شۇ كېيىننى ئويلىسام تېخىمۇ كۈلكىلىك بىرئىش، مەن خەت يېزىپ بەرگەن ھېلىقى مەجنۇنلار راست مۇرادىغا يېتىشۋالدىمۇ، بۇنىسىنى بىلمەيمەن. بىلىدىغىنىم پەقەت بىرلا نەرسە، يەنى ئۇلار ئانچە ئۇزۇنغا بارماي مەكتەپتىن جۇپ - جۇپى بىلەن يوقىلىپ، ئاخىر بىراقلا كەلمەس بولدى. سىنىپتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتىمىزلا قاپتۇق. بىر كۈنى مەكتەپ مۇدىرى بىزنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، بالىلارنىڭ كېلىپ - كېتىش ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان كۆز قارىشىنىڭ سۇسلاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا بىر توقاي چېچىلدى.

— رەنجىمەيسىلەر ئۇكىلىرىم، — دېدى ئۇ ئاخىر گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلىپ، — ئەھۋال مانا شۇنداق، سىلەرنى دېسەكقۇ خويمۇ ئوقۇتقۇچىمىز بار، بىراق بىر ئوقۇتقۇچىنى ئاۋارە قىلغانغا چۇشلۇق ئىش بولمايۋاتىدۇ. ئەمدى بۇ سىنىپنى تاقىۋېتىشتىن باشقا چارە قالمىدى.

نېمە دەيمىز. دېمىسىمۇ مۇدىرنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش كەچ كۇرسىغا ئۆتەتەك كىرىپ، پوقتەك سوۋۇپ قايتتۇق،

① تۇنجى مۇھەببەت» رومانىدىكى پېرسوناژ.

www.uyghurkitap.com

ئاردىن بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى ئارقا ـ ئارقىدىن يەتتە، سەككىز پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەتلەر ھېلىقى «مەجنۇن»لاردىن كەلگەنىدى. خەتلەرنى ئېچىپ كۆردۈم. ھەممىسىنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش دېگۇدەك ئىدى. خەتتە ئۇلار كۈنلىرىنىڭ تولىمۇ مەنىلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ۋە ماڭا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەپ يېزىپتۇ، بۇ يەردە مۇئەللىپ ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىغا شۇ خەتلەرنىڭ بىر پارچىسىنى ئالاھىدە يەتكۈزۈپ قويۇشنى زۆرۈر تېپىپ قالدى.

«قەدىرلىك ئاغىنەم»، — دەپ يېزىپتۇ خېتىدە ئابلىمىت ئىسىملىك ساۋاقدىشىم، — تېخى خەۋەرسىز بولۇشۇڭ مۇمكىن، سەن يېزىپ بەرگەن خەت راستىنلا كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئاسىيە بىلەن يۈرۈپ قالدىم. كۈنلىرىمىز... ئەمدى نېمە دېسەم بولار، ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى سائەت بۇرۇن ئاجايىپ دەبدەبە بىلەن مەكتەپكە ماڭىمەن. مەكتەپنىڭ گېپى بولسا ئىدارىدىكىلەرمۇ ماڭا چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئاسىيەمۇ ھەم شۇنداق. ئۇ سائەت تۆتلەرگە قالماي قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرىنى ئوينىتىپ، مەن كۈتۈپ تۇرغان يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز... مەن ھەر قېتىم ئاسىيە بىلەن بىللە بولغاندا ئىختىيارسىز سېنى ئېسىمگە ئالىمەن ۋە ساڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەي قالىمەن. مۇھەببىتىمىزنىڭ شەربىتى ئۈچۈن سېنى راسا بىر ئويناتسام بولاتتى، ھېلىمۇ كۆڭلۈمدە بار. يىغىپ ئېيتقاندا، مەكتەپكە بارغىنىم، تۆلىگەن بەدەللىرىم بىكارغا كەتمىدى. ئىلگىرى مېنىڭ ئىككى ئاغىنەم ئۇ يەرگە

ئوقۇش باھانىسى بىلەن بېرىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئىككى
قىزنى تېپىپ توي قىلىۋالغانىدى، يەنە بىر بويتاق
ئاغىنەممۇ (بىر قېتىم ئۆيلەنگەن) مېنى كۆرۈپ قىزىقىپ
قالدى. يېقىندا ئۇمۇ كەچ كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرمەكچى،
سىرتىڭدىن ئۇنى ساڭا تونۇشتۇرۇپ بولدۇم ھەم ئۇدۇل
بېرىپ سىلەرنىڭ سىنىپقا كىرىپ ئوقۇشىنى تاپىلاپ
قويدۇم. ئىسمى پەخىردىن، بولىدىغان بالا، مەن ئۇچۇن
ئاشۇ ئاغىنەمگە بىرقېتىم كۆڭۈل بۆلۈپ قويارسەن. يەنە
بىرگەپ، بۇ يىل كۈزگە تارتىپ ئاسىيە ئىككىمىز توي
قىلماقچى بولۇۋاتىمىز. خۇدا نىسىپ قىلسا سېنى تويغا
ئالاھىدە چاقىرىپ، يىگىت قولدىشى قىلىمەن.

دەپ ئاغىنەڭ ئابلىمىت»

1992 ـ يىل 4 ـ ئاي، غۇلجا

www.uyghurkitap.com

# ئوغۇل بالىدىن ئامەت قاچقاندا

بەزىلەر مال ـ دۇنيارىڭغا دوست،
بىرمەھەل يانچۇقتا بارىڭغا دوست①.

بەللى، يۈرەكتىكى گەپنى قىپسەن كاساپەت، بىراق، ئازراق چالىسى باردەك قىلىدۇ. «بەزىلەر» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئادەملەر» دەپ ئالماشتۇرغان بولساڭ تېخىمۇ جايىدا بولۇپ كېتەتتىكەن. كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە سەممىي نىيەت بىلەن قاراش پۈتۈنلەي ئەخمەقنىڭ ئىشى، سېنى بۇ مۇناسىۋەتكە چېتىپ تۇرغان نەرسە: پۇل، ھوقۇق، بايلىق، بۇ ئۈچىدىن ئايرىلدىڭمۇ، بولدى «دوستلۇق» پەردەڭ شەرمەندىلەرچە يىرتىپ تاشلىنىدۇ خالاس. . . بىزمۇ دوستى يوق، ئاغىنىسى يوق ئادەملەردىن ئەمەستۇق. ئون نەچچە يىل ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىلىنى تۇتۇپ، سافاغا بېلىمىزگىچە چۆكۈپ ئولتۇرغان ھېلىقى چاغلاردا «كۆڭۈل ساناپ» كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي قالغان. خۇددى بىر كىم تەلەپ قىلغاندەك كۆتۈرۈپ كېلىدىغان «بوپىلىرى» چۇ تېخى. شۇ چاغلاردا ئەجەب كۆڭۈلچەكلىك قىپتىكەنمەن. ئەكەلگەن لاقا ـ لۇقىلىرىنى ياندۇرۇپ بېشىغىلا

① قاسىم سىدىقنىڭ «دوست» ناملىق شېئىرىدىن.

ئانقان بولسام بۇ ئىشلارمۇ بولماس ئىدى ھەي. . . ي لەنىتى شەيتان. ئۆز ۋاقتىدا تۇمۇ ـ پۇشقاق بوپ قالسام نە ـ نەلەردىن ئاڭلاپ يېتىپ كېلىدىغان، خان ئاچىسىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولغاندەك پەرۋانە بولۇپ كېتىدىغان خۇمسىلار مانا ئەمدى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى يۇتۇپ كەتكەندەك بىراقلا يوقالدى. دوختۇرخانىدا بىر ئاي يېتىپ چىققىنىمنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ ياق، ئاڭلىدى، گەپ. . .

ئۇ ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلاتتى. ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا، بۇ خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە ھەرقانچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ھەسرەت ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويمايتتى. ئۇ دوختۇرلارنىڭ شۇنچە تاپىلاپ ئېيتقان سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى. ھاراقنى ئاۋۋالقىدىنمۇ كۆپ ئىچىدىغان، سۆزگۈچلۈك تاماكا ئورنىغا ئاچچىق ـ ئاچچىق موخوركا چېكىدىغان بولۇپ قالدى.

— كۆرۈپ قويدۇق، — دېدى بىر كۈنى ئايالى ئۇنىڭ ئېچىشىپ تۇرغان يېرىگە ئۇستىلەپ لازا قۇيۇپ، — قازان بېشىدىكى ۋاقتىڭىزدا سىزنى يوقلاپ ھالى قالمىغان ھېلىقى شەپشەك ئاغىنىلىرىڭىز مانا ئەمدى بىر كېلىپ قويۇشقىمۇ يارىمىدىغۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئايالىغا قەھرى بىلەن ھومىيىپ قويۇپ ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئايالىدا نېمە گۇناھ، دېمىسىمۇ ئۇ توغرا دەيدىغۇ. بىراق، ئايالىنىڭ گېپىنى توغرا تېپىشقا ئۇنىڭ ئەرلىك غورۇرى يول قويمىدى. خوتۇن كىشىنىڭ ئالدىدا

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى چۇشۇرۇش .نومۇس ئىش ـ دە. شۇڭا، ئۇ گەپنى قاسىدە بۇرۇۋەتتى.

— ئەخمەق خوتۇن، ئۇلار ئاڭلىمىغان گەپنى ئاڭلىغان بولسىلا چوقۇم كىلەتتى. كىلەتتى؟ كۆرۈك ما گەپنى، ئاڭلىغان بولسىلا كىلەركەنمىش. ئالىقاندەك شەھەردە ئاڭلىماپتۇ دىسە كىم ئىشىنىدۇ؟ يالغان قىپقىزىل يالغان گەپ. ئايالى يولدىشىنى پات ـ پاتلا زەھەردەك گەپلەر بىلەن چىقىۋالاتتى. ئۇ ئايالىنىڭ ئالدىدا ئوبدانلا خىجالەت بولۇپ قالدى. قانداق قىلىش كىرەك؟ خوتۇن كىشى ئاغزىدا گەپ ياتمايدىغان خەق ۋاقتانىۋاق كەلگەندە بۇ ئىشنى پوككىدە باشقا بىرىگە دەپ سالسا، قۇلاقتىن قۇلاققا يىتىپ. . . بۇ سەتچىلىكنى نەدىن كۆتۈرۈپ يۈرىمەن.

ئىشلارنى تولىمۇ ئىنچىكە ئويلاپ كىتىدىغان بۇ كىشى مۇنۇ زۇۋاندا خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى دەرھال تۇۋاقلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ قالدى. ئەمما، قانداقىسىغا تۇۋاقلاش — بۇ بىر مەسىلە ئىدى. شۇ تەرىقىدە يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، كۈنلەر ئۆتكەنسىرى خوتۇنىنىڭ چاقچاققا يۆلەپ دەيدىغان تاپا ـ تەنىسى تېخىمۇ ئاۋۇغىنى تۇردى. خوش ئىسىم شەرىپىنى سۆيۈملۈك كىتابخانلىرىمىزدىن سىر تۇتۇپ كىلىۋاتقان سابىق مۆھتەرەم باشلىقىمىز ھازىرچە «خان ئاچا» سىنىڭ ئاچچىق تاپا ـ تەنىسىنى يۇتۇپ تۇرسۇن. بىز گېپىمىزنى قولىدا سومكا كۆتۈرۈپ ئالدىراش كىرىپ كىلىۋاتقان قوشنىسىنىڭ بالىسىدىن باشلاپ تۇرايلى.

سومكا خىلىلا ئىغىر، ئەمما يىڭى ئىدى. ئۇ بۇ

سومكىنى ناتونۇش بىرەيلەننىڭ بىرپارچە خەت بىلەن قوشۇپ ئەكىرىپ بېرىشنى تاپىلاپ قويۇپ ئالدىراش كېتىپ قالغانلىقىنى دەپ ئىككىلىك خەت يېزىلغان بىرپارچە قەغەزنى ئۇنىڭغا بەردى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«قەدىرلىك ئاغىنە، دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقىپسەن، بۇ ئىشتىن تولىمۇ كېچىكىپ خەۋەر تېپىپ قالغانلىقىمىزدىن ئەپۇ سورايمىز. كۆڭلۈڭنى توق تۇت. ياخشى بولۇپ كېتىسەن. ئاغىنىلەر بىلەن ئولاش ـ چولاش يوقلاپ كېلەيلىمۇ دېگەن، پۇرسەت بولماي قالدى. كۆڭلىمىزدە بار. پات ئارىدا يوقلاپ بارىمىز. ئۆيۈڭگە كىرىپ ئۆتۈشكە ۋاقىت بولماي بۇ نەرسىلەرنى قوشناڭنىڭ بالىسىدىنلا كىرگۈزۈۋەتتىم. كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن. ئاڭلىسام تامىقىڭ بەكلا ئازلاپ كېتىپتۇ، ئۇنداق قىلما، قورسىقىڭغا توق ـ توق يەپ بەر، بولمىسا ئۇزۇلۇپ قالىسەن دەپ دوستۇڭ سەمەت.»

سومكا ئىچىدە يېڭىلا سويۇلغان پاقلاننىڭ كەينى سانى تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بادام قاپاق ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتتى.

— قانداقكەن خوتۇن، — دېدى ئۇ سومكىنى ئايالىغا سوزۇۋېتىپ، — دېگىنىمدەك بولدىمۇ ئاخىر؟

ئايالى پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ سومكىغا ئېسىلدى.

— رەھمەت ئۇكام، — دېدى ئۇ قوشنىسىنىڭ

بالىسنى تالاغا ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ — خەتنىمۇ چىرايلىق كۆچۈرۈپسەن. ئىشلار ناھايىتى جايىدا بولدى. تۇتە بۇ پۇلنى خەشلە.

— بۇ... بۇ...

— ئالە، ئوغۇل بالا دېگەن نومۇس قىلمايدىغان. گەپ مەن دېگەندەك بولسۇن ـ ھە!

1993 ـ يىل 3 ـ ئاي، غۇلجا

# مۇساپىر قۇش

ناسىر تۆۋەنتى كەلگەندە پۇل بىلەن مال ـ دۇنيانىڭ ئادەمگە ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلدى، ئىلگىرى ئۇ پۇللا بولسا ھەممە نەرسىنى — بەخت، خۇشاللىق، يۈز ـ ئابرۇي، نام ئاتاق، سەلتەنەتلىك تۇرمۇش. . . ئىشقىلىپ، ئادەم ئۆزىدە كەم بولغان بارلىق نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەپسۇس جاھاندا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدىغان ئاشۇ خاسىيەتلىك قەغەزگە بىرلا نەرسىنى مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىكنى سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن زەڭگەر سىر بىلەن سىرلانغان ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىنىڭ تۆمۈر ھالقىسىغا بىر غېرىچ تانا يىپ بىلەن ئېسىپ قويۇلغان بىرپارچە نامسىز خەت ئۇنىڭغا بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر تونۇتتى. رىۋايەت تۈسىنى ئېلىپ، باشتىن ـ ئاخىر پۈتۈنلەي تەھدىت بىلەن تولغان بۇ خەت ئۇنىڭ روھى دۇنياسىنى بىراقلا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

«ناسىر، — دەپ باشلانغانىدى خەت،— پۇل بىلەن مال ـ دۇنيا خۇدانىڭ بىرقىسىم كىشىلەرگە بەرگەن ۋاقىتلىق ئامانىتى. گەرچە بىز سېنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە

ئۆمرىمىزدە بۇ يەرلەرگە كېلىپ باقمىغان بولساقمۇ، دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ يېزىدىكى ئادەملەر ئىچىدە ئەنە شۇ ئامانەتتىن ساڭا تەگكەن نىسۋىنىڭ كۆپلۈكى ھەپتە ئاۋۋالقى چۈشىمىزدە ئايان بولدى. بىز كىم؟ بۇ ساڭا مۇھىم ئەمەس، ئەگەر بەكلا بىلگۈڭ بولسا، بىزنى رىئاللىققا قارىغاندا چۈشكە بەكرەك ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، بولۇپمۇ چۈشىدە بېرىلگەن بېشارەتلەرگە ئاساسەن بۇ تەرىپى قورغاس، ئۇ تەرىپى شىڭشىڭشاغىچە بولغان دائىرىدە پۇلنى دەپ سىرلىق، تولىمۇ سىرلىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر گۇرۇھ دەپ چۈشەنسەڭ بولىدۇ. شۇنداق، بىز بىر گۇرۇھ، سۇلايمان قالپىقىنى بېشىمىزغا كىيىۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاسانلىقچە چېلىقمايدىغان سىرلىق بىر گۇرۇھ. پەقەت زۆرۈر تېپىلغان چاغدىلا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، موھتاجلىقتىن قەددى پۈكۈلگەن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقماقنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلىۋالغان بۇ گۇرۇھنى قانداق چۈشەنسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، بىزنىڭ قولىمىزدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدۇ. ساڭا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرغىمىز يوق، پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت تۈپەيلى بىزگە يەنە پۇل كېرەك بولۇپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن چۈشىمىزدە بېرىلگەن ئاشۇ بېشارەت بويىچە بوسۇغاڭغا كېلىپ قالدۇق، پۇل بىلەن مال - دۇنيارىڭنى بىزدىن يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى، ئۇنىڭ ۋەزنىنى ئاللىقاچان چۈشىمىزدە دەڭسەپ بولدۇق، مەيلى سەن خالا ياكى خالىما، ئىلكىڭدىكى ئاشۇ دۇنيانىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى يەنى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، بىر يېرىم تۈمەن نەق

پۇلنى بىز بەلگىلەپ بەرگەن مۇددەت ئىچىدە دېگەن يېرىمىزگە قويۇشىڭنى ئىلتىماس قىلىمىز. ۋاقتى ئۈچ كۈن. ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانا. بىز ھاجەتخانىنىڭ ئۈچىنچى كاتەكچىسى ئىچىدىكى تامنىڭ بۇلۇڭىغا بىر دۆۋە چالما قويۇپ قويىمىز، يىڭى يىل ھېسابى بويىچە بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى كېچە سائەت ئوندىن ئىككىگىچە بولغان ئارىلىقتا پۇلۇڭنى ئەنە شۇ يەردىن ئېلىۋالىمىز. تەھدىت ئەمەس! شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويغۇمىز كېلىۋاتىدۇ، قولىمىزدىن كېلىدىغان يامانلىقتىنمۇ خەۋەر تاپتىڭ، ئەمما ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆزىمىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. شۇڭا، خەنجىرىمىزنىڭ غىلاپتىن چىقمىغىنى ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى. ئۇنىڭ بىسىنى ياخشى ئادەملەرنىڭ قېنى بىلەن بويىغىمىز يوق. ئۆزۈڭ ۋە خوتۇن - بالىلىرىڭنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قالاي دېسەڭ، شەرتىمىزنى تولۇق ۋە ۋاقتىدا ئورۇندىغىنىڭ ياخشى. بولمىسا خەتنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغان بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر يىڭنە ئاقار يۇلتۇز شەكلىدە ئاسمان بوشلۇقىدىن تۇيۇقسىز ئۆگزەڭدىكى ئوت - سامان ئۈستىگە ئېقىپ چۈشۈپ، دەھشەتلىك يانغىن پەيدا قىلىدۇ، يانغىن دەقىقە ئىچىدە ھەشەمەتلىك ئۆيۈڭگە تۇتىشىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. ئىشىكلىرىڭنىڭ سىرتىدىن سىرلىق ھالدا قۇلۇپلىنىپ، دېرىزەڭنىڭ بىر قانىتىلا ئوچۇق تۇرغانلىقىنى قورقۇنچلىق يانغىن ۋە گۈلدۈر - غالاپتىن چۆچۈپ ئويغانغان ھالدا كۆرىسەن، بۇ چاغدا بېشىڭنى تاشقا ئۇرغىنىڭ بىلەنمۇ ئاللىقاچان كېچىككەن بولىسەن. ئەنە

شۇ كىچىكىش سەۋەبى قانچىلىغان كىشىلەر جىنىسىدىن جۇدا بولغانلىقىنى ئەسكەرتىش بىلەن كۆڭلۈڭنى پاراكەندە قىلىپ ئولتۇرغىمىز يوق. ئۇلار بىۋاقىت ھالاك بولغان بولسا ئۆزىنىڭ شورى، سېنىڭ بۇنداق قىسمەتكە باغلىنىپ قېلىشىڭنى ئەلۋەتتە بىزمۇ خالىمايمىز. خەير، ئارامىڭنى بۇزۇپ قويغان بولساق كەچۈرەرسەن.

«1994 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى»

جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان بۇ نەس باسقۇر خەتنى قولىدا غىجىملاپ تۇتۇۋالغان ناسىر كۈنى كېسىلىپ ھېچ قانچە ۋاقىت قالمىغان كەنجى قىزىنىڭ توي تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن ئايالى ۋە غەمسىز يۈرگەن باللىرىغا كۆرسىتىپ ئۇلارنىمۇ پاراكەندە قىلغۇسى كەلمىدى، ئۇ ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىرى ـ بىرىلا سۈمۈرۈپ، ئۇدۇل يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كەلدى ـ دە، ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىگە كىرىپ، بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئالدىغا خەتنى توككىدە تاشلاپ قويدى. خەتنىمۇ كۆرە ناسىرنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن چىرايى ۋە قورقۇنچ، ئىزتىراپ، ۋەھىمىگە تولغان كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەن ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى يېرىم چاقچاق تەلەپپۇزىدا ئۇنىڭدىن سورىدى.

— چىرايىڭدىكى نېمە ئۆزگىرىش بۇ ناسىركا ۋۇي، خۇددى ئاخىر زامان بولىدىغاندەك؟

— ئۇمۇ يوق ئەمەس، — دېدى ناسىر قىسقا، توم قىلىپ يۆگىۋالغان موخوركىسىغا غەزەب بىلەن سەرەڭگە

چىقىشىتىپ، ئوقى، ئائۋال خەتنى ئوقىغىنا.
دېگەندەك ئۇ خەتكە كۆز يۇگۇرتۇپ چىقىپ ئوڭ قولى بىلەن چېكىسىنى سىلىغىنىچە ئۇزاق جىمىپ كەتتى.
— دېمەك، شۇنداق گەپ، — دەپ ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى ناسىر، — ئاتمىشىنچى يىللاردا قان بېسىمى، يەتمىشىنچى يىللاردا نان بېسىمىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، تىرىك مۇردىغا ئوخشاپ قېلىشىدۇق، ھالا بۇگۇنگە كېلىپ پۇل تاپتۇق، يول تاپتۇق، خاتىرجەم بولدۇقمىكىن دېسەك مانا ئەمدى بارىنىڭ دەردى چىقىپ، جان بېسىمى بولغىلى تۇردۇق. يوق چاغدا ئەسلى خاتىرجەم بولالمىساق، بار چاغدا تېخى، زادى قانداق جاھان بوپ كەتتى غەنى ئۇكا بۇ؟
— ئىشىك ئالدىدا ھېچقانداق ئىز چېلىقمىدىمۇ؟ — سورىدى غەنى.
— يوقسۇ، كېچە ياغقان قاردا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدىم.
— ھىم.
غەنى خەتنى يەنە بىر نۆۋەت تەپسىلى ئوقۇپ چىقتى. كەسپى ئادىتى بويىچە مۇلاھىزە قىلىپ كۆردى، خەت چاقماق يوللۇق دەپتەر ۋارىقىغا تولىمۇ ئۇششاق، زىچ، رەتلىك ۋە چىرايلىق يېزىلغانىدى. ئۇ خەتنىڭ يېزىلىش قائىدىسى، جۈملە تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ، خەت يازغۇچىنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق بولمىسىمۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىي ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى. تەھدىت سېلىش ئۇسۇللىرى ۋە پۇلنى ئېلىش مەيدانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغىچە بولغان مۇھىم نۇقتىلار ئۈستىدە

www.uyghurkitap.com

ئىنچىكە، ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەھدىت سالغۇچى بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى پىششىق بىلىدىغان، سىرتتىن كەلگەن كەسپىي ئوغرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن دەسلەپكى خۇلاسىگە كەلدى. دېمىسىمۇ بىراۋنىڭ كاتتىكىگە كىرىپ بىرەر چۈجە چاغلىق نەرسىنى ئىشەنچلىك ئېلىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بۇ يېزىلىقلار ئىچىدىن بۇنداق چوڭ ئىشقا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىنىڭ چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— بۇ خەتنى سىزدىن باشقا يەنە كىم بىلىدۇ؟

— تېخى ھېچكىمگە دېگۈدەك بولمىدىم.

— ياخشى قىپسىز، تولا شاۋ ـ شۇۋ بولمىسۇن.— دېدى غەنى خەتنى تارتمىسىغا سېلىۋېتىپ،— ھازىرچە قايتىپ تۇرسىڭىز بولىدۇ. زۆرۈر تاپساق ئايرىم چاقىرىمىز.

× × ×

يېزىلىق ئامانلىق قوغداش بۆلۈمى قاۋۇل، بىجىرىم يېزا ياشلىرىدىن سەككىز كىشىلىك رازۋېدكا گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. ئۇلار يەمچۈك تاشلاپ، بىلىق تۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە ئاز بىر قىسىم پۇلنى تەھدىت سالغۇچى كۆرسەتكەن جايغا قويۇپ، سىرتىدىن كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى تورغا چۈشۈرۈش قارارىغا كەلدى.

— پۇل؟ — ناسىر پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى،— شۇ خەقنىڭ دېگىنى بويىچە قىلامدۇق ئاخىر؟

— بۇ بىر يەمچۈك، يەمچۈك بولمىسا بېلىقنى تۇتقىلى

بولامدۇ ناسىركا؟
— بىراق. . . بىراق بىزنىڭ تۇتىدىغىنىمىز بىلىق ئەمەس - دە.
— ئەمىسە سىزچە قانداق قىلساق بولار؟
— بۇ. . . بۇ ئۆزى. . .
— شۇنداق بولسۇن، — كەسكىنلا قىلىپ ئېيتتى غەنى، — ۋاقىت قىس، ۋەزىيەت بىزنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. ھازىرچە بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

× × ×

تاغلىق رايونغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ بىريۈز ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ يېزىدا قىش باشقىچە كېلىدۇ. قار قېلىن، سوغ قاتتىق بولىدۇ. يېزىنىڭ تەرتىپسىز سېلىنغان پاكار، سوقما تاملىق ئۆيلىرى چىللە كىرىشى بىلەن قېلىن قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ، ئەتراپتىكى تۆگە ئۆركىشىدەك ئېگىز - پەس تۆپىلىكلەردىن ئايرىۋالغىلى بولماي قالىدۇ. كۇسا ئادەمنىڭ ساقىلىدەك ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە كۆكلەپ قالغان قارىياغاچ، سۇۋادان تېرەكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن يېزا ئاساسەن ئوچۇقچىلىق. مانا شۇ ئوچۇقچىلىقتا ئاخشىمى - ئەتىسى توختىماي چىقىپ تۇرىدىغان ئاچچىق تاغ شامىلى كىشىنى كەچ كۈزنىڭ ئۇششۇكى ھەرىسىدەك رەھىمسىزلەرچە چاقىدۇ.
قېلىن سەنسەن جۇۋىغا ئورۇنۇپ، بېشىغا بۆرە قۇلاقچىلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، پىچەت بولۇۋالغان

www.uyghurkitap.com

رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىكىلەر يېڭى يىل ھارپىسى كەچ سائەت ئوندىن بۇرۇن بەلگىلىگەن ئورۇنلىرىغا جايلىشىپ پىلان بويىچە ئەتراپنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى. شۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، كۆكتە يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. باشلىرىنىڭ ئۈستىدىلا كۇمۇش تاۋاقتەك ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئاي ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. شەرق – جەنۇب تەرەپتىن ئۆرۈپ تۇرغان كۈچلۈك تاغ شامىلى قار توزۇندىلىرىنى تىنماي ئۇچۇراتتى. سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن چۆلدەرەپ قالغان ئىتلارنىڭ جانسىز، زەئىپ قاۋاشلىرى يېقىن ئەتراپتىكى تامنىڭ ئۈستى ۋە سىمتاناپ تۆۋرۈكلىرىگە قونۇۋالغان چوغدەكلەرنىڭ ئۈزۈپ – ئۈزۈپ سايراشلىرىغا قوشۇلۇپ، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئەپسۇس، بۇركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئۈن – تىنسىز ياتقان يىگىتلەر ئاي پېتىپ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بەلگە بېرىلگەن ۋاقىتقىچە ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمىدى.

× × ×

ئارانلا ئىككى سائەت كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغان غەنى ئىدارىسىگە كېلىپ يىگىتلەرنى قايتا ئىشخانىسىغا يىغدى.

— بولمىدى، — دېدى ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن بىر يۇمۇلۇپ، بىر ئېچىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغان يىگىتلەرگە قاراپ، — بۇ ئىشىمىزمۇ ئەپلەشمىدى. ئەتىگەن ئورۇنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ كاللامغا

شۇنداق بىرخىيال كېلىپ قالدى. بىز قولىمىزدىكى پۇلنى ھاجەتخانىدىن تېپىۋالغان بولۇپ، دەرھال رادىئو كانىيى ئارقىلىق كۆپچىلىككە ئۇقتۇرايلى، پۇل ئىگىسى يوقتىپ قويغان پۇلنىڭ سانى بىلەن بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرىپ، پۇلنى ئېلىپ كەتمەكچى بولسۇن.

— بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ — سورىدى يىگىتلەردىن بىرسى.

— ئەلۋەتتە زۆرۈرىيىتى بار، — ئىزاھلىدى غەنى قولىدىكى «قار لەيلىسى» ماركىلىق تاماكىنى قاتتىق شوراپ ۋە ئاغزى - بۇرنىدىن تەڭلا تۈتۈپ چىقىرىپ، — بىرىنچىدىن، بۇلاڭچىغا پۇلنىڭ قويۇلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇش؛ ئىككىنچىدىن، بۇلاڭچىنىڭ ناسىر ئائىلىسىگە شەرتىمىزنى ئورۇندىماپسەن، دېگەن باھانە بىلەن چاتاق تېرىپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنى يەنە تەھدىت خېتىنى يېزىشقا مەجبۇرلاپ، ھاجەتخانە ئىچىگە قايتا چىللاپ ئەكىرىش. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئىشنى پىلانلىغان ئادەم خېلى پەمى بار بۇلاڭچىدەك قىلىدۇ. بىز نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى توغرا، دەل، ۋاقتىدا كۆزىتىپ، ھىيلە ئىشلىتىشتە ئۇلاردىن ئۈستۈن كەلمىسەك تۈلكىنى بۇرنىدىن ئىلمەك تەس. بۇنداق كىشىلەرنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئەسكىلىك كېلىشى مۇمكىن. 1990 - يىلى چاپچالنىڭ ئالتەسۇمبۇل يېزىسىدا يۈز بەرگەن «10 - ئۆكتەبىر قانلىق ۋەقەسى» گە ئوخشاش ئىشنى تەكرارلانمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

— توغرا، بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن، — دېيىشتى يىگىتلەر تەڭلا، — ھازىرلا چىقىپ رادىئو كانىيىدا

ئۇقتۇرايلى، شۇ ئارىدا ئىشىك ئېچىلىپ، ناسىر ئۆكسىلى ئۆچكەن، چىرايى تاتارغان ھالدا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— چاتاق بولدى ئۇكا، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن يەنە بىرپارچە نامسىز خەتنى چىقىرىپ، — ئەتىگەن ماللارغا چۆپ سالغىلى تالاغا چىقسام دەرۋازىنىڭ ھالقىسىدا يەنە ماۋۇ خەت تۇرۇپتۇ. ئوقۇپ كۆرۈپ، تاسلا قالدى يۈرىكىم ئىزىدىن چىقىپ كەتكىلى.

غەنى خەتنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى، خەت بىرىنچى قېتىمقىسىدەك رەتلىك، چىرايلىق ئەمەس، سىزاپ ـ سىزاپلا يېزىلغان بولۇپ، تەھدىت سالغۇچىنىڭ بۇ خەتنى ئالدىراپلا يازغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆتكەنكىدەك بىرتالاي گەپ سېتىپ كېلىپ ئاخىرىدا: «ناسىر، ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز، دەپتىكەن. ساڭا ئىشارەت ئەمەس، جۇۋالدۇرۇز كېرەك ئوخشايدۇ. بۆكمىزگە جىگدە تاشلاپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالىمەن، دېگىنىڭ تازا ئاقىلانىلىق بولماپتۇ. جانغا تۇرامسەن پۇلغىمۇ دېسە، بىركوي بەرسەڭ دەپ بېرىمەن دېگەندەك سەنمۇ جېنىڭدىن مال ـ دۇنيارىڭنى ئېزىز كۆرىدىغان نېمە ئوخشايسەن. بوپتۇ، نىيىتىڭ شۇنداقلا بولسا مۇرادىڭغا يەتكۈزۈپ قويايلى. ئۇ چاغدا بىزنى نامەردلىك قىلدى دەپ قالما، بەلكىم سەن ئۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۇلگۈرگىچە مال ـ دۇنيارىڭ بىلەن قوشۇلۇپ كۈلگە ئايلىنىپ بولۇشۇڭ مۇمكىن. خوتۇن ـ بالىلىرىڭمۇ ئەلۋەتتە شۇنىڭ ئىچىدە. ياق، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بىھۇدە قۇربان قىلىشنى خالىمايمىز دېسەڭ ساڭا يەنە بىر قېتىملىق پۇرسەت بېرەيلى. بۇ

پۈرسەت پەقەت بىر قېتىملىق، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ ئويلىنىپ بېقىپ جاۋاب بېرىشىڭنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ۋاقتىمىز يوق، ئالدىڭدا پەقەت ئىككىلا يول قالدى، يا ھالاك بولۇش، يا ھايات قېلىش. تاللاش ھوقۇقى يەنىلا ئۆزۈڭدە. ھايات قالاي دېسەڭ، شەرتىمىزنى نېسى قويماي تولۇقى بىلەن ئورۇنداپ، ھاجەتخانىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تامغا يۆلەپ، ئۈچىغا قولياغلىق باغلانغان تاياقچىنى قارغا سانجىپ قويدۇق، ئېلىپ كەلگەن پۇلۇڭنى ئەنە شۇ قولياغلىققا ئوراپ، بەلگىلەنگەن جايغا قويسەن. بىز قولياغلىقنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراپ نىشاننى بەلگىلەيمىز. يوق بولسا ئامان قالغىنىڭ شۇ. بار بولسا تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئاۋۋال ئاقار يۇلتۇز شەكلىدە ئېقىپ چۈشىدىغان ھېلىقى تۆمۈر يىڭنىنى كۈت...» دەپ ئۆزۈپلا ئېيتقانىدى.

غەنى خەتنى قويۇپ، شۇ ھامان ھاجەتخانىغا چىقتى، راست دېگەندەك ئۈچىغا قولياغلىق باغلانغان باشمالتاق توملۇقىدىكى ئۆزۈن بىر تاياقچە ھاجەتخانىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تامغا يۆلەپ، قار ئۈستىگە سانجىپ قويۇلغانىدى. غەنىنىڭ كاللىسىنى ئەندىشە بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئىككى خىل ھېسسىيات چىرمىۋالدى، بولۇپمۇ بۇلاڭچىلارنىڭ ھاجەتخانىغا قويۇلغان پۇلنى قانداق قىلىپ بىلىۋالغانلىقىغا ئۇنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىنغان ھاجەتخانا ئىچىدىكى «مەخپىيەتلىك» نىڭ سىزىلىپ قېلىشى ئۇنى ئەندىشىگە سالمايمۇ قالمىدى. گەرچە ئۇ خەت ئىچىگە قىستۇرۇلغان تۆمۈر يىڭنىنىڭ ئاقار يۇلتۇز شەكلىدە

www.uyghurkitap.com

ئاسمان بوشلۇقىدىن ئېقىپ چۈشۈپ ئۇلۇغ يانغىن پەيدا قىلىشىغا مۇتلەق ئىشەنمىسىمۇ، تەلۋىلىكى تۇتقان بۇ بىرتوپ بۇلاڭچىلارنىڭ ناسىر ئائىلىسىدە بىر مەيدان ئېچىنىشلىق تراگېدىيە پەيدا قىلىش ئېھتىمالىنى چەتكە قاققىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ خۇشال بولۇشى بولسا چاقىرىلمىغان بۇ ئۇياتسىز مېھمانلارنىڭ «ھاجەتخانىدىن تېپىۋالغان پۇلنى» رادىئو كانىيىدا ئۇقتۇرۇپ بولغۇچە، ئۇلار كۆتكەن مەيدانغا ئۆزلۈكىدىن كېلىشى ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئارتۇقچە ئويلىنىشقا ۋاقىت يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ناسىرنى بىرچەتكە تارتىپ، گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتتى:

— دەرھال بېرىپ بىرىبىرىم تومەن پۇلنى ئېلىپ كېلىڭ.

ناسىر پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى ۋە:

— ئاخىر پۇل بېرىپلا قۇتۇلىمىزمۇ؟ — دېدى.

— بۇ بىر ۋاستە، — چۈشەندۈردى غەنىي ئۇنىڭغا، — شۇنداق قىلمىساق ئۇلار ھاجەتخانىغا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. گەپ سىزنىڭ ماسلىشىپ بېرىشىڭىزدە.

— ناۋادا ئىشىڭلار ئەپلەشمەي پۇلنى بولاپ كېتىپ قالسىچۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى غەنىنىڭ، — پۇلىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسا بەرمەڭ، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىۋەرسۇن. سىزگە شۇنى دەپ قوياي ناسىركا، ۋاقتى كەلگەندە بىزمۇ سىلەرنىڭ جىنىڭلارغا ئارا بولىمىز دەپ ئېيتالمايمىز.

بۇ گەپتىن ناسىر ئوبدانلا چۆچۈدى.

— بۇ. . . بولدۇ ئۇكا، — دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ، — سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە بولسۇن.

يېزىنىڭ ھاۋاسى تۇرۇپلا كۈلۈپ، تۇرۇپلا دودىسى تۇتۇپ قالىدىغان يىغلاڭغۇ بالىنىڭ مىجەزىگە ئوخشاپ كېتەتتى. چۈشتىن كېيىن ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، لەپىلدەپ قار چۈشكىلى تۇردى. كەچتە بۇ قارغا بوران قوشۇلۇپ، كۈچلۈك شىۋىرغانغا ئايلاندى. شىۋىرغاندا كۆزنى ئاچقىلىمۇ بولمايتتى. رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇلاڭچىلار قالدۇرۇپ قويغان قول ياغلىقتا بىر يېرىم تۈمەن نەق پۇلنى ئوراپ، ھاجەتخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بەلگىلەنگەن چالما ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى. بوران ئاچ قالغان بۆرىدەك ھۇۋلايتتى. ھاجەتخانىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئىلگىرى لاي ئېتىپ، كېسەك تۆكۈشتىن قالغان چوڭقۇر - چوڭقۇر ئازگالچاقلار بار بولۇپ، بۇ يەردە تۇرۇپ ھاجەتخانىغا كىرىپ - چىققان ئادەمنى بىمالال كۆزەتكىلى بولاتتى. بىردىن ئىككىدىن بۆلۈنۈپ ئەنە شۇ ئازگاللارغا ئەپلىك جايلاشقان رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھاجەتخانىنى ئامبۇر شەكلىدە قورشاپ، سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق تىۋىشنى نەزەردىن ساقىت قىلماي ياتاتتى. يېزىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولدىن بورانغا قارشى ماڭغان بىر گاز ماشىنىسى يول ياقىسىدىكى تېرەكلەرنىڭ ئۈچىنى چىرىغى بىلەن ۋال - ۋۇل يورۇتۇپ قويۇپ، ھۇۋ - ھۇۋلاپ ئۆتۈپ كەتتى، ماشىنا ئۆتۈپ كېتىپ تەخمىنەن ئون بەش، يىگىرمە مىنۇتلاردىن كېيىن سىرتتىن تېرىگە ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ يەرگە سۆرەلگەن چاغدىكى ئاۋازى

ئۇلار تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى، غەنى بېشىنى ئازگالدىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈپ، پۈتۈن دىققىتىنى ئاۋاز چىققان تەرەپكە مەركەزلەشتۈردى، سىرتتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئاۋاز ھاجەتخانىغا ئەگىيدىغان يالغۇز ئاياغ يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە توختاپ قالدى ـ دە، بىر قانچە دەقىقىدىن كېيىن پاكار، قارا كۆرەڭ بىر گەۋدە رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىكىلەر ياتقان ئازگاللارنىڭ كەينى تەرىپى بىلەن قار كېچىپ، ئۇدۇلدىكى قورۇنىڭ پاسىل تېمى ئۈستىگە چىقىپ كەتتى ۋە تام ئۈستىدە تۇرۇپ بىر قانچىنى قاۋاپ قويدى.

— تۈفى! — دەپ تۈكۈردى غەنى ئىت تەرەپكە قاراپ.

شىۋىرغان بارغانچە كۈچىيىۋاتقاندەك قىلاتتى. غەنىنىڭ پۈت ـ قوللىرى كۈيۈشۈپ رەسمىي مۇزلىغىلى تۇردى. ئۇ تۆش يانچۇقىغا سېلىۋالغان فوسفورلۇق سائەتىنى ئېلىپ قارىدى. سائەت ئىستىرېلكىسى ئون ئىككىدىن يىگىرمە بەش مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— توڭلاۋاتامسەن غەنىكا؟ — ئاستا شىۋىرلاپ سورىدى يېنىدا ياتقان ھەمراھى ئۇنىڭدىن.

— بەرداشلىق بېرەلىي ئۇكا، — دېدى غەنى قولىقىنى ئۇۋىلاپ قويۇپ، — ئۇ مۇتىھەملەر بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن چوقۇم كېلىدۇ. مۇبادا قانات ياساپ ئۇچۇپلا كەتمىسە قېچىپ قۇتۇلغىنىنى بىر كۆرۈپ باقاي.

— بىرەر تال تاماكا چېكىۋالسام بولامدۇ؟

— ئۇ . . . شت، ئاۋازىڭنى ئۆچەر.

— نېمە بولدى؟
— تىڭشىغىنا، يەنە بىر ئاياغ تىۋىشى. . .
دېگەندەك سىرتتىن ھاجەتخانە تەرەپكە كېلىۋاتقان ئېغىر بىر ئاياغ تىۋىشى ئېنىقلا ئاڭلاندى. بۇ شەك - شۈبھىسىز ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئىدى. ھاجەتخانا تەرەپكە كېلىۋاتقان كىشىنىڭ تۇۋۇى بوشاپ كەتكەن كۆتەكتەك چايقىلىپ مېڭىشى ئاياغ تىۋىشىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قايسى بىر غىتى - غىتاڭ ناخشىغا ئېگىز - پەس غىڭشىپ كېلىۋاتقىنىغا قاراپ ياش قۇرامىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇ ماڭغانچە ئۇدۇل ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى.
— ياخشى ئەمدىغۇ قولغا چۈشۈشكەنسەن، خومپەرلەر.
غەنىنىڭ ئاۋازى كۈچلۈك رەقىبى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن جەڭچىنىڭ ئاۋازىدەك كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.
— قانداق قىلىمىز غەنىكا؟ — ئالدىراپ سورىدى ھەمراھى.
— مۇنداق بولسۇن،— دېدى غەنى ئاتاكىغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرغان جەڭچىلەرگە بۇيرۇق بېرىۋاتقان كوماندىردەك مەغرۇر سۆزلەپ،— ئاۋۋال مەن قول چىرىغىنى ئېلىپ، تۇيدۇرماي ئۇنىڭ كەينىدىن كىرەي. سەن باشقىلارنى يىغىپ ئىشىك ئالدىغا كەل. مەن ۋارقىرىغان ھامان بۆسۈپ كىرسەڭلار بولىدۇ.
— ئالدىرىما،— ئورنىدىن تۇرۇپ بولغان غەنىنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى ھەمراھى، — ئالدىمىزدىكى بۇ «جەڭ»نى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

دۈشمىنىمىز قۇۋ ھەم ھىيلىگەردەك تۇرىدۇ، ھەرھالدا ئويلىشىپ ئىش قىلايلى.

— خوش، سىنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭ؟

— ھىيلىگەر دۈشمەننىڭ ئوقىدىن مۇشتى بىلەن پەشۋاسى يامان. شۇڭا، بۇ ۋەزىپىنى ماڭا قويۇپ بەرسەڭ دەيمەن.

— ۋاھ. . . ھا، — دىمىغىنى قېقىپ پەس ئاۋازدا كۇلۇپ كەتتى غەنى، مۇشۇ باھانە بىلەن بولغۇسى قېيناتاڭ ئالدىدا بىر خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەي دەپسەن - دە؟

— ياق. . . ياق، مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم «جەڭ مەيدانى» بەك تار، بۇنداق يەردە قوچاقلاشما جەڭدىن خالىي بولماق تەس. بۇنداق «جەڭ»نى پېقىر كۆپ كۆرگەن. ئىشەنمىسەڭ سىناپ باقساڭ بولىدۇ.

ئۇنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇ غەنىگە قارىغاندا بەستلىك، قاۋۇل، چەبدەس بولۇپ، بىرقانچە كىشىگە بوزەك بولمايتتى، يېزىدا «نوچى» دېگەن نامى بار ئىدى، نوچى بولغاندىمۇ بىراۋغا بىھۇدە چېقىلمايدىغان، ئەمما باشقىلارنى، بولۇپمۇ ياۋاشلارنى بوزەك قىلغانلارنى كۆرسە شۇ يەردىلا جېدەلنى باھا تالاشماي سېتىۋېلىپ، خورىكى ئۆسۈپ قالغان «بايقۇش»لارنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋېتىدىغان ھەقىقىي نوچىلاردىن ئىدى. غەنى ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى ياخشى بىلگەچكە تارتىنىشىپ تۇرمايلا ماقۇل بولدى.

— ئۇنداق بولسا ئېھتىيات بىلەن كىر، — دېدى غەنى ئۇنىڭغا قول چىرىغى بىلەن توك كالتەكنى بېرىۋېتىپ، —

بىزمۇ هايال بولماي ئارقاڭدىن كىرىمىز،

ئۇ غەنى ئېيتقاندەك هاجەتخانىغا ئېھتىيات بىلەن ئەمەس، خاتىرجەم كىرىپ كېتىۋەردى. بۇنى تون قاراڭغۇسىدا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئارىدىن بىرقانچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. قارشى تەرەپتىن شەپە بولمىغاندىن كېيىن غەنى قالغان يىگىتلەرنى يىغىپ هاجەتخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىچىگە قۇلاق سالدى. هاجەتخانە ئىچىدىن بىرسىنىڭ چىڭقىلىپ قەي قىلىۋاتقان ئاۋازىدىن باشقا هېچقانداق غەيرىي ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇ يىگىتلەرنى باشلاپ هاجەتخانىغا كىردى. بۇرنىغا قۇسۇق ئارىلاش ئىسپىرت پۇرىقى گۇپ قىلىپ ئۇرۇلدى غەنى، خىيالىدا ئاللىقاچان بۇلاڭچى، دەپ مۇقىملاشتۇرۇپ بولغان هېلىقى ناتونۇش گەۋدە هاجەتخانىدا تولىمۇ سەت دوڭغىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇچىسىدىكى جىگەر رەڭ تالاستوپكىسى تۇرۇلۇپ دۈمبىسىگە چىقىپ قالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرانچى بارمىقىنى تۇۋىگە كەلگىچە كارنىيىغا تىقىپ، هە دەپ هۆ قىلىۋاتاتتى. ئىككى جاۋغىيىدىن ئېقىپ چۈشكەن قۇسۇق ئېڭەك ۋە بويۇن قىسمىنى بويلاپ ياقىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندى، غەنىنىڭ هەمراهى بولسا قول چىرىغىنى ئۇنىڭ بېشىغا تۇتۇپ تۇراتتى.

— مەستكەن، — دېدى ئۇ غەنىگە قاراپ،

— بۇ كىم ئۆزى؟ — زەردىسى قايناپ سورىدى غەنى.

— تۇدەش، نۇراخۇن پومىنىڭ بالىسى تۇدەشكەن، ئولتۇرۇشتىن قايتىپتۇ.

— شۇ... شۇنداق، ئۇ... ئويناپ قويدۇق ئاغىنىلەر، —

دېدى تۇدەش جاۋغىيىدىكى شالىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — خو. . . خوتۇن ئېلىش. . .قا پۇلىمىز يول. . . مىغىنى بىلەن هاراق ئېلىش. . .قا يېتىمدۇ. ئىچ. . .تۇق پۇخا. . . دىن چىققۇ. . . چە ئۇي. . .ن. . .دۇق قانداق؟ جەمىلە. . . دىن ئالالمىغان كۆ. . . ڭۈلنى تۆت كوي. . . لۇق هاراق بىلەن ئې. . . لىۋالغىلى بولىدىكەنغۇ. شۇ. . . شۇنداق، ئېلى. . . ۋالغىلى بولىدۇ. يا. . . ياشىسۇن هاراق، قۇرۇپ كەت. . .سۇن جەمىلە، يوقال. . .سۇن ساختا، ئال. . .دامچى مۇھەببەت، قىزنى ئاپىرىپ چېكىسىگە تاڭسۇن خۇم. . .پەر. . .لەر، خا. . . خا. . . خا. . . چېكىسىگە تاڭ. . . هۆ. . . هۆ. . . هۆ. . .

ئۇ قولىنى يەنە ئاغزىغا تىقىپ ياندۇرغىلى تۇردى، غەنى قول چىرىغىنى ئېلىپ بۇلۇڭدىكى چالمىنىڭ ئاستىغا قارىدى، قول ياغلىققا ئوراپ قويغان پۇل ئۆز پېتى تۇراتتى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ يىگىتلەرگە دېدى:

— بىرىڭلار، ما بىرنېمىنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ كېلىڭلار. بۈگۈن كېچە توڭلاپ ئۆلمىسۇن.

• رازۋېدكا گۇرۇپپىسى بىرىنچى توخۇ چىللىغىچە كۆزىتىپ يەنە هېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. قىزىق يېرى ئۇلار پۇلنى ئېلىپ قايتىدىغان چاغدا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر ئىش يۈز بەردى، هاجەتخانىدىن پۇلنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كىرگەن غەنى پۇلنىڭ ئورنىدا ئوخشاش چوڭلۇقتا رەڭلىك قىيىپ ئالدى - ئارقىسىغا ئىككى پارچە ئەللىك يۈەنلىك پۇلنى قويۇپ، قول ياغلىققا ئەپچىللىك بىلەن ئوراپ قويغان بىر تۇتام قەغەزنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە چۆچۈپ كەتتى. يىگىتلەرمۇ بىرتۇتام قەغەزگە قاراپ

داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

غەنىنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، ئىشتىيى تۇتۇلدى، كاللىسىنى چىگىش كىرىپ كەتكەن لەگلەك تانىسىدەك گىدىرماش خىياللار چىرمىۋالدى، ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا تاماكا چېكەتتى، ئۆي ئىچىدە كۆكۈش تاماكا تۈتۈنى لەيلەيتتى. ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى ئەنە شۇ تاماكا تۈتۈنىدەك تولىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ، كۆزلىرىنى بىر توچكىغا تىككەن ھالدا نېمىلەرنىدۇ ئويلايتتى، بىراق چېكى يوق سايغا چۈشۈپ قالغان ناتونۇش يولۇچىدەك ئويلىرىنىڭ ئايىغىغا چىقالمايتتى. ئۇ مانا شۇنداق باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار دېڭىزىدا كۆپۈكتەك لەيلەپ، يېڭى بىر تاڭنى كۆڭۈلسىزلا كۈتۈۋالدى. ئەتىگەنلىك ناشتىنىمۇ قىلماي، ئىدارىسىگە كەلدى ـ دە، ئاخشام ھاجەتخانىغا غەرق مەست كىرگەن تۇدەشنى چاقىرتىپ كەلدى، كېچە يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ھازىرقى بىردىنبىر نىشان تۇدەش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تۇدەشكە خەت يازدۇرۇپ، تەھدىت خەت بىلەن ئۇنىڭ پوچۇركىسىنى سېلىشتۇرۇپ باقماقچى بولدى، ئەپسۇس، ئۇ لاتىنچە يېزىق بىلەن ئىسمىنى ئاران يازالايدىغان ساۋاتسىزلاردىن بولۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن غەنىنىڭ ئۇنى مەست بولۇۋالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پۇلنى ئېلىپ قاچقان بۇلاڭچىلار گۇرۇھىنىڭ شېرىكى بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇمانىمۇ يوققا چىقتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇلاڭچىلارنىڭ ناسىر ئائىلىسىگە تەھدىت خەت يېزىپ، بىر يېرىم تۈمەن پۇلنى بۇلاپ كەتكەنلىك خەۋىرى قۇلاقتىن ـ قۇلاققا

www.uyghurkitap.com

يېتىپ، پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. بۇ ئىش بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ تۇرغان يېزا ئاياللىرىنىڭ تۈگىمەس سۆز چۆچەكلىگە ئايلاندى، تەبىئىيتىدىن تېرىقتەك نەرسىنى تۆگىدەك كۆرسىتىشكە ھېرىسمەن بۇ خەق بىرگە ئونى، ئونغا يۈزنى قوشۇپ، تەھدىت خەتنىڭ مەزمۇنىغا تېخىمۇ دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق رىۋايەت تۈسىنى بېرىپ، خۇددى ئەتىلا ئاخىر زامان بولىدىغاندەك گەپلەرنى قىلىشاتتى، ئۇلار بۇ ۋەقەنى مەيلى قايسى دەرىجىدە كۆپتۈرۈپ سۆزلەشمىسۇن، ئومۇمەن يېزا ئىچى بىر خىل ۋەھىمە، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانىدى، ناسىرغا كەلسەك، گەرچە ئۇ بىر يېرىم تۈمەن نەق پۇل بەدىلىگە بۇلاڭچىلارنىڭ تەھدىتىدىن ھەرھالدا قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار پۇل بىلەن قوشۇپ يۈرىكىنىڭ بىر قىسمىنى شۇلۇپ ئېلىپ كەتكەندەك قاتتىق ئازابلىنىپ، قىزىنىڭ ئۈچ كۈنلۈك توي مەرىكىسىنى ئېلىك ـ سېلىك ئىچىدىلا ئۆتكۈزدى، بۇلاڭچىلار پۇلنى شۇ ئېلىپ قاچقانچە جىمىپلا كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىنىمۇ كۆرەلمەي ئېيتقۇسىز ئەلەمدە قالغان غەنىمۇ شۇ كۈنلەردە ئىشەنچلىك دو تىكىپ، ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يېزا خەلقىنى سارasمىگە سېلىپ قويغان بۇ دېلونى پاش قىلىشقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويمىغانىدى، ئۇ بۇلاڭچىلار يازغان تەھدىت خەتنىڭ ئىچىدىن بىرەر يىپ ئۇچى تېپىلىپ قالىدىغاندەك ئۇنى قايتا ـ قايتا كۆرەتتى، ئوقۇيتتى، تەھلىل قىلاتتى. دەرۋەقە ئۇ ئىككىنچى پارچە تەھدىت خەتنى كۆرۈۋېتىپ خەتنىڭ ئاخىرقى بېتىنىڭ ئارقا

يۈزىدىكى يۇقىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى قۇرىدىن بىر قاراشتىلا ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان خەنزۇچە « 盆子 ، 儿子 ، 完 » دېگەن خەتلەرنىڭ سۇس ئىزناسىنى كۆرۈپ قالدى، ئىككىنچى پارچە تەھدىت خەت چاقماق يوللۇق ماقالە قەغىزىگە يېزىلغان بولۇپ، بۇنداق قەغەز ئومۇمەن خەنزۇچە خەت يېزىشتا ئىشلىتىلەتتى، خەت مەشق ئورنىدا يېزىلغان بولۇپ، يان بۆلەكلىرىنىڭ يېزىلىشى يېزىش قائىدىسىگە پەقەت چۈشمەيتتى، بۇنىڭدىن خەت يازغۇچىنىڭ يېڭى ئۆگەنگۈچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كاللىسىدىن لىپ قىلىپ بىر خىيال كەچتى. ئۇ ئۇستىلىنىڭ تارتمىسىدىن بىر توپ ئادەتتىكى ئىش قەغىزىنى ئالدى ۋە ئۇنى دۈم قويۇپ ئارقا تەرىپىگە ماي قەلەم بىلەن يۇقىرىقى خەتلەرنى بېسىپ تۇرۇپ يازدى، خەت يازغان ۋاراقنى ئېلىۋېتىپ، ئاستىدىكى ۋاراققا قارىدى، ۋاراق يۈزىگە ماي قەلەمنىڭ بېسىمى بىلەن يۇقىرىقى خەتلەرنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇ ئىككىنچى ۋاراقنىمۇ يىرتىۋالدى ۋە ئۇنى ئوڭدا قىلىپ خەت يازىدىغان تەرىپىگە ئۇيغۇرچە يېزىقتا تولدۇرۇپ بىر نېمىلەرنى يازدى، يېزىپ بولغاندىن كېيىن ۋاراقنىڭ ئارقىسىدىكى ماي قەلەمنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالغان ھېلىقى خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتتى، خەتلەر تەھدىت خېتىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەرگە ئوخشاش بىر قاراشتىلا پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھالەتتە ناھايىتى سۇس كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆزىدىن يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك بىر ئۇچقۇن چاقناپ، چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى، ئاشۇ بىرنەچچە خەنزۇچە خەت قىلىن قاردا چوڭقۇر ۋە ئېنىق

ئىز قالدۇرۇپ قېچىپ كەتكەن ئوغرىنىڭ ئاياغ ئىزىدەك ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە بىر خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنىدى.

— ياخشى، — دەپ خۇشاللىقىدىن ئالدىدىكى ئۇستەلنى مۇشتلىۋەتتى ئۇ، — قەغەزنىڭ كېلىش مەنبەسى تېپىلدى، يىپ ئۇچى تېپىلدى.

غەنى ھېلىقى خەنزۇچە خەتلەرنى ئالىقاندەك قەغەزگە ئېنىق قىلىپ يېزىۋېلىپ ئۇدۇل يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىگە باردى. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ خەتلەر مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسلىكىدە بولۇش ئېھتىماللىقى يېقىن ئىدى، بېرىپ تەكشۈرۈۋېدى، دېگەندەك 5 ـ يىللىق سىنىپلارنىڭ ئالدىنقى مەۋسۇم خەنزۇ تىلى دەرسلىك كىتابىنىڭ ئالتىنچى دەرسىدە ئۆتۈلىدىغان خەت بولۇپ چىقتى. ئۇ بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوغچىلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، دەپتەرلىرىدىن تارتىپ ئادەتتىكى چورنىۋاي قەغەزلىرىگىچە بىرمۇ بىر تەكشۈردى، بىراق غەنى كۈتكەن چاقماق يوللۇق ماقالە قەغىزىگە ئوخشايدىغان قەغەز ھېچكىمنىڭ بوغچىسىدىن چىقمىدى. ئۇ ئىككىنچى قەدەمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىلان دەپتەر ۋە ئارخىپ خالتىسىغا يېزىپ قالدۇرغان پۈتۈن ماتېرىياللارنى بىرباشتىن كۆرۈپ چىقتى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ كۆرۈشكە تەقەززا بولغان چاقماق يوللۇق ماقالە قەغىزى رەشىدەم ئىسىملىك بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ئارخىپ خالتىسىدىن چىقىپ قالدى، رەشىدەم ئۇنىۋان باھالاشتا ئۆزىنىڭ شەخسىي خىزمەت توغرىسىدىكى قىسقىچە ماتېرىيالىنى ئەنە شۇنداق چاقماق يوللۇق ماقالە قەغىزىگە يازغانىدى. ئەجەبلىنەرلىكى

شۇكى، بۇ قەغەز بىلەن تەھدىت خەت يېزىلغان قەغەز بىر يەردىن چىقىپلا قالماي، خەتلىرىمۇ ئوخشاپ كېتىشۋاتاتتى، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە رەشىدەم بىلەن كۆرۈشۈشىنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىدى، بۇ قىز — ھېكايىمىزنىڭ بېشىدىلا تىلغا ئېلىپ كېلىنىۋاتقان، بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراپ ئۇۋالچىلىققا قالغان ناسىرنىڭ تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن تويىنى قىلغان قىزى بولۇپ، ھازىر ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتاتتى. غەنى مەكتەپ مۇدىرىدىن رەشىدەمنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنى سوراپ كۆردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قىزنىڭ خەنزۇچىدىن ھېچقانداق سەۋىيىسى يوق بولۇپ، ئىچى پۇشۇپ بىكار تۇرۇپ قالغان چاغلاردا ئۆزىچە خەنزۇچە ئۆگىنىمەن، دەپ ئانچە - مۇنچە بىرنەرسىلەرنى يېزىپ ئولتۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى، ئۇ بۇ قىزنىڭ خىزمەت ئەھۋالى يېزىلغان ھېلىقى ماتېرىيالنى مۇدىرىدىن ۋاقىتلىق سورىۋېلىپ ئىشخانىسىغا قايتتى ۋە ئىشخانىسىغا كېلىپلا ماتېرىيالدىكى خەتنىڭ پۇچۇركىسى بىلەن تەھدىت خەتنىڭ پۇچۇركىسىنى قۇرمۇقۇر، جۈملىمۇ جۈملە سېلىشتۇرۇپ كۆردى، توۋا، مۇنداقمۇ بىريەردىن چىقامدۇ، ئىككى خەتنىڭ پۇچۇركىسى خۇددى قېلىپتا قۇيغاندەك ئوخشاش ئىدى، ئەگەر سەل - پەل ئوخشايدۇ، دېيىشكە توغرا كەلسە، ئالدىراپ يېزىلغان ئىككىنچى پارچە خەتنىڭ پۇچۇركىسىدا پىچاق بىسى پەرق بار ئىدى، بۇ نورمال ئىش بولۇپ، ئىككى خىل سۈرئەتتە يېزىلغان خەتتە بۇنچىلىك پەرقنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

نىشان بايقالدى، ئەمما بۇ نىشان غەنىنى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر مۇھىتقا سۆرەپ

كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، يەنە كېلىپ باشقا بىرسى ئەمەس، نەق تەھدىتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ قىزى، بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇ قايسى بىر دۆلەتنىڭ مەلۇم بىر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا كۆرگەن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر دېلونى ئېسىگە ئالدى، ئۇنىڭدا بىر شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى قوراللىق بۇلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزىنى بۇلاڭچىلار تۇتۇپ كەتكەن قىياپەتتە كۆرسىتىپ، ئائىلىسىدىكى مال - دۇنيانى بىراق ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرى بايان قىلىنغانىدى. ئەمما، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، ياشاش شەكلى ۋە تەپەككۇرى يىراق شەرقنىڭ خارابىگە ئايلانغان يىپەك يولىدىكى ئادەملىرىگە قارىغاندا ئاسمان - زېمىن پەرقلىق بولغاچقا، ئادەتتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ، يەنە كېلىپ، بىر ئاجىزەنىڭ ئۇ دەرىجىدىكى ئىشلارنى قىلىپ كېتەلىشىگە ئۇنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئىشقىلىپ، قانداق بولسا بولسۇن، ئۇ بۇ ئىشنىڭ خۇلاسە — كالامىنى پاتراق كۆرۈشكە قىزىقىپ قالدى ۋە ئەتىسى يەنە مەكتەپكە باردى، مەكتەپ مۇدىرى بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئىلمىي مۇدىرنى ئايرىم بىر يەرگە تارتىپ رەشىدەمنىڭ شەخسىي خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللىنى ئۆزىنىڭ يازغان - يازمىغانلىقىنى سورىدى.

— ياق، پۇچۇركىسىغا قارىغاندا ئۆزى يازمىغان، — دېدى ئىلمىي مۇدىر.

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، قاملاشتۇرۇپ يازالمايدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. رەشىدەم ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنى

سەيدۇللامغا يەنى هازىرقى يولدىشىغا يازدۇرۇپ كەلدىم، دېگەندەك قىلىۋېدى. بۇ بالا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ خىزمەت كۈتۈپ ياتقىلى ئۇزۇن بولدى، ئۆزى بىلىملىك، قولىدىن يازغۇچىلىقمۇ كېلىدۇ تېخى.

— سەيدۇللام! ؟

غەنىنىڭ بېشىدىن بىرقاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ، ئاۋازى غەلىتىلا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ۋە تەلەپپۇزىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرگەن ئىلمىي مۇدىر كۈتۈلمىگەن بۇ هالدىن هەيران بولۇپ غەنىگە لاپپىدە بىر قاراپ قويدى، غەنى گەپنى شۇ يەردىلا قىسقارتىپ، ئىلمىي مۇدىر بىلەن خوشلاشتى، «سەيدۇللام؟ — دەيتتى ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ،— راست شۇ بولۇپ قالسا ـ هە؟ ! »

سەيدۇللام — ئىككى كېچە غەنى بىلەن بىللە بولۇپ هاجەتخانىنى رازۋېدكا قىلغان ۋە ئۇ يەرگە بېشى تۆرەپ مەست كىرىپ قالغان تۇدەشنى (تۇراخۇن) بۇلاڭچىلار گۇرۇهىنىڭ ئادىمى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغان غەنى ئۇنىڭ كەينىدىن كىرمەكچى بولغاندا بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى يۈرەكلىك هەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالغان بالىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كەمسۆز، جىمغۇر بولۇپ كەتكىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە، بىراق ئۇ بۇ جىمغۇرلۇقنى سەيدۇللامنىڭ ئەسلى تەبىئىتى دەپ قارىغاچقا ئۇنىڭ ئادەتتىكى گەپ ـ سۆز، هەرىكەتلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى. ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان زادى نېمە بولغىيتتى ـ هە؟

غەنى شۇ كۈنىلا سەيدۇللامنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كەلدى.

— خوش، سەيدۇللام ئۇكا، — دېدى ئۇ ئالدىدىكى ژۇرنالنى مەقسەتسىزلا ۋاراقلاپ قويۇپ، — ھاردۇق — پاردۇقلار چىقىپ قاپتىمۇ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا.

— ئالدىراشمۇ قانداق؟

— نېمىگە ئالدىراش دەيسەن، بىكارچىلىقتا قىلىدىغان ئىش يوق، تام يۆلەپ، كوچا چىڭداپ يۈرىمىز. ئۇنەچچە يىل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇپ، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەپتۇقكەن.

سەيدۇللامنىڭ تەلەپپۇزىدا ئاچچىق تەنە بار ئىدى. غەنى گەپنى نەدىن ۋە قانداق باشلاشنى بىلەلمەي ژۇرنالدىن نېمىنىدۇر ئىزدىگەن بولۇپ ئۇزاق جىمىپ كەتتى.

— مېنى چاقىرتىپتىكەنسەن، غەنىكا، — ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى سەيدۇللام.

— ئە . . . ئىم، شۇنداق ئۇكا، كېچە بىر يامان چۈش كۆرۈپ قېلىپ چاقىرتتۇېدىم، — گەپنى قاسىسىدە چۈشكە يۆلەپ باشلىۋالدى غەنى، — ئىشقىلىپ، بەكلا غەلىتە، چۈش دېگەننىمۇ كۆپىنچە تەتۈرىسىگە ماڭىدۇ دەپ قويىدىكەن. ئىلاھىم مەنمۇ ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— چۈش؟ سەن كۆرگەن چۈشنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئالاقىسى بولمىسا چاقىرتىپ نېمە قىلىمەن ئۇكا، بۇ قېتىمقى چۈشنىڭ تەسەۋۋۇرىمنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قېلىۋاتقىنىغا ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ. چۈشۈمگە باشقا بىرى ئەمەس، دەل سەن كىرىپ قاپسەن.

— مەن؟

— شۇنداق، سەن.

— ئايالىڭ بىلەن توي قىلىشتىن سەل بۇرۇن دېگۈدەكمەن، — ئاساسىي مەقسەتكە كۆچتى غەنى، — كوچىدا كېتىپ بارغان يېرىڭدە رەشىدەم تۇيۇقسىز ئالدىڭدىن چىقىپ سەندىن شەخسىي خىزمەت ماتېرىيالىغا ئوخشاش بىر نەرسىنى يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. سەن بولغۇسى ئايالىڭنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا كۆڭلۈڭ بارماي ماقۇل بوپسەن ۋە رەشىدەم بەرگەن چاقماق يوللۇق ماقالا قەغىزىنى ئېلىپ كېتىپ ئەتىسى رەشىدەمنىڭ شەخسىي خىزمەت ماتېرىيالىنى ئۈچ نۇسخا قىلىپ يېزىپ كەپسەن. بۇغۇ بىرنورمال ئىش، بىراق ماڭا غەلىتە تۇيۇلغان يېرى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سەن يېزىپ بەرگەن ھېلىقى ماتېرىيالدىكى خەتلەر خۇددى ماقالە قەغىزىنىڭ يولىدىكى كاتەكچىلەردەك ھالقا ـ ھالقا بولۇپ، بىر ـ بىرىگە زەنجىر شەكلىدە تۇتۇشۇپ، پۇت ـ قولۇڭغا كويزا ۋە كىشەن ئورنىدا سېلىنىپ قاپتۇ. شۇنداق ئويغانسام چۈشۈم، يېنىمغا قارىغۇدەك بولسام... ئەمدى نېمە دېسەم بولار ئۇكا، كۆزلىرىمگە راستتىنلا ئىشەنمەي قالدىم تېخىمۇ قورقۇنچلۇق يېرى، پۇت ـ قولۇڭغا كويزا ۋە كىشەن ئورنىدا سېلىنىپ قالغان ھېلىقى ماتېرىيالنىڭ بىر نۇسخىسى يېنىمدىلا تۇرامدۇ. چۆچۈپ كەتتىم. باشتا مەن ئۇنى تولۇق ئېچىلىپ بولمىغان ئۇيقۇلۇق ھالەتتىكى كاللامنىڭ نېرۋىلىرىمغا بېرىۋاتقان ئەكس تەسىرى بولسا كېرەك دەپ ئىشەنمىدىم ۋە كاللامنى سىلكىپ، كۆزلىرىمنى راسا بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىدىم، ھەتتا تۇتۇپمۇ

باقتىم، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. ماتېرىيال ھەقىقەتەن يېنىمدا تۇراتتى. شۇ ھامان پېشانەمدىن مۇزدەك تەر چىقىپ، قورقۇنچتىن پۈتۈن ئەزايىم لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. تېخى... تېخى بۇلا ئەمەس، يەنە بىر دەھشەتلىك يېرى... بولدىلا، ئاخىرىنى ئاڭلىساڭ سەنمۇ قورقۇپ كېتىسەن.

— قېنى سۆزلەۋەر، قورقۇنچلۇق ئەمەس، قىزىق تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ، ئۇنداق بولسا دەۋېرەي، ئىشخانەمگە كېلىپ ئۈستىلىمنىڭ تارتمىسىنى ئاچسام ھېلىقى ماتېرىيالنىڭ ئىككى پارچىسى تارتمامدا تۇرمامدۇ، ياللا، نېمە كارامەتتۇ بۇ، دەپ ياقامنى تۇتۇپلا قالدىم، ئىشەنسەڭ ئۇكا، ئۆمرۈمگە كېلىپ بۇنداق ئەسكى چۈشنى كۆرمىگەن جۇمۇ مەن.

— شۇ ماتېرىيالنى كۆرۈپ بېقىشقا بولامدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن، مەنمۇ سېنى كۆرۈپ باقسۇن، دەپ چاقىرتىپ كەلگەن. ئىشقىلىپ بۇ ئىشلارنىڭ مەڭگۈ چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سەيدۇللام ئورۇندۇقنى غەنىنىڭ يېنىغىراق سۈرۈپ كەلدى.

— ئاۋۋال مانى كۆرۈپ باق، — دېدى غەنى مەكتەپتىن ئېلىپ كەلگەن ماتېرىيالنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ.

سەيدۇللام ماتېرىيالغا قاراپ چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ راستتىنلا توي قىلىشنىڭ ئالدىدا رەشىدەمگە يېزىپ بەرگەن خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىيال ئىدى. ئۇنىڭ يۇرىكى قانداقتۇر بىر ئەندىشىنى سەزگەندەك

رىتىمسىز ئېغىپ، پۈتلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ كەتتى.

— قانداق ئۇكا، راست بۇ سەن يازغان ماتېرىيالمۇ؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە ماۋۇ ئىككىسىنىمۇ كۆرۈپ باق.

غەنى ھېلىقى ئىككى پارچە تەھدىت خېتىنى تارتمىسىدىن ئېلىپ، ئۈچ پارچە خەتنى ئۈستەل ئۈستىگە قاتار تىزىپ قويدى. ئوخشاش پۇچۇركىدا يېزىلغان ئۈچ پارچە خەتكە كۆزى چۈشكەن سەيدۇللامنىڭ چىرايى ئاجايىپ ئۆزگۈرۈپ، كۆز قۇيرۇقلىرى لىپىلداپ كەتتى. يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق ئاغدى، پۇت ـ قوللىرى رەسمىي تىترىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا غەنى كۆرگەن «غەلىتە چۈش» نىڭ مەنىسىگە يەتتى.

— تاماكاڭدىن بىرتال چەكسەم بولامدۇ؟

غەنى ئۇنىڭغا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بەردى.

— مەكتەپكە بىرىپسەن ـ دە؟ — سورىدى سەيدۇللام غەنىدىن.

— بارمىدىم، باشلاپ باردى.

— كىم؟

— سەن يازغان ئىككىنچى پارچە تەھدىت خېتىڭنىڭ ئاخىرىقى بېتىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ قالغان ماۋۇ خەنزۇچە خەتلەر.

— قانداق قىلىپ؟

— بۇ خەتلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىدە ئۆتۈلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس، مانا بۇ يىپ ئۈچى ماقالە قەغىزىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تېپىشىمغا

ياردەم بەردى. شۆنداق قىلىپ. . .

— تەپەككۇرىڭغا قايىلمەن، بۇ ئىشلارنى قانداقتۇر نامى ـ نىشانى يوق سىرلىق بۇلاڭچىلار گۇرۇھى ئەمەس، مانا مەن قىلغان.

— پۇتۇنلەي ئويلىمىغان ئىش.

— «ئىشەنچ قىلغان تاغدا كىيىك ياتمىغان» دە.

— نېمە ئۈچۈن ياتمىغانلىقىنى سورىسام بولامدۇ؟

— ئەمدى يوشۇرغۇدەك نەرى قالدى.

— سېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان زادى كىم؟

— ناسىر، يەنى هازىرقى قېيناتام دېسەم ئىشىنەمسەن؟

— مەن يەنە چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ، قانداق؟

— نېمە دېسەڭ شۇ.

— قانداق ئاساسىڭ بار؟

— ئاساسىمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن گەپنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ خىزمەت كۈتۈپ ياتقىنىمغا بىر يېرىم يىل بولۇپ قالدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىنغا توختايدىغان شەھەر يېرى بولغان بولسا بۇنىڭ يولى باشقا ئىدى، يېزىدا، يەنە كېلىپ، بىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان مۇشۇنداق يەردە بىھۇدە خورلىنىپ قالغانلىقىمنى ئويلىسام بەكلا ئۆكۈنىمەن. هەر ئادەمدە بىر ئوت، بىر هەۋەس بولىدىكەن غەنىكا، دېسەم ـ دېمىسەم بىر چاغلاردا سەنمۇ مۇشۇنداق بىر هەۋەسنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن بولغىيتىڭ. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا ئوقۇتقۇچى

بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم، ئارزۇ قىلاتتىملا ئەمەس، بۇ خىزمەتكە تەلۋىلەرچە، سەۋدايىلارچە قىزىقىپ قالغانىدىم. بۇ خىل ھەۋەس ۋە قىزىقىشنىڭ ۋۇجۇدۇمدا قانداق قارار تېپىپ قالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆكسۈمدىكى بۇ ئوت ھەسسىلەپ كۈچىيىپ باردى. ئۆزۈممۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ تىرىشتىم، ھەر ھالدا تىرىشقىنىم بىكارغا كەتمىدى، ئاخىر ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان مەكتەپكە باردىم، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تۆت يىلمۇ توشتى، قانات ـ قۇيرۇقىمىز يېتىلىپ، رەسمىي ئۇچۇم بولدۇق، شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئاز بولمىغان ئارزۇلارنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئۇدۇل يېزامغا قايتىپ كەلدىم، ئەپسۇس، يېزا ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن كەلگەن سۆيۈملۈك قۇشنىڭ ئۇچماي تۇرۇپ قانىتى قايرىلىپ كېتىدىغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ دەيسەن. يېزىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپقا مەسئۇل باشلىقى بولغان قېيناتامنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئاچ كۆز ۋە شەخسىيەتچىلىكىنى بىلمەپتىمەن. ئۇ ماڭا: يېزا مەكتەپلىرىدە شتات تولۇق، ئارتۇق سان قوبۇل قىلالمايمىز، ئالدىرىمساڭ ساقلاپ تۇر. كېيىنچە بىرگەپ بولۇپ قالار، — دەپ گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا ئېيتتى.

مەن «كېيىنچە بولۇپ قالىدىغان ئاشۇ بىر گەپ»نى كۈتۈپ ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى مەن ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ پېنسىيىگە چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ،

قېيناتامنىڭ ئالدىغا كىردىم. پېقىر تاش ساناپ بولغۇچە ئۇلار قۇم ساناپ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا سىررت يېزىدىن توي تارتىپ ئەكەلگىلى ئۆزۈن بولمىغان باشقا بىرىنىڭ ئايالىنى تىقىپ بوپتۇ، يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدىن يەنە بىرى تۇرمۇش مۇناسىۋىتى بىلەن قوشنا ناھىيىگە يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئورنىغىمۇ. . . دېمەك شۇنداق گەپ، ناسىر دېگەن ئەبلەخنىڭ يەنى مەدەنىي - مائارىپقا مەسئۇل يېزا باشلىقىنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇپ قويغان يېرىم بارمۇ، بۇنىسىنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ مېنىڭ ئىشىم ئۇنداق - مۇنداق سەۋەبلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ قالىۋەردى. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بىلەن كوچىدا پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدا بىزگە دەرس بەرگەن، كۆڭلىمىز يېقىن ئوقۇتقۇچى ئىدى، گەپنى يوشۇرماي ئوچۇقىنى قىلىۋەردى.

— بىزچە بولسا سېنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئەكېلىۋالغىمىز بار ئۇكام. بىراق، ئىچىق بېشىدا ئادەم بار. ناسىر دېگەن ئەبلەخنىڭ تەستىقىسىز قىل تەۋرىتىشكە بولمىغاچقا بىر نېمە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. بىزدە تەلەپ قىلىش ھوقۇقىدىن باشقا نېمە بار دەيسەن؟ مېنى دېمىدى دەپ قالما، نەچچە قېتىم ئالدىغا كىرىپ سەن ئۈچۈن قىزىرىشىپمۇ قالدىم. مۇمكىن بولسا ئۆزۈڭ بىر يولىنى قىلىپ باقساڭ.

مەن قېيناتامنىڭ «يېزا مەكتەپلىرىدە شتات تولۇق. . . ساقلاپ تۇر. . .» دېگەنلىرىنى مۇدىرغا سۆزلەپ بېرىۋېدىم — ئاچىسىنىڭ قېشىدا شتات تولۇقمۇ، — قايناپ

سۆزلەپ كەتتى مۇدىر، — مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەي ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالغۇدەك بولۇۋاتىمىز. مەسىلە شتاتتا ئەمەس، گالدا، يەپ ئۆگىنىپ قالغان هارام تاماق ئۇ، سەندىن بىرنەرسە تەلەپ قىلىۋاتقان گەپ. جەمئىيەتتە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرگەن سانى بار، ساپاسى يوق بالىلىرى بىلەن مەكتەپنى تولدۇرۇۋەتسە شتات بارۇ، سەندەك مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن بالىغا ئورۇن يوقمىكەن. هۇ، نەپسىگە بالا تەككەن خۇمسى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كىچىچە مىت قىلماي كۆز يۇممىدىم ئۇنەچچە يىل بەدەل تۆلىگەننى ئاز دەپ، يەنە ئوشۇقتىن - ئوشۇق بەدەل تۆلىسەم - هە! ئەتىسى قېنىم تازا قايناپ تۇرغان چاغدا پىرام ناسىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم ۋە قانۇن، پرىنسىپقا يۆلەپ نۇرغۇن گەپ قىلىۋەتتىم، مەنسەپ ئورۇندۇقىدا ئۇزۇن يىل ئولتۇرۇپ قاغدىلىپ كەتكەن بۇ قاقۋاش تولكە گەپلىرىمگە پەرۋامۇ قىلماي مېنى ئىشخانىسىدىن خۇددى هايۋاننى قوغلىغاندەك قوغلاپ چىقاردى.

— ماڭ يوقال! — دېدى ئۇ يۇمشاق سافادا غادىيىپ ئولتۇرغان پېتى سىبىمىز، دىقماق قوللىرىنى شىلتىپ، — سىفەندە بىرنەچچە يىل ئوقۇپ قويۇپ ئۆزۈڭچە ماڭا قانۇن بىلەن پرىنسىپتىن دەرس بەرگۇدەك بولدۇڭما تېخى، قانۇن، پرىنسىپ دېگەن مانا مەن، نەگە بېرىپ دەۋا قىلساڭ دەۋا قىل.

ئۇنىڭ «دەۋا» ئاتالغۇسىنى ئالاهىدە ئۇرغۇ بىلەن تىلغا ئېلىپ، زەهەردەك قىلغان ئاخىرقى گەپلىرى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مانۇۋېر ئىمتىهانىدا بولۇپ ئۆتكەن

بىرئىشنى ئېسىمگە سېلىپ قويدى.

مەن ئۇنىڭ تۆتىنچى بالىسى سەيپۇل بەز بىلەن ئون بىر يىل بىر سىنىپ، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ دېگۈدەك ئوقۇغان ساۋاقداش ئىدىم. مانىۋېر ئىمتىھانىدا ئەنە شۇ ساۋاقداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ قويۇپتىمەن. كېيىن قانداق بولدى دېمەمسەن؟ مەندىن ئون نەچچە نومۇر تۆۋەن ئالغان سەيپۇل بەز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىپ، مەن قېپ قاپتىمەن. غەزەپتىن پارتلاپ كەتكۈدەك بولۇپ ناھىيىگە باردىم مائارىپ ئىدارىسىگە كىرىپ ئەرز قىلدىم، ئارخىپ ئاختۇردۇم. ما ئەسكىنى كۆردۈڭمۇ، سەيپۇل بەزنىڭ مەخسۇس ئانكىتقا تولدۇرغان ئىسىم - فامىلىسى ئىككى خىل پۈچۈركىدا چىقىپ قالدى. قارىسام ئىسىم يېزىلغان پۈچۈركا مېنىڭ، فامىلە يېزىلغان پۈچۈركا باشقا بىرسىنىڭ ئىدى. يەنە كېلىپ سەيپۇل دېگەن ئىسىمدا ئازراق مەسىلە بارلىقىنىمۇ (ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى) سېزىپ قالدىم. بىر پۈتۈن ئانكىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ سەيپۇلنىڭ فامىلىسى يېزىلغان پۈچۈركىدىن باشقا بارلىق كاتەكچىلەرگە تولدۇرۇلغان خەتلەرنىڭ مېنىڭ قولۇمدىن چىققانلىقى ئاتنىڭ قاشقىسىدەك مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئايان بولدىكى، بىر - بىرىگە يېقىن ئىككى ئىسىمنىڭ قاش - كۆزىنى پىچاق بىسى بوياپ قويسىلا كۆتكەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ناسىر دېگەن بۇ ئەبگا، مېنىڭ ئانكىتقا فامىلەمنى قوشۇپ يازمىغان بوشلۇقۇمدىن پايدىلىنىپ ئىشلارنى ئەنە شۇنداق ئېپىنى - ئېپىغا، سېپىنى - سېپىغا كەلتۈرۈپ ئۇڭشۇۋەتكەنىكەن. «نىيىتى

يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دەپ ئاخىر ئۆزى لەت بولدى.
مانا شۇلارنى ئويلاپ بۈگۈنكى ئىشلىرىمنىڭ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىشىدىكى سەۋەبىنى چۈشەندىم. دېمەك، سانىڭ مەقسىتى چۈجىنى يېيىشتە ئەمەس، چۈكۈلدىتىشتا ئىكەن، ئەگەر شۇنداقلا بولسا «گالغا ئۇرۇپ يول تېپىش» مۇ ئاسانغا توختىمايتتى. شۇ يەردىلا ئۆتكەن ئىشلارنى يۈزىگە سېلىپ، مۇنۇ قىلىۋاتقان ئەسكىلىكلىرى ئۈچۈن تۈمشۇقىغا تۈكەرگۈم كېلىپ كەتتى. پەيلىمنى بۇزۇپ قويۇپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇنداق قىلمىسام ھەم ئازراق ئەدەب ساقلىمىسام بولمايدىغان يېرىمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، دىلىم قاتتىق ئازار يەپ، كۆڭلۈم چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك ئەسكى بولۇپ، ناسىرنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتىم. ساڭا دېسەم، مەن بۇنچىۋالا قەدىرسىز قالغان بالا ئەمەستىم، غەنىكا ئۆزۈمنى ماختىغانلىقىم ئەمەس، مەكتەپنىمۇ ئالىي نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. قايتىدىغان چاغدا مەكتەپ تەشكىلى مەكتەپكە ئېلىپ قالايلى دېسە ئۇنىماي، گېزىتخانا، رادىئو ئىستانسىلىرى خېرىدارلىقىمنى قىلسا بارماي، ئاشۇ سەلتەنەتلىك شەھەردە ئۆتۈدىغان پاكىز، ئازادە، راھەت، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى يېزىنىڭ چاڭ - توزانلىرىغا، ئاچچىق تەر پۇراپ تۇرىدىغان قويىنىغا تېگىشىپ بەختىمنى، خۇشاللىقىمنى ئۈستۈېشىدىن نامراتچىلىق، چىرايىدىن مىسكىنلىك، قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن مۇڭ يېغىپ تۇرىدىغان دېھقان باللىرى ئارىسىدىن ئىزدەپ بۇ يەرگە پىدائىي بولۇپ چىقىۋېدىم، ئەمدى ئويلىسام، پىدائىي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بىھۇدە قۇربان بولۇش ئۈچۈن

چىقىپتىكەنمەن. ئۆز يۇرتىدىكى بۇنداق بەھۇدە قۇربانلىققا كىمنىڭ يۈرىكى چىدايدۇ؟ شۇ تاپتا سەن ئۆزۈڭنى مېنىڭ ئورنۇمدا قويۇپ دەڭسەپ باقە، مۇبادا شۇ ئازاب، شۇ خورلۇق سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بولسا قانداق قىلغان بولاتتىڭ؟ باشقا گەپنى قويۇپ، مەن ساڭا لېۋان يازغۇچىسى مىخائىل نۇئەيمەنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى ھەدىيە قىلاي. «دۇنيادا كىشى ئۈچۈن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىن ۋە شۇ زېمىندىكى ئادەملەرنىڭ يەكلىشىگە ئۇچراشتىن ئېغىر بەختسىزلىك بولمايدۇ» دېمەك ئۆز يۇرتۇڭدا ئۆتكۈزگەن سەرسانچىلىقنىڭ ئۆزگە يۇرتتا ئۆتكۈزگەن مۇساپىرچىلىقتىن نېمە پەرقى قالدى؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەرۋازىنى يېزا ئاسمىنىدىن ئىزدەپ كەلگەن بۇ ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل قۇش مانا شۇنداق مۇساپىر بولۇپ قالدى.

يېزىلىق مائارىپ ئىدارىسى مېنى بىرقانچە قېتىم چاقىرتىپ بوربوسۇن① غا بېرىشىمنى ئېيتتى. ئېنىقكى، بۇ ناسىرنىڭ كۆرسەتمىسى ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. سەۋەب — ئۇ يەرگە بارسام قازاق بالىلىرىغا دەرس بەرسەم بولىدۇ. شۇنچە يىل ئۆز ئانا تىلىمدا ئوقۇپ، ئەمدى كەلگەندە يات بىر مىللەتنىڭ تىلىدا. . . ياق، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا باھانە تېپىلدى، مېنى «تەقسىماتقا بويسۇنمىغان، جاپادىن قاچقان» دېگەن سەۋەب بىلەن يانپاشقا ئېلىپ بوربوسۇنغا مەجبۇرىي ھەيدىۋەتتى، مېنىڭمۇ

① بوربوسۇن — يەر نامى.

جاھىللىقىم تۇتتى. ئۇ يەرگە بارماي يېتىۋالدىم. «يېتىۋېلىپ» ئويلاندىم. قېيداش، باتناش، سوكۇت ئىچىدە قارشى تۇرۇش دېگەنلەر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى ئەمەس ئىدى. مېنىڭ يېتىۋېلىشىم بىلەن ئۇلارنىڭ نېمە كارى. ئايلىنىپ كېلىپ سۇپۇرگە زىيانكەش يەنىلا ئۆزۈم بولۇپ قالاتتىم. ئاخىر «قانداق قىلاي بۇ ئوتنى، يۆتكەپ سالايمۇ خوتنى» دېگەندەك «خوت» نى يۆتكەش قارارىغا كەلدىم. بۇ «خوت» ئۇنىڭ قىزى رەشىدەم ئىدى. ئىككىمىزنىڭ ئارىلىشىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن بولغانىدى. ئۇ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەتتى. مەنمۇ ئۇنى يۈرىكىمدىن سۆيەتتىم. بىرئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئارىمىزدا ساپ، سەمىمىي مۇھەببەت مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، بايا ساڭا ناسىرنىڭ ئالدىدا ئەدەب ساقلىمىسام بولمايدىغان يېرى بار دېگىنىممۇ شۇ ئىدى. مۇھەببەت دېگەن شۇنداق نەرسىكەن. يېزىمىزنىڭ ئاشۇ گۈلىنى ئويلىسام، دادىسىنىڭ ئەسكىلىكى كۆزۈمگىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم. توي قىلسام ھامان شۇنىڭ بىلەن قىلىمەن. بۈگۈن قىلسامۇ، ئەتە قىلسامۇ ئوخشاشلا توي. شۇڭا، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ... ئېھتىمال سەن بۇ گەپلىرىمدىن باشقىچە ئويلارغا كېلىۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە قىزنىڭ ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دادىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش دېگەن گەپ مەۋجۇت ئەمەس، مۇبادا شۇنداق نىيەتتە بولغان بولسام، توي قىلىش تەكلىپىنى قويمىغان بولاتتىم. شۇنداق قىلىپ كۆڭلۈمدىكىنى ئاپاملارغا ئېيتتىم.

— چاتاق يوق قوزام، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئاپام

خۇشاللىقىدا، — نىشان قىلغان يېرىڭ بولسىلا بوگۈن دېسەڭ بوگۈن، ئەتە دېسەڭ ئەتىلا ئۆيلەپ قويىمەن.

— رەشىدە

— قايسى رەشىدە؟

— ناسىر توختىنىڭ.

ئاپامنىڭ بىردىنلا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ شوكلەپ قالدى. ئۇنىڭ بايىقى قىزغىنلىقى نەلەرگىدۇر يوقاپ، چىرايىدا سالقىن بىر شولا ئەكس ئەتتى ۋە چېكىسىنى سىلاپ قويۇپ دېدى:

— بىر گەپنى قىلسام كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن بالام. نەزىرى بەكلا ئۈستۈن يەرگە ئىسسىلىۋاپسەن.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟

— ناسىر ئۇ ئىلگىرىكى ناسىر ئەمەس، ھازىر ئۇ «ناسىرجان» بولۇپ قالدى، ئاپالىمۇ ھەم شۇ. مەنغۇ ئۇلارنىڭ قىزى بىلەن ئۇيىپكتا بولغىنىڭغا نارازى ئەمەس. ئەمدى گەپ...

— بەرمەيدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟

— ئۇنداقمۇ قىلماس. چاتاق يېرى «كۆك تاش» قامىنىۋېلىپ جېنىمىزنى گال پىچاقتا غىرداپ قويامدىكىن دەيمىنا، باشلىنىشى ياخشى بولمىغان توينىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىغىز ئىچىش تەس.

ئاپام توغرا ئېيتقانىكەن. ئۇنىڭ دېگەنلىرى يۈزدە-يۈز توغرا بولۇپ چىقتى. ئەلچى ئالتىنچى قېتىم ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ، ئاتالمىش «سىلىق» پۈتۈلگەن قەغەزنى، قوپاللىراق ئېيتسام كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بىرتاغار يۈكنى ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ «يۈك» ئۇ خەتنىڭ ئۆزىنى



www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىش ئويۇنى، ئاپامنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، قارشى تەرەپنىڭ جېنىنى گال پىچاقتا غىرداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ناۋادا ئۆيىۋاقىنى سېتىپ، پۈتۈن مال - ۋاراننىڭ بېشىغا سۇ قويغان ئەھۋالدىمۇ ئۇلارنىڭ ئاش سۈيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تەلىپىنى قاندۇرۇش يەنىلا تەس ئىدى، ھالال نىيەت، ياخشى كۆڭۈل بىلەن ناسىر دېگەن ئەبلەخنىڭ بوسۇغىسىنى تېشىپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلمايمۇ تۇرالمىدىم، ئەگەر خەقنىڭ سۆز - چۆچەكىدىن قورقمىسام يېپىق قازاننى يېپىق پېتى قويۇپ باشقا كەلگەننى كۆرەتتىم. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىردىنبىر ئۈمىد ئەلچىنى ئاخىرقى قېتىم ئىشقا سېلىپ يەنە ئەۋەتتۇق. ئەپسۇس، ئەلچى قايىقىچ چۈشكەن، باشلىرى ساڭگىلىغان ھالدا قايتىپ كەلدى، ناسىر ئۇنىڭغا: «ئات دېگەننى يېغىرىغا چىدىيالىغان ئادەم مىنىدۇ، بېرىپ دەپ قوي، چامى يەتسە مىنسۇن، بولمىسا كۆتىنى قىسسۇن، ئۇنىڭسىزمۇ مېنىمەن دەپ يۈرگەن نى - نى ئوغۇل باللار بار...» دەپتۇ. بۇ گەپ غورۇرىمغا قاتتىق تەگدى. شۇ يەردىلا ۋۇجۇدىمغا مۇزدەك، تولىمۇ مۇزدەك بىر ئېقىن تەپتى. بۇ ئېقىمدىن بەدەن - بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ، يۈرىكىم قىزغىن، ھارارەتلىك ئۇرۇشنى يوقاتتى. تاغ سۈيىدەك شوخ، بۇلاق سۈيىدەك يېقىملىق، دېڭىز سۈيىدەك جۇشقۇن ھېسسىياتىم بىراقلا سۇسلىشىپ، كاللامغا بىر خىل ياۋايى تەلۋىلىك ياماشتى. ناسىر دېگەن ئاشۇ بىرنېمىگە «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇپ»، «ئات مىنىش» نىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدۇم.

— مۇشۇ ئۇسۇل بىلەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە. بىرىنچى قېتىملىق تەھدىت خېتىنى يازغاندا سىلەر ئۈيلىمىغان يەردىن سەككىز كىشىلىك رازۋېدكا گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مېنى ئاشۇ گۇرۇپپا تەركىبىگە قوشۇۋالغىنىڭلار ماڭا تازا ئوڭ يانپاشتىن كېلىۋىدى. بىراق...

— بىراق، دەپ قالدىڭغۇ؟

— ئىشنى چولتا قىلىپ قويۇپتىمەن. رەشىدەم بەرگەن ماقالە قەغىزىنى ئىشلەتمىگەن بولسام مۇتلەق چاتمايتتى.

— شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ ئىشقا پۇشايمان قىلىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟

— تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە، ناسىردەك ئەسكىگە تېتىپ قويغىنىمغا پەخىرلىنىۋاتىمەن.

— ئاقىۋەتتە يەنىلا ئۆزۈڭگە قىلدىڭ - دە.

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئەگەر قىلدى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ناسىر ئۆزىگە قىلدى. باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىغا، ئەتىۋارلىق قىزىغا قىلدى، ئۇ بىر جىنايەتچى.

— شۇنداقمۇ دەيلى، بىراق ئۇلار ئوتنىڭ تېشىدا كۆيىدۇ، سەن بولساڭ ئىچىدە. ئەمدى ساڭا قانۇن يۈز - خاتىر قىلمايدۇ. بۇنى قانداق قىلىسەن؟

— مېنىڭ قانۇننىڭ يۈز - خاتىرىسىدىن تەمەيىممۇ يوق.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى مەن خەلق ئالدىدا، كۆپچىلىك ئالدىدا يۈز

كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمىدىم.
— بىراق، خەلق ئۇنداق دەپ چۈشەنمەيدۇ ـ دە.
— هامان چۈشىنىپ قالىدۇ.
— بىھۇدە ئۇپراش ئالدىدا تۇرغان ئۆمرۈڭگە. زايە كېتىۋاتقان بىلىمىڭگە ئېچىنمامسەن؟
— مېنى ھەممىدىن بەك ئېچىندۇرىدىغىنى يۇرتنىڭ، مىللەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغا شەخسىي غەرەزلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى. بىز خەق ياخشى خەق، شۇنداقلا بەك ئەسكى، خۇمسى خەق. ئارىمىزدا ياخشىلار كۆپ، لېكىن ئەسكىلەر، بولۇپمۇ قورسىقى تار، كۆزى كىچىك، كۆڭلى قارىلارمۇ ئاز ئەمەس. نەپسىمىز يامان. ئۆز مەنپەئىتىمىزنى ھەرقانداق مەنپەئەتنىڭ ئۇستىگە قويۇۋالىمىز. ئەنە شۇ مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىۋېتىشكە، ھەممىنى ئۇتقا تىقىۋېتىشكە يۈرىكىمىز چىدايدۇ. بىر ـ بىرىمىزنى ئاياشنى، قەدىرلەشنى، ئاسراشنى، بىغىر يېپىشنى بىلمەيمىز. ياشاشقا، ئىشلەپ بېرىشكە تېگىشلىك ئادەملىرىمىزنى يېشىدىن بۇرۇن قېرىتىپ، ئەجىلىدىن بۇرۇن جېنىنى ئالىمىز، مانا شۇنداق كۆڭلى قارىلىقىمىز بىلەن مۇشۇ كۈنلەرگە قېلىۋاتقان خەق بىز. بۇ كۈنلەر بىز خەق ئۈچۈن ئانىمىزنىڭ سۈتىدىن ھالال، تېخى بېشىمىزدىكى بۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبىنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىن كۆرۈشنىڭ ئورنىغا باشقىلاردىن رەنجىيمىز. خۇدادىن ھارغۇچە ئاغرىنىمىز. خۇددى خۇدا ئۈچۈن يەپ، خۇدا ئۈچۈن كىيىپ، خۇدا ئۈچۈن ياشاپ بېرىدىغاندەك، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاپقان ـ تەرگىنىمىز تىزىمىزدىن ئاشماي،

يىگەن ـ ئىچكىنىمىز چىرايىمىزغا چىقماي، بارغانچە يىرىكلەپ، قورۇلۇپ، توپا بېسىپ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، نەزەرىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتىمىز، مۇبادا بىز خەقنىڭ نىيىتى يەنە مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا خۇدانىڭ غەزىپىگە بىراقلا ئۇچراپ، نەسلى قۇرۇپ كەتكەن دىنوزاۋردەك بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىمىزدىن تامامەن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. نۆۋەتتە بۇ قىسمەت، بۇ بەختسىزلىكلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى مائارىپ ۋە ئىلىم ـ پەن. مەن بۇنى تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ هاياتىمدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، ئاز بولمىغان ئارزۇلارنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ئوتتەك مۇهەببەت بىلەن يېزامغا كېلىۋېدىم. ئەپسۇس، ئۆيدىكى هېساب بازارغا توغرا كەلمەي، كۆڭلۈمدە بىخ سۈرۈشكە باشلىغان گۈزەل ئارزۇلار بۇشۇكىدە هالاك بولدى، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتسام، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بۇ سۆيۈملۈك تۇپراقتىن قاتتىق كۆڭلۈم قالدى.

— كېيىنكى كۈنلىرىڭنى قانداق ئۆتكۈزمەي دەۋاتىسەن؟

— بۇنى تېخى ئويلاشمىدىم. ئەمما، ئوقۇتقۇچى بولمايمەن. ئېهتىمال بۇ يەرگە قايتا دەسسىمەسلىكىم، يىراق ـ يىراقلارغا كېتىشىم مۇمكىن. شۇ تاپتا سەندىن بىر نەرسىنى ئىلتىماس قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— نېمىنى؟

— دىككىدە ئۆيگە بېرىپ كەلسەم، ئەنسىرىمە، قېچىپ كەتمەيمەن. ئاپامنى سۆيۈپ قويۇپلا قايتىپ كېلىمەن.

— ئايالىڭچۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۇنىمۇ سۆيۈپ قويىمەن، بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغىمۇ خۇدانىڭ ئېيتقىنى باردۇر؟!

سەيدۇللام ئۆزىنى تېخىمۇ مەغرۇر، سالاپەتلىك تۇتۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. غەنى قاققان قوزۇقتەك ئورنىدىن مىدىر قىلماي سەيدۇللامنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

1995 ـ يىل 1 ـ ئاي، سۇپتاي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# ئىشىك چەككۈچىلەر

ئىشىك چېكىلىسلا كۆڭلۈم تۆيىدىغان بولۇپ قالدى. ئەنە، ئىشىك يەنە چېكىلدى.

— كىرىڭ، — دېدىم بېشىمنى بىر ــ رتوقاي ماقالە دۆۋىسىدىن كۆتۈرۈپ.

ئىشخانىغا ئوتتۇرا ياش، ئوتتۇرا بوي، يۈزىدە ئەلۋەك سەپكۈنى بار، پوزۇر كىيىنمىۋالغان ناتونۇش بىر ــ رەيلەن چىرايىغا سۈنئىي تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئالىمجان دېگەن سىز بولامسىز؟

— شۇنداق، قېنى ئولتۇرۇڭ.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن «قار لەيلىسى» ماركىلىق تاماكىسىنى چىقىــ ــرىپ، — تاماكا چېكىڭ.

— رەھمەت، ئۆگەنمەپتىكەنمەن.

— ئۇنداق بولسا مەن چېكىپ قوياي. ئەسلىدە مەنمۇ بۇنداق نەرسىنى مۇشۇ يېشىمغىچە ئېغىزىمغا ئېلىــ ــپ باقمىغان. بىرقانچە كۈن بولدى، يوقىتىپ قويغان پۇلنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي چېكىپ قويدۇق دەڭا. ئاچچىقنىــ ــى ئاچچىق باسامدىكىن دېدىم. قانداق قىلىمىز ئۇكىجان، پۇل دېگەن گۈينىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە بولسا، يەنە بىر ئۇچى يۈرەكتە بولىدىكەن. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلۇشكۈن ئاخشام

سلەرنىڭ رادىئودا بەرگەن ئېلاننى ئاڭلاپ قالدىم. بولمىسا ئۆيگەم ئىچىمدىن قېقىلىپ. . .

— ئېلاندىكى پۇل يوقاتقۇچى مەن، دەڭ، — دېدىم ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئۇرامىغا قاراپ.

— شۇنداق.

— نەدە يوقىتىۋېدىڭىز؟

— نەدە يوقاتقانلىقىمنى مەن نەدىن بىلەي. گوموشلۇق قىلىپ مۇنۇ يانچۇقىمغا سالغىنىمنىلا بىلىمەن. ئۆيگە كېلىپ قارىسام يوق تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ كېپىنەك قانتى قىلىپ كېسىلگەن كاستوم چاپىنىنىڭ چاپلىما يانچۇقىنى كۆرسىتىپ.

— نەچچىلىك پۇلتى؟

— پۇلنى دەمسىز؟ توغرا، پۇل خېلى كۆپ. ئېسىمدە قېلىشىچە. . .

— نېمىگە چىگىلگەن؟

— قول. . . قول ياغلىقىغا.

— پۇلىڭىزنىڭ قانداق بەلگىلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— بەلگە؟ گەپ بولدى ـ دە، مېنىڭ قولۇمدىكى پۇلغا ھۆكۈمەت ئەن سېلىپ قويىماپتىكەن ئۇكامويى، بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟

— يا. . . ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ھۆكۈمەت ئېلىپ يۇرۇشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن يۈز يۈەنلىك، ئەللىك يۈەنلىك پۇللارنى بازارغا سالدى، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئاشۇ پۇللىرىڭىز ئىچىدە شۇنداق پۇللار بارمىدى بولمىسا قانداق پۇللار. . . ؟

— مۇنداق دەڭ، يوقسۇ ئۇكام، مېنىڭ يانچۇقىمدا ئۇنداق مۆڭگۈزى يوغان پۇللار يوق، ھەممىسىلا ئۇن كوي، بەش كويلۇق پۇللار ئىدى.

— ئۇنداق بولسا تەخىر قىلىڭ ئاكا، — دېدىم ئۇنىڭغا ئاچچىق تەنە بىلەن، — خۇدايىم بۇيرۇسا سىزنىڭ پۇلىڭىزمۇ تېپىلىپ قالىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئاشۇ پۇلىڭىز ئىنساپى بار كىشىلەردىن بىرەرسىگە چوقۇم ئۇچرايدۇ، شۇ چاغدا رادىئودا ئېلان بېرىمىز، پۇلىڭىزنى ۋاقتىدا كېلىپ ئېلىۋېلىڭ ماقۇلمۇ؟

ئۇنىڭ سەپكۈن يۈزى ئاۋۋال بىلىنەر - بىلىنمەس قىزاردى، ئاندىن ئاستا - ئاستا مۇردىدەك تاتىرىپ، قاڭشىرىنىڭ ئۈستىدە ئىككى تال تەر تامچىسى پەيدا بولدى. ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، زۇۋانى تۇتۇلدى. شۇنداق قىلىپ، رادىئودا «پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ئېلانى» بېرىلگەن ئىككى كۈن ئىچىدە مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈن ئۈچىنچى كىشىنى يولغا سېلىشىم بولدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بۇ پۇلنىڭ ئىگىسى تېپىلمىدىمۇ؟ دەپ قالماڭ، تېپىلدى. ئۇ يېزىدىن شەھەرگە مال ساتقىلى كىرگەن بىر دېھقان ئىكەن، ئۇ ئېلان بېرىلگەن كۈننىڭ ئەتىسى قاق سەھەردە ئىستانسىمىزنىڭ بوسۇغىسىدا ئۈنۈپ، پۇلنىڭ سانى ۋە بەلگىسىنى تېنىمەي - تەمتىرىمەي ئېيتىپ بېرىپ ھەم «ئېلان» نىڭ تېگىشلىك رەسمىيەت ھەققىنىمۇ. . . بولدىلا بۇ گەپلەرنى دېمەيلا قوياي. ئەنە ئىشىك يەنە چېكىلىۋاتىدۇ.

1994 - يىل 4 - ئاي، غۇلجا

# رەھمىتى «بايقۇش»

ئىشىكتىن كىرگەنلا يەردىكى كارىۋاتتا ياتقان ئۆزىنى چوڭلار مائارىپ مەركىزىنىڭ مەسئۇلى دەپ تونۇشتۇرغان ئىلمەك بۇرۇن مۇنۇ كىشىگە قاراپ ئۆزۈمنىڭ تۇتامى يوق خىزمەت ئورنىدا شاپاشلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمرۈمگە تۇنجى قېتىم قاتتىق ئۆكۈندۈم. نېمىشقا دېسىڭىز، ھەر كىم ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى مانا شۇنداق باش ياستۇققا يەتكەن چاغلاردا ھېس قىلىدىكەن. بىزمۇ مۇشۇ كىشىگە ئوخشاش كالتە قوشۇقنىڭ سېپىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان بولساق - ھە! شۇ ئەمەسمۇ، ھەرقانچە ئالىيجاناب كىشى بولسىمۇ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالسا، كۆڭگە مىڭ قېتىملاپ ئىچىلىپ - يېپىلىپ تۇرىدىغان بالنىست ئىشىكىگە تەمە بىلەن قاراپ ئولتۇرمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ. گەپ — ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈپ كىرىدىغان تۆت توك - توك نەرسىسىدە ئەمەس. قۇرۇق كەلسىمۇ كۆڭۈل ئىشىدە.

بىز دەۋاتقان بۇ «كۆڭۈل» بالنىست ئىشىكى بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز مىڭ چاقىرىم يولدەك ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن بۇ تەرەپكە زادىلا ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى. ئايىغى بېسىقماي كىرىپ تۇرۇۋاتقان مېھمانلار، كارىۋات ئاستى، تومپۇچكا ئىچلىرىگە غىل - پاللا تاشلاپ قويۇپ

www.uyghurkitap.com

چىقىپ كېتمۋاتقان «ئەرزىمەس» «كۆكۆل»لەر. . .
ياللا، هازىرقى ۋاقىتتا ئەسلى باشلىق بولىدىغانىم گەپكەن، نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ هايا ـ نومۇسىنى قايرىپ قويۇپ، ئەمەل ۋە مەنسەپ تەمەسىدە ئايىغىنىڭ چەمى چۇشۇپ قالغۇچە قاتراپ، ئېرىشىپ قالسا بېشى كۆككە يېتىدىغان، ئىشى ئەپلەشمەي قالسا سىل كېسىلى بار ئادەمدەك مۈكچىيىپ، قورۇلۇپ، تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم.
مۇئەللىپ هېكايىسىنى قىلمۋاتقان مەزكۇر «بايقۇش» — نىڭ ئالتۇن چىشلىق قاملاشقان ئايالى هەر كۈنى كۆز باغلىنىشى بىلەن تەڭ قاش ـ قاپىقىنى سۈزۈپ، مىڭ تۈرلۈك ناز ـ كەرەشمە بىلەن بالنىستقا كىرىپ كېلەتتى ـ دە، «ئارزۇلۇق ئادىمى» گە ئېلىپ كەلگەن سوۋغات ـ سەلەڭ بىر قاچا «يۇندىسى» نى بېرىپ قويۇپ، هېلىقى «كۆكۆل» لەرنى كۆزىمىزگە سىڭىپ قالغان يوغان قارا سومكىسىغا خۇپىيانە قاچىلاپ غىپپىدە كېتىپ قالاتتى.
— قوي گۆشىكەن.
— قېزىمۇ باركەن.
— ۋاه، ماۋۇ يەردە بىرسى جىڭ سارجا ئەكەپتۇ، قاراڭلار. . .
بىز «بايقۇش» نىڭ مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ چىققان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، كارىۋات ئاستىدىكى «كۆكۆل» — لەرنىڭ «جامالى» نى چالا ـ پۇچۇق كۆرۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولالايتتۇق. بىر كۈنى بالنىستقا ئۇستىۋېشىنى دەسمال بىلەن ئوراپ قويغاندەك بىچارە، چىرايىنى قويۇق ساقال ـ بۇرۇت باسقان، تۇرقىدىن يىراق يېزىدىن

كەلگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان كۆرۈمسىز، ياشانغان بىر كىشى دولىسىغا رەڭگىدىن كەتكەن خورجۇننى ئارتىپ كىرىپ كەلدى. كارىۋات ئۈستىدە يېنىچە يېتىپ گېزىت كۆرۈۋاتقان «بايقۇش» نىڭ كۆزى ھېلىقى كىشىگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ نېمىشقىدۇر باشقىلار كەلسە ئايىماي ئىلتىپات قىلىپ تۇرىدىغان ئەلۋەك تەبەسسۇمى بىردىنلا يوقىلىپ، كاۋا چېچىكى رەڭگىدىكى چىرايى سەل ئۆڭگەندەك بولدى - دە، شاپپىدە يانغا ئۆرۈلۈپ تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى، شۇنداقتىمۇ دوختۇرخانىغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ كىرىپ كەلگەن ياشانغان كىشى چىرايىغا تەپكەن ئۆزگىرىشنى چاندۇرماي كارىۋاتقا يانداپ قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، بالنىست ئىچىنى بىرپەس ئېغىر سۈكۈت باستى، پەقەت كارىدوردا ئۇيان - بۇيان ماڭغان كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى، كىملەرنىڭدۇر قەي قىلىشلىرى، يۆتەلگەن - قېقىلغان ئاۋازلار... ئاشكارا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، كىرپىكىگە غىل - پال ياش ئىلىنىپ قالغان ئاقساقال بىمارغا قاراپ قارشى تەرەپتىن ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغاندىن كېيىن «بايقۇش» نىڭ ساغرىسى ئۈستىدە تۇرغان سول قولىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ئۇزاق سىلىدى، يۇزىگە ئەكېلىپ ياقتى، ئاندىن سۆيدى، سىلاش، يېقىش، سۆيۈش... تەكرار بولۇۋاتقان بۇ ھەرىكەتلەر شۇنداق ئېغىر، ئاستا، تەسىرلىك داۋام قىلىۋاتاتتى. مۇشۇ قۇرلارنى قەغەز يۇزىگە ئەينەن، ئۆز پېتى چۈشۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان مۇئەللىپ يۇقىرىقى بىرپارچە سۇرەت، بىر پارچە تەسىرلىك كۆرۈنۈشنىڭ بەدىئىي چىنلىق ئەمەس، رەڭ ۋە پەدازلاردىن خالىي

ھەقىقىي تۇرمۇش چىنلىقى ئىكەنلىكى ئۈستىدە ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىگە ئىمانى بىلەن كاپالەت بېرەلەيدۇ.

— نېمە دەپ كەلدىڭ؟

سۆيۈش ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا بىمار قولىنى بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك ئىتتىك تارتىۋالدى ـ دە، قارشى تەرەپكە تولىمۇ قاتتىق، قوپال تەلەپپۇزدا شۇ گەپنى قىلدى.

— ئاپاڭ. . . ئاپاڭ بىچارە. . . — ياشانغان كىشى بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. شۇ چاغدىلا بىز ئۇنىڭ «بايقۇش» نىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

— مەن ئۆلگىنىم يوق. مانا ياخشى تۇرىۋاتىمەنغۇ. بولدى قايت. . .

ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى زىكرى ـ سۆھبەت شۇنچىلىكلا داۋام قىلدى، ئاتىسى خۇرجۇنىدىن بالىسىغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن يېزىنىڭ نان ـ توقاچ، ئاز ـ تولىدىن قايماق، پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى چىقىرىپ تومپۇچكا ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويدى ۋە ئېغىر، تولىمۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىغا يىغىلىپ قالغان ياش ئارىلاش قەقەچلەرنى باشمالتاق بارمىقىنىڭ دۇمبىسى بىلەن ئېرتكىنىچە بالنىستتىن ئىن دىمەي چىقىپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىتەلەي ۋە بەختسىز بۇ ئاقساقال دوختۇرخانىغا تىرىك كىرىپ «ئۆلۈك» قايتقانىدى. بىز بىر بالنىستتىكىلەر بۇ ئىشنى كۆرۈپ بىر ھەپتىگىچە ياقىمىزنى تۇتۇشۇپ يۈردۇق. «تىرىككىمۇ تۆت كۈن، ئۆلۈككىمۇ تۆت كۈن» دەپ ئىككىنچى ھەپتىسىدىن باشلاپ

بۇ ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ، بالنىست كەيپىياتى يەنە بۇرۇنقى ئەسلىگە كەلدى. ئايىغى بېسىقماي كىرىپ تۇرۇۋاتقان مېھمانلار، «بايقۇش» نىڭ ئۇلارغا ھەدىيە قىلغان ئەلۋەك تەبەسسۇملىرى، قىزغىن كەيپىيات، مۇھەببەتلىك پاراڭلار، كارىۋات ئاستى، تومپۇچكا ئىچىگە تەكەللۇپسىز كىرىپ تۇرۇۋاتقان «ئەرزىمەس كۆڭۈل» لەر. . . گۆش، قېزا، رەخت. . .

ئېغىر «كاناي ياللۇغى» بىلەن بۇ يەرگە كىرىپ قالغان «بايقۇش» نىڭ ئەھۋالى ئوبدانلا ئوڭشىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئارا كۈندە بىر ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ كېلەتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن بالنىستقا يىغىلىپ قالغان «كۆڭۈل» لەرنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇش بولغان ھېلىقى يوغان قارا سومكىغا قاچىلاپ ئۆيىگە خۇشال كېتىپ قالغان «بايقۇش» ئويلىمىغان يەردىن يېرىم كېچىدە دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ قالدى. دوختۇرلارنىڭ جىددىيلىشىپ قالغىنىغا قارىغاندا بىمارنىڭ ھالى خېلىلا ئېغىردەك قىلاتتى. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتارغا يېقىن دوختۇرلار بىمارنىڭ يېنىدىن باشلىرى چۈشكەن ھالدا قايتىپ چىقىشتى.

— بىر گەپنى دېسەم كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، — دېدى سېسترا بالنىستىمىزغا كىرىپ، دېرىزە تەرەپتە ياتقان بىمارغا قاراپ، — سىزمۇ دىققەت قىلىڭ، كاناي ياللۇغى — يۈرەك، قان بېسىمىغا ئوخشاشلا تاۋى نازۇك ئاغرىق، ئۆزىنى ئۆزى كۈتمىسە، بولۇپمۇ يېمەك ـ ئىچمەككە ئالاھىدە دىققەت قىلمىسا بولمايدۇ. مانا ماۋۇ كارىۋاتتىكى كىشىنى كۆردۈڭلارغۇ، ئۇنىڭ ئاچ كۆز نەپسى ئاخىر ئۆز

بېشىغا چىقتى.

— قانداق بولۇپ؟ — سېستىرانىڭ گېپىدىن بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ سورىدۇق بىز.

— بۇزۇلغان، ۋاقتى ئۆتكەن قېزىنى كۆپ يەپ، ئېغىر زەھەرلەنگەن، تېخى بۇنى ئاز دېگەندەك سوغۇق ئىچىملىكنى نورمىدىن ئوشۇق ئىچكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىنلا كېڭىيىپ كەتكەن ئۆپكە شاخچىلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ھاۋا كەپلىشىپ، ئۆپكىنىڭ ئوكسىگېن قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى تۈگەپ، نەپەس قىيىنلىشىپ قان تومۇرلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە قېتىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نەتىجىدە... مانا شۇنداق گەپ...

بۇ گەپلەردىن ئانچە ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدۇق، سېسترا دېگەندەك رەھمىتى «بايقۇش» قارنىغا ئامراقراق كىشى ئىدى. گەرچە سېستىرانىڭ ئۆزىنى ئۆزى داۋالاش دېگەن سۆزىنى ئىنكار قىلمىساقمۇ، بىراق ئۇنىڭغا قاراپ مېيىغىمىزدا كۈلۈپ قويدۇق.

1997 ـ يىل 1 ـ ئاي، غۇلجا

# «بومباي»نىڭ ئارقا كوچىسى

«مۇراد، ناھىيە ھاكىمى بۈگۈن ئەتىگەن تېلېفون ئۇرۇپ مۇخبىر ئەۋەتىشىمىزنى ئېيتتى. بۇ ۋەزىپىنى ساڭا تاپشۇردۇم. سائەت توققۇزدىن قالماي ئۇ يەرگە بېرىپ بول. كونكرېت ئىشنى ھاكىم ئىشخانىسىغا بارغاندا بىلىسەن، دەپ بۆلۈم مۇدىرى.»

«ھەرقاچان تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەت تەكشۈرىدىغان ئىش،— دەپ ئويلىدىم ئۈستىلىم ئۈستىدە تۇرغان خەتنى كۆرۈپ ۋە ئىچىمدە غودۇڭشىپ،— ئاساسىي قاتلامدىكى بىچارىلەرنىڭ تەرلەپ - پىشىپ بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى مۈگدەپ تۇرۇپ ئاڭلاپ، كەينىدىن تۆت ئېغىز ساپاسى يوق كۆرسەتمە ۋە يولىيورۇقنى بېرىپ قويۇپ، قانغۇچە يەپ - ئىچىپ قايتىپ كېلىدىغان گەپ، ئاندىن بىز دەبدەبىلىك ماۋزۇدىن بىرنى قويىمىز، ھاكىم جانابلىرىنىڭ ئاتالمىش خىزمەت تەكشۈرۈش ئىشىنى قېلىپلىشىپ كەتكەن سىياسىي ئىبارىلەر بىلەن بېزەپ، گېزىت - رادىئوغا كاتتا خەۋەر يازىمىز، ھەي. . . ي، نېمىدېگەن قاملاشمىغان، تېتىقسىز ئىشلار بۇ؟. . . »

بۆلۈم مۇدىرىنىڭ ئۈستىلىمگە تاشلاپ قويغان ئىككىلىك خېتىنى يانچۇقۇمغا پۇرلاپ سالدىم - دە، ماڭدىم. ھاكىم قوبۇلخانىسىدا بىرقانچە كىشى — خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ھۆكۈمەت كاتىپى،

ئەرزىيەت ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە شوپۇر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار مېنىڭ كېلىشىمىزلا كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— هە مانا، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرىمۇ كېلىپ قالدى، — قوبۇلخانىغا كىرىشىمگە هاكىم بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتىپ قويۇپ ئورنىدىن قوزغالدى، — ئەمدى ماڭساڭلار بولىدۇ، سائەت ئون ئىككىگىچە ئىشخانامدا جاۋابىڭلارنى كۈتىمەن.

هاكىمنىڭ تەلەپپۇزى كەسكىن، كەيپىياتى تازا نورمال ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ باش - ئايىغى يوق بۇيرۇقىدىن هېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. نېمە ئىشلىكىنى بىلىپ بولغۇچە ماشىنىغا چىقىپ بولدۇق. يولدا كېتىۋېتىپ يېنىمدا ئولتۇرغان هۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ كاتىپىدىن سورىدىم:

— هاكىم بىر ئاز چىچىلىپ قالغاندەك تۇرامدۇ، قانداق؟

— مانا مانى كۆرۈپ بېقىڭ، — كاتىپ جاۋاب ئورنىدا قولۇمغا قىسقا بىر پارچە خەت يېزىلغان قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

«جانابىي هاكىم: بالا چاغلىرىمدا مەرهۇم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى ئاڭلىغانلىقىم هازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ: ‹كىشىلەر بومبايىنى قالتىس تەرەققىي قىلغان گۈزەل شەهەر، دېيىشىدۇ. تىرامۋاي ماڭغان كوچىلىرى، سەلتەنەتلىك بىنالىرى، مال بىلەن تولغان ماگىزىنلىرى، قايناق بازارلىرىنى كۆرۈپلا ئادەملىرى هەقىقەتەن بەختلىككەن دېگەن تەسىراتقا

كېلىدۇ، بىراق ھەقىقىي ئەھۋال ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئەمەس، ئىچكى قىياپىتىدە، قۇياش نۇرى چۈشۈپ بولالمىغان ئارقا كوچىلىرىدا.) خوش، مەقسەتكە كەلسەم: ھازىر جەمئىيىتىمىز كۆپ تەرەققىي قىلدى، جۇملىدىن ناھىيىمىزمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. خەلق باي، پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتى، بىز ئەنە شۇ بەخت شارابىدىن قانغۇچە ئىچىپ، خۇشاللىقتىن مەست بولغان چاغلىرىمىزدا سىلەرگە ئوخشاش باشلىقلىرىمىزنى پات – پات ئەسلەپ قالىدىكەنمىز، شۇڭا ئۈچ يۈز يىگىرمە مىڭ نوپۇسنىڭ ئاتىسى بولغان جانابىي ھاكىمنىڭ ئائىلەمگە كېلىپ، بىز بىلەن بىللە ئاشۇ بەختتىن بىر نۆۋەت بولسىمۇ بەھرىمەن بولغاچ، خۇشاللىقىمىزغا ئورتاق بولۇپ كېتىشىنى ئىلتىماس قىلىپ بۇ خەتنى ئالاھىدە يازدىم. كۆڭلۈمنى يەردە قويماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ، ئازگال كوچا 19 – قورۇدىكى ئارزۇگۈلدىن.»

ئارتۇقچە گەپ سوراشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. ماشىنا ئازگال كوچىسىغا كىرىپ، ۋەيرانە بىر قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. بىز كەلمەكچى بولغان 19 – نومۇرلۇق قورۇ مۇشۇ بولسا كېرەك، كاتىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ قورۇ دەرۋازىسىنىڭ بىر يانغا قىيسىيىپ قالغان كېلەڭسىز قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، قورۇ كەڭ ھەم ئازادە ئىدى. سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، يېرىم – ياتا قالغان سوقما تاملار ۋە ياغاچلىرى چىرىپ، ئۈستى بېسىلىپ كەتكەن كونا لاپاس — بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى ئەترەت ئىدارىسىنىڭ تۇرالغۇ جايى قىلىنغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى. لاپاسقا يانداپ

كىملەردۇر كىچىك تىپتىكى ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى قۇرۇۋاپتۇ. قورۇنىڭ ئىچىگە بەكلا قالايمىقانىدى، چېچىلىپ ياتقان گەربىنلەر، بولۇشىغا تاشلاپ قويغان كۆتەكلەر، بىرقانچە يەرگە ئادەم بويى ئېگىزلىكتە سەرەڭگە قېپىدەك تىزىپ قويغان تاختايلار...

بىز قورۇغا ئىچكىرىلەپ كىردۇق. كەينى تېمى قورۇنىڭ كوچا تەرەپ تېمىغا كەلتۈرۈپ سىلىنغان، ئەبجىغى چىقىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالغان بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئالدى پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى. كونا بولۇشىغا قارىماي ئاستىغا گېل بېرىلىپ، ئۈستى چىرايلىق ئاقارتىلغان بۇ ئۆي قاش ـ قاپىقىغا قاملاشتۇرۇپ ئۇسما قويۇۋالغان يېزا قىزلىرىدەك يېقىملىق تەسىرات بېرەتتى. شۇ ئاردا ئىشىك ئېچىلىپ، دولىسىغا ئىسسىقى قالمىغان پاختىلىق چاپان ئارتىۋالغان ئون ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئاجىز بىر بالا چىقىپ كەلدى. ئۇ بىزنىڭ كىرگىنىمىزگە دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك، يۈگۈرۈگەن پېتى بېرىپ هويلىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدىكى دۆۋىلەپ قويغان قارغا جىرغايتىپ قويۇپ بەردى. بالا جاراڭلاپ تۇرغان مۇشۇ سوغۇقتا ساپما كەش سېپىۋالغان بولۇپ، قوناق شېخىدەك ئىنچىكە پاچاقلىرى ئوچۇق تۇراتتى. بىز بالىغا قاراپ يېنىك يۆتىلىپ قويدۇق. بالا بىزنى كۆرۈپ ئىزا تارتىپ قالدىمۇ قانداق، ئىشتاننى ئالىمان ـ تالىمان كۆتۈردى ـ دە، تىلىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويۇپ، پۇتىدىكى ساپما كەشنى سۆرىگىنىچە ئۆيىگە ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى. بالا كىرىپ كېتىپ هېچ قانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا چېكىسىگە ئۆڭۈپ كەتكەن شىرىس ياغلىق

چىكىلەۋالغان، قاملاشقان بىر چوكان ئالدىراپ ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى.

— ئازگال كوچا 19 - قورۇ. . .

— شۇنداق، ئارزۇگۇل مەن بولىمەن، — دېدى چوكان گېپىمىزنىڭ ئايىغى چۇشمەيلا، — قېنى ئۆيگە كىرىڭلار.

بىز تارتىنىشمايلا ئۆيگە كىردۇق. ئۆيگە كىرىپ كۆڭلۇم بۇزۇلدى. باغرىمدىكى گەپنى قىلسام ئۆي ئىچى ماڭا لەنىتى داش قازان مەزگىلىدىكى كۆڭۈلسىز تۇرمۇشنى ئەسلىتىپ قويدى. جۇلىقى چىقىپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن بوز كىگىز، قەغەز يەشىك ئۈستىگە چىرايلىق قاتلاپ تىزىپ قويغان تۆت تال ئورۇن - كۆرپە، كەينىنى تېشىپ، بىر تال كانايىنى توغرىسىغا تامدىن چىقىرىپ، ئۈستىگە داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈردە قاپقاق ياسىتىپ مەش ئورنىدا قويۇۋالغان ئەسكى چېلەك، پۇتلىرى ئاجراپ، بالداقلىرى سۇنۇپ، سىم بىلەن بولۇشىغا چولاپ قويغان جوزا، قازان، سىرى كۆچۈپ كەتكەن كورا، قاپاق چۆمۈچ، بىرنەچچە چىنە - قاچا، ماكچىيىپ كەتكەن داس، ئاغزى يوق چۆگۈن، دېرىزە تەكچىسىدىكى كېرەكتىن چىققان جاۋۇر، چاشكىلارغا كۆچۈرۈپ قويغان بىرقانچە قاچا گۈل. . . مانا بۇلار بۇ ئۆينىڭ بىردىنبىر مۈلكى ئىدى، كىگىز ئۈستىدە بولۇڭدا تۆت بالا تۇگۈلۈشۈپ يالىڭاچ دېگۈدەك قارتا ئويناپ ئولتۇراتتى. بالىلارنىڭ چوڭى ئونتۆت، ئونبەش ياشلار چامىسىدا ئىدى. بالىلار بىزنى كۆرۈپ قارتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇڭغا، ئەسكى چاپان ئاستىغا تىخمۇ بەكرەك تۇگۈلگىنىچە تۇردى، چىرايلىرى تاتارغان، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قالمىغان بۇ

باللار دان ئەكىلىش ئالدىدا تۇرغان ئانىسىغا تەلپۈنگەن كەپتەر باچكىلىرىدەك ئەتىسىز لەۋلىرىنى يالىشىپ بىزگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى.

— تۇرۇڭلار باللىرىم، ئاكىلىرىڭلارغا ئورۇن بوشىتىڭلار

ئارزۇگۈل ئۆيىمىزغا قويماي داستىخان سېلىپ بىر پىيالىدىن چاي قويۇپ قويدى، ئالدىمىزدا قوناق ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن جەۋەندە...

— ھاكىم بىللە كەلگەن بولسا بەك ياخشى بولاتتى، — دېدى ئارزۇگۈل بىزنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىۋېتىپ، — سىلەر كەپسىلەر، بۇنىڭغىمۇ رەھمەت. ئۆيۈمنىڭ تۆرى بولسا ماۋۇ، سىلەرگە بۇنىڭدىن ئارتۇق چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. مانا شۇنداق گەپ.

— ئۆزىڭىز بىرەر ئورۇندا ئىشلىمەمسىز؟ — سورىدى كاتىپ.

— پوچتىخانا ئالدىدا ۋېلىسىپىت ساقلايتتىم. سوغ چۈشۈپ كېتىپ ئۇ يەرگىمۇ چىقالمىدىم.

— قىشلىق يېقىلغۇ، ئوزۇق - تۈلۈكىڭلارنى قانداق قىلىۋاتىسىلەر؟

— يازىچە ۋېلىسىپىت ساقلاپ تۆت تەڭگە پۇلنى نېرى قىلىپ قويغان، شۇنىڭغا ئاز - تولا ئۇن ئېلىۋالدىم، ھېلىمۇ ياخشى، تەلىيىمىزگە بۇ قورۇدا پەن زاۋۇتى بار ئىكەن، شۇنىڭدىن چىققان ئوتۇن بىلەن كۈن ئېلىۋاتىمىز.

— ئەترەت تەشكىلى كۆڭۈل بۆلمىدىمۇ؟

ئارزۇگۈل كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشنى بىلگەن بولسام

بۇنچىۋالامۇ قىينىلىپ كەتمەسىدۇق. بىــــراق، ئۇنداق قىلىشنى ۋىجدانىم كۆتۈرمىدى. بالىلىرىم چوڭ بولغاندا ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە «يامان خوتۇننىڭ بالىسى» دېگەن تامغىنى قالدۇرۇپ قويۇشنى خالىمىدىم. بالىلىرىم ئوقۇش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ھازىرغىچە مەكتەپ بوسۇغىسىنى كۆرگىنى يوق.

— يولدىشىڭىزچۇ، ئۇ تۇگەپ كەتكەنمۇ؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغان.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

— مۇھەببەتتە بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئايالمەن. شەھەردىن ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەرگە لەنتى «قايتا تەربىيە ئېلىش شاملى» نىڭ ئۇچرىتىشى بىلەن چىقىپ قالغان. بىر مەزگىل ئەترەتتە ئىشلىدىم. كېيىن كەنت ئاھالىلار كومىتېتى تەشكىللىگەن سەنئەت كۇرۇژۇكىدا ئارتىست بولدۇم. رىزق غايىب، نىكاھ غايىــب دېگەن شۇكەن، شۇنداق قىلىپ. . .

— بالىلارنىڭ دادىسى بىلەن تېپىشىپ قالدىم، دەڭ؟

— ئۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتىم، ئەپسۇس، ئەقىدەمنى يەردە قويدى. ھاراقتا، ئىچىملىككە بېرىلىپ پىيەنچۇك بوپ كەتتى. ئۇنىڭ خورلىشىغا، زۇلۇمىغا چىدىمىدىم. پېشانەمگە پۇتۇلگىنى شۇ بولسا كېرەك، بالا تۆت بولغاندا ئاجرىشىپ كەتتۇق، بالىلارنىڭ ئىككىسى ماڭا، ئىككىسى ئۇنىڭغا قالغان، بىچارە بالىلىرىم بىۋاپا ئاتىنىڭ قولىدا تۆزەلمەي يېنىمغا قايتىپ كەلدى.

— قىيىنچىلىقىڭىز ئېغىر ئىكەن، شۇنداق تۇرۇپ

نىمىشقا تەشكىلگە ئىلتىماس يازمايسىز؟

ئارزۇگۈل يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— ئىلتىماس بىلەنلا ئىش پۈتىدىغان بولسا، مېنىڭ ئىشىم پۈتۈپ كەتسە بولاتتى، ئىلتىماس ئەمەس، تالاي قېتىم ئەرز يېزىپمۇ باقتىم. كەنت، بازارلىق ھۆكۈمەتلەردە بىزدەكلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم يوق ئوخشايدۇ. يازغان نەرسىلىرىم توپا بېسىپ قالىۋەردى، ئاخىر بولماي مۇشۇ ئۇسۇلنى تاللاپ، ھاكىمغا بىۋاستە خەت يازدىم.

بىز قايتتۇق.

ھاكىم ئارزۇگۈلنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئۈستىلىنىڭ گىرۋىكىنى چېكىپ تۇرۇپ قالدى ۋە سائىتىگە قاراپ قويۇپ شوپۇرغا بۇيرۇدى:

— ماڭ، دەرھال ماشىنا بىلەن بېرىپ كەنت، بازارلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشلىقلىرى، خەلق ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلىنى تېپىپ كەل. ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ قويۇپ تۇرسۇن!

ئۇ كەلسۇن، دېگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يېرىم سائەتكە قالماي ھاكىم قوبۇلخانىسىدا تەق بولدى، ھاكىم ئالدىغا كىچىك قارا دوسكىنى قويۇپ، قولىغا بور تۇتتۇۋالغانىدى. ئۇ ئالدى بىلەن دوسكىغا بازارلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىسمىنى يوغان قىلىپ يېزىپ، شۇجىغا تىكىلدى.

— ۋاڭ شۇجى، قېنى سىز دەڭا، ئازگال كوچا 19 ـ قورۇدىكى ئارزۇگۈلنىڭ ھالىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ، يوق؟

شۆجى دۇدۇقلاپ قالدى. ھاكىم ۋاڭ شۆجىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە سوئال بەلگىسىنى تىركەپ قويۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقىغا تىكىلدى.

— سىزنىڭچۇ؟

— بۇ... بۇ... بىزنىڭغۇ خەۋىرىمىز يوق ئەمەستى ھاكىم... ئەمدى بىراق...

دوسكىغا بازارلىق ھۆكۈمەت باشلىقىنىڭ بازارلىق خەلق ئىشلار ئىشخانىسى مەسئۇلىنىڭ مۇبارەك ئىسمىلىرى يېزىلىپ كەينىگە قۇلاقتەك چوڭلۇقتا سوئال بەلگىلىرى قويۇلدى.

— سىلەرگە قاتتىق كەتسىمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي يولداشلار، — دېدى ھاكىم ئۆزىنى تەستە بېسىپ، — ھۆكۈمەت سىلەر بىلەن بىزنى يۇمشاق سافادا غادىيىپ ئولتۇرسۇن، چىرايلىق پىكاپلارنىڭ ھۇزۇرىنى كۆرسۇن دەپ باشلىق قىلىپ قويمىغان، شۇنداققۇ دەيمەن؟ بىز زادى كىمگە باشلىق؟ مەجبۇرىيىتىمىز نېمە؟ بۇ سوئاللارنى دوپپىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ، ئوبدان ئويلىشىپ كۆرمىسەك بولمايدۇ. سۇدىن ئايرىلغان بېلىقنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ بىزنىڭ جېنىمىزمۇ ئەنە شۇ يەردە، ھەر قايسىڭلارنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتلىرى ساپلا زەي سالماي ئاتقان پولىرىڭلار بىلەن توشۇپ كەتكەن، كۆپ قىسىم يۇقىرىلارنىڭ ھالى بولسا ئاۋۇ. مۇشۇ يۈزىمىز بىلەن ئۇلارغا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈپ بولالايمىز؟ ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا زادى قانداق ئاقلاپ بولالايمىز...؟

ۋاڭ شۆجى، بازار باشلىقى، خەلق ئىشلار

www.uyghurkitap.com

ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ئىپادىسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇپ قالدى، ئەمدىكى نۆۋەت كەنت ياچېيكا سېكرېتارى بىلەن ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ باشلىقىغا كەلگەندى، ھاكىم ئۇلارنىڭ ئىسمىنى دوسكىغا قاتار يازدى.

— سىلەرچۇ؟

— خەۋىرىمىز بار، — دېيىشتى ئۇلار تەڭلا.

— قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنمۇ؟

— ئە . . . ئىم، كۆر . . . گەن . . .

— بىرەر قېتىم ھالىدىن خەۋەر ئالدىڭلارمۇ؟

سوئال نەق توچكىسىغا كەلگەندە سېكرېتار بىلەن كەنت باشلىقى كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر ـ بىرىگە غىل ـ غىل قارىشىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئاڭلىسام ئارزۇگۈلنى قاملاشقان چوكان دەيدۇ، — دېدى ھاكىم گېلىنى مەنىلىك قىرىپ قويۇپ، — كۆڭلۈڭلارنى ئالالمىغان يېرى بارمۇ يا؟

كەنت مەسئۇللىرىنىڭ ماڭلىيىغا رەسمىي تەر تەپتى. چىرايلىرى قاتتىق بىر ئۆڭۈپ، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى، ئەمما ھاكىمغا چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، ھاكىم بۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگىمۇ سوئال بەلگىسىدىن بىردىن ئىككىنى ئۆرۈۋېتىپ دېدى:

— سىلەرگە جىق گەپ قىلماي، ئارزۇگۈلگە قاراشلىق نەچچە مو تېرىلغۇ يەر بار؟

— جان . . . جان بېشىغا، — دېدى كەنت باشلىقى بوش، ھېسسىياتسىز ئاھاڭدا بېشىنى يەردىن ئارانلا

كۆتۈرۈپ،— بىرمو سەككىز يۈگدىن ھېسابلىساق ئۈچ جاننىڭ جەمى بەش مو تۆت يۈڭ يېرى بارغۇ دەيمەن.

— قالغان ئىككى جاننىڭچۇ؟

— يولدىشىنىڭ ھېسابىدا.

— ئۇ نان قېپىنىڭ يېرىنى بىــراقلا ئاررۇگۇلگە ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار. كارىكاراڭ قىلسا جاۋابىنــى ئۆزۈم بېرىمەن. ھە، يەنە بىرگەپ، بۇ ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى سىلەرگە — كەنت كادىرلىرىغا تاپشۇردۇم. كۆزدە ئاشلىقنى ئۆيىگىچە يەتكۈزۈپ بېرىسىلەر ئۇنداق - مۇنداق سەۋەب بىلەن ئاشلىق بولماي قالدى، دېگەن گەپنى ئاڭلىغۇم يوق. ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق.

— بالىلارنىڭ ئوقۇش ئىشىنى قانداق قىلىسىلەر؟

— ئوقۇش؟ بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭ ھاكىم، ئۇلارنى مەكتەپكە بېرىشكە چوقۇم كېپىل بولىمىز.

ھاكىم دوسكىنىڭ يۈزىنى تام تەرەپكە قارىتىــــپ قويۇپ، نەزىرىنى بازارلــىق ھۆكۈمەت مەسئۇللىـــرىغا ئاغدۇردى.

— خوش يولداشلار، مۇنۇ دوسكىدىكى ئىسمىڭلارنىڭ كەينىدە سوئال بەلگىسىنىڭ تۇرىۋېرىشىنى خالىمايسىلەرغۇ دەيمەن، ئۇنداق بولسا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي، مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئائىلىنى بىـــخەتەر جايغا كۆچۈرۈپ بولىسىلەر، ئىجارە ھەققىنى خەلق ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ ھېسابىغا ئاتچوت قىلساڭلار بولىدۇ. يازغا چىققاندا كەنت ئاھالىلار كومىتېتى ئاررۇگۇلنىڭ نامىغا بىر قورۇلۇق جاي ئاجرىتىپ بېرىدۇ، سىلەر شۇ يەرگە ئىككى ئېغىز ئۆي

سىلىپ بېرىسلەر، ئۆي رەسمىي پۈتكەندىن كېيىن ئىسمىڭلارنىڭ كەينىگە ئېسىغلىق تۇرغان سوئالنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلايمەن.

قوبۇلخانا ئىچى بىر پەس جىمجىتلىققا چۆمدى، ھاكىم قول ياغلىقىنى ئېلىپ، ئىككى قولى بىلەن ئاغزىنى يېنىك چىمدىپ ئېرتمۇتەكەندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى سافادا ئولتۇرغان ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقىدىن سورىدى:

— ئارزۇگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلگەنلەر ئىچىدە سىزمۇ بار. دېمەك، ئۇلارنىڭ قىشلىق يېقىلغۇ، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ئويلاشمىساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. قېنى سىلەر بۇ ئائىلىگە قانچىلىك بىر نەرسە بېرەلەيسىلەر؟

— بىزما؟ بولىدۇ ھاكىم، ئەتىگىچە مۇزاكىرە قىلىپ...

— مەن بۈگۈننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا بىر خالتا ئۇن، بىر تونىنا كۆمۈرنى بۈگۈنلا يەتكۈزۈپ بېرەيلى.

— شۇنچىلىك نەرسە بىلەن قارا قىشتىن چىقىۋالغىلى بولىدۇ دەپ ئويلامسىز؟

— ئەمدى، ھاكىم... بىزمۇ باشقىلارنى ئويلىمىساق بولمايدۇ - دە.

— پەلە - پەتىش گېپىڭىزنى قويۇڭ. مەن سىزگە مەسلىھەت ئەمەس، بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن. بۈگۈن كەچ سائەت بەشكىچە يېتەرلىك ئۇن، ماي، يېقىلغۇ، بىر ئانا، تۆت بالىغا بىر قۇردىن قىشلىق كىيىم - كېچەك

تەييارلىنىپ، ئارزۇگۈلنىڭ قولىغا تېگىپ بولسۇن، يەنە بىر گەپ: تۆت نارىسىدە گۆش بار تاماق كۆرمىگىلى ئۆزۈن بوپتۇ. ئۇلار بۇگۈن بىــــرۋاق تويغۇدەك گۆش يېيىشى كېرەك. بۇ ئىشنىمۇ سىلەرگە تاپشۇردۇم. سائەت بەشتە ئۇ يەردە پەيدا بولىمەن تاپشۇرمىلارغا ئەمەلىيىتىڭىز بىلەن شۇ يەردە جاۋاب بېرىسىز!

مەن ئاخبارات ساھەسىدە يۈرۈپ خەلقنىڭ ھال ـ مۇڭىـــغا كۆپرەك ئارىلاشقاچقىـــمۇ ھازىرقـــى بەزى باشلىقلىرىمىزنى سۆيى قاچقان گال پىچاققا ئوخشىتىپ يۈرەتتىم. ھاكىم ۋەدىسى بويىچە كەچقۇرۇن سائەت بەشتە بىزنى ماشىنىسىغا سېلىپ، ئازگال كوچا 19 ـ قورۇنىڭ بوسۇغىسىدا ئۇنگەن چاغدا بۇ قارىشىمدا پىچاق بىســى ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى، دېمەك...

بىرقانچە بالا تەرلەپ پىشىپ قول تراكتورىنىـــڭ كۇزۇپىغا لىسىدە بېسىلغان كۆمۈرنى چۈشۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئۇستىگە يېڭى كىيىم ئالماشقان ئائىلىدىكى بەش جان مانا ئەمدى ئادەم سىياقىغا كىرگەن، قازانغا سېلىپ قويغان ئۇستىخانلىق كالا گۆشـــى غۇژمەك ـ غۇژمەك كۆپۈك چىقىرىپ قايناۋاتاتتى، بۇ مەنزىرىنــى كۆرگەن ھاكىم رازىمەنلىك بىلەن يېنىك تىنىپ قويدى، ئارزۇگۈلنىڭ كەيپىياتى، ئاۋازى، مېڭىش ـ تۇرۇشــى ئۆزگىچە ئىدى.

— كەچۈرۈڭ سىڭلىم، — دېدى ھاكىم ئارزۇگۈلنىڭ كەنجى ئوغلىنىڭ ئورۇق، ئەتسىز ئېڭىكىنى ئاتىلارچە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — بىز «بومباي» — نىڭ ئارقا كوچىسىنى راستتىنلا كۆرمەي قاپتۇق، بۇنىڭدىكى

www.uyghurkitap.com

ئەيىب مېنىڭدە دېسەممۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن پات ـ پات كۆرۈپ تۇرۇشقا تىرىشىمىز.

ئىككى كۈندىن كېيىن ماقالىسىنى پۈتتۈرۈپ، هاكىمنىڭ تەستىقىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئىشخانىسىغا كىردىم. هاكىم ماقالىنى بىرقۇر كۆرۈپ چىقىپ ئىمزاسىنى قويۇپ بەردى:

«ئىشلىتىشكە قوشۇلمايمەن»

مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— ماقالە تەلەپكە لايىق چىقماي قاپتىمۇ هاكىم؟ — دېدىم ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ.

— ياق، ياق، گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس ئۇكام، — دېدى هاكىم قوللىرىنى ئىشقىلاپ قويۇپ، — ماقالە ياخشى بوپتۇ، بىراق مېنى بەكرەك ماختىۋېتىپ قاپسىز. ماختاشقا شەرتىم توشمايدۇ، شۇنچە يىل مەنسەپ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپتىمەن، ئەپسۇس، خەلققە، پۇقرالارغا قىلىپ بەرگەن ئىشىمنى ئويلىسام خىجىل بولىمەن. مۇشۇنداق ئەرزىمەس ئىشلىرىم بىلەن ئۆزۈمنى خەلققە كۆرسەتسەم قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، هازىر جەمئىيىتىمىزدە «بومباي» نىڭ ئارقا كوچىسىدەك كوچىلار، قۇتقۇزۇشقا، ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك ئائىلىلەر تېخى نۇرغۇن، كۆڭلۈمدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغۇم كېلىدۇ، بىراق يالغۇز جېنىم، چەكلىك هوقۇقىم بىلەن قايسى بىرسىنى قىلالايمەن؟ بۇنداق مەسىلىلەرنى هەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى يەنىلا سىلەرگە، ئاخبارات ۋاستىسىگە باغلىق. سىلەر ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئارقا كوچىلارنى كۆپرەك ئارىلاپ، گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزورلارغا ماقالە

يېزىڭلار، يوقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى، جەمئىيەتنىڭ قوللىشى، كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، گېپىم چۈشىنىشلىك بولغاندۇ؟

نېمە دەيمەن، هاكىمغا رەھمەت ئېيتىپ قايتتىم. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. بۆلۈم مۇدىرىمىز هاكىمنىڭ ماقالە ئۈستىدىكى ئىمزاسىنى كۆرۈپ بېشىنى ئېغىر چايقىدى ـ دە، چېكىپ بولاي دەپ قالغان تاماكىسىغا ئۇلاپلا يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى.

— ئاڭلىدىڭىزمىكىن ئۇكام، — دەپ قالدى ئۇ تاماكىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ.

— نېمىنى؟

— يېقىندا ئېچىلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيىدا هاكىمنىڭ ئورنى ئالماشقۇدەك.

يائاللا، مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملەرمۇ يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدا يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، باشتا مۇدىرىمىزنىڭ گېپىنى چاقچاق دەپ يۈرۈپتىمەن، راست دېگەندەك ئۇزۇنغا قالماي ئېچىلغان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا هاكىمنىڭ ئورنى ئالمىشىپ، ۋىلايەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمەت كومىتېتىنىڭ بىر يېرىدىن چىقىپ قالدى. ئاڭلىسام يوقىرى ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپتۇمىش.

1996 ـ يىل 1 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# ئاق ساراي چۈشى

ئاسمىنى كەڭ جاھان، كۆرۈمسىز بولسىمۇ سوقما تاملىق ئازادە ئۆيلەر، باغلىق ھويلىلارنى تاشلاپ قويۇپ، مۇنۇ ئاتىقى ئۇلۇغ شەھەرگە ئەرزىمەس ھەۋەسنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن كىرىپ قالغىنىمنى ئويلىسام قاتتىق ئۆكۈنىمەن. بۇ يەردە «جاي مەسىلىسى — جان مەسىلىسى» ئىكەنلىكى كىمنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ دەيسەن. بىر قېرىنىدىن چىققاندەك بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان سىدام، كۆرۈمسىز، ئاسمان پەلەك بىنالارنىڭ كالتەپەم ئىنژېنېرلىرىنىڭ قورسىقىدەك تار، كۆزىدەك كىچىك خانىلىرىگە تۆتلا مېھمان كەلسە ئىشەنچلىك باشلىغىلى بولمىغان. شۇمۇ ئىش بولدىمۇ، ئىگەكىم شەھەردىن كۆرىدىغان ھالاۋەت مۇشۇ بولىدىغان بولسا گۆرىگە ئوت كەتسۇن بۇنداق ماكانىنىڭ.

ئۇلار يەتتە بالا ئىدى. مەن بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي سەككىزەيلەن شۇ تاپتا كەڭلىكى ئۈچ، ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىرلىق بىرئېغىز ئۆيدە تۈنەشكە توغرا كېلىۋاتاتتى، ئايالىم بىلەن بالىلىرىمغۇ بوز كىگىزنىڭ يېرىمىچىلىك ئاشخانىدا بىر ئامالىنى قىلىپ تاڭ ئاتقۇزار. بىراق بىزچۇ؟ كۆز ئالدىمدا ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ سوغۇق، ئەڭ ئازابلىق بىر كېچە قاپقارا قاناتلىرىنى يېيىپ تۇراتتى، مۇشۇ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئويلىسام

ئەقلىم يەتمەيتتى. ئۆزۈڭنىغا سوزۇلغان ئولتۇرۇش ئاساسى جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ، ئىچىملىكتىن كەيىپى توشقان يىپزىلىق بۇرادەرلىرىمنىڭ ئالدى ئەسنىگىلىــى تۇردى. دېمەك، ئۇلارغا ئورۇن سېلىشىم، كەچلىكىگە خەيرلىك تىلىشىم كېرەك. خىيالىمدا ئۆزۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەككىز «تاز» نى ئۆي جاھازلىرى بىلەن تېخىمۇ تارلىشىپ تۇرغان ئون ئىككى كۋادرات مېتىرلىق بۇ ئۆيگە ئۇچەيگە گورۇچ تىققاندەك سىغداپ باقتىم. تۆتتىن ئارتۇق ئادەم پاتمىدى. ئاخىــر كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان ئامالنـــى قىلماقتىن باشقا چارە قالمىدى، يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ، نومۇس، تەڭقىسلىق، خىجالەتچىلىكنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم.

— مۇنداق گەپتى ئاغىـــنـــلەر، هازىر سائەت ئونبىردىن ئېشىپ قاپتۇ. ئولتۇرىمىز دېسەڭلار قولۇم يەنە كۆكسۈمدە، چارچىدۇق، ئارام ئالايلى دېسەڭلار گاچچىدە ئورۇن كەلتۈرۈپ. . . ھەممەيلەن ئۆز بولغاچقا شۇنىمۇ دەپ قوياي: ئۆيۈم بىرئاز تار، شارائىتىمنـــى توغرا چۈشىنەرسىلەر، بۇ ئۆيگە قانچىلىكىمىـــز سىـــغساق شۇنچىلىكىمىز ياتساق، قالغانلىرىمىز. . .

— ھە، قايتىپ كەت، دېمەكچىمۇ سەن؟

— ئۇنداق ئەمەس، كېچىچە ئۆگزىدە تۇنەپ سوغۇقتا راۋاپ چېلىپ چىقسۇن دەۋاتىمدۇ.

— ۋەيىت. . . ۋە. . . يىت. . .

— ھاي، ھاي، چاقچىقىڭلارنــى قويۇپ تۇرۇڭلار بالىلار، ئەزىمەت گېپىنى دەۋالسۇن.

بۇنداق چاغدا قىلــىنغان چاقچاق ئادەمنـــى

ئوڭايسىزلاندۇرۇپمۇ قويىدىكەن. «توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، يىگىتنى نومۇس» دەپ خىجالەتچىلىكتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.

— سى... سىلەرنى تالادا قويۇپ، كۆ... كۆڭلۈم... — تىلىم كالۋالىشىپ دەيدىغان گەپلىرىمنىمۇ تاپالماي قالدىم، — خاتىرجەم بولۇڭلار، مېھمانخانىغا ئاچىقىپ ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئەلۋەتتە ئۆزۈممۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

— مانا، ما گېپىڭ چەك باسىدۇ ئاداش، — تىجارەت بىلەن ئاز - تولا شەھەر كۆرۈپ كۆزى ئېچىلىپ قالغان ۋاھاپ ئىسىملىك دوستۇم مېھمانخانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشقىچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى، — داۋاي، بىرىنچى بولۇپ مەن ماڭدىم قېنى بىز بىلەن كىم بىللە بارىدۇ؟ كۆڭلى ئۆينى تارتقانلار ئۆيدە قالسۇن، قالغانلىرىمىز ئەزىمەت بىلەن چىقىپ... ئاڭلاشمىدىم دېيىشمە ئاغىنىلەر، مېھمانخانا دېگەننىڭ پەيزىنى پېقىر جىق كۆرگەن. لۆم - لۆم كارۋات، ماموق ياستۇق، ئاپئاق يوتقان، قوشناچىڭ-نىڭ قويىنىدا ياتقاندەك ياتىسەن، ئىچىمەن دېسەڭ يۇننەننىڭ پۇراقلىق چېيى، كۆرىمەن دېسەڭ تېلېۋىزور، چاي دېگەننى ئاتنىڭ قېنىدەك دەملەپ قويۇپ، پۇت - قولنى ئۇزۇن سوزۇۋېتىپ... ۋاھ... ھا ئەتىگەنلىككە ئارمىنىنى قىلىشساڭ... شۇنداقمۇ ئەزىمەت؟

— شۇنداق بولماي، — دەپ قويدۇم مەنمۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن باراي.

— مەن...



www.uyghurkitap.com

— مەنمۇ. . .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىسىنىڭلا مېھمانخانىدا ياتقۇسى كېپكەتتى. نېرى تۇر، بېرى تۇر بىلەن ئاخىر ئۈچ ئادەم ئۆيدە يېتىپ قالىدىغان، بەشەيلەن مېھمانخانىغا بارىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق، ۋاھاپنىڭ گېپى بويىچە ئۇلارنى بىرئامال قىلىپ شارائىتى ياخشىراق مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇشۇم زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى، قانداق بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ مەندىن رازىلا بولۇپ كەتسە مەيلى ئەمەسمۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشلاپ ماڭدىم.

كەچ كۈز كىرىپ قالغاچقا ھاۋا خېلىلا سوغ ئىدى. مەركىزىي كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاكاتسىيە دەرەخلىرىدىن لەيلەپ چۈشكەن يوپۇرماقلار ئىزغىرىن شامالدا ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپ، كىشىگە كۆڭۈلسىز مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى. كوچىدا ئادەملەر شالاڭ بولۇپ، ئاندا - ساندا مەستلەر ياكى شەھەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ چىققان زامانىمىزنىڭ ئاشىق - مەشۇقلىرى ئۇچراپ قالاتتى. قايسى بىر دەرەخنىڭ، قايسى بىر بىنانىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا كىرىۋېلىپ ھاياسىزلارچە ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ تۇرغانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى.

— مانا تاماشا دېگەن، — ياندىكى خالتا كوچىدىن بىر - بىرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىشىپ چىقىپ كەلگەن بىرجۈپ ياشقا كۆزى چۈشۈپ قالغان ئابدۇش ئىسمىلىك ئاغىنىمىز كەيپچىلىكنىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك، ۋارقىراپ تاشلىدى، — شەھەر دېگەندە ئالامەت ئىشلارنى كۆرىسەن جۇمۇ، رەسۋا، رەسۋا.

www.uyghurkitap.com

— بوشراق سۆزلىسەڭ بولامدىكىن ئابدۇۋاي، — چاقچاق قىلدى ئارىدىن بىرى، — ياشلاركەن، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندۇ ئاداش، سەن بىلەن بىزمۇ ئاساق ئاتتەك چاپچىپ تۇرغان چاغلىرىمىزدا نىمىلەرنى قىلمىغان؟

— قىلغانلىرىمدىن تانمايمەن، — بوش كەلمىدى ئابدۇشمۇ، — بىراق بىز ئوينىغاندەك ئېيتمىدە، چىرايلىق ئوينىغان، ماۋۇ خەقنىڭ قىلىقلىرىغا قارا، كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېلىشىۋاتىدۇ. شۇمۇ مۇھەببەت بولدىمۇ؟

— غەربچە مۇھەببەت دېگەن شۇ.

— نىمە دېدىڭ؟ ئۇيغۇرچىسى نەگە كېتىپتۇ؟ قۇرۇپ كەتسۇن قېنىمىزدا يوق بۇنداق مۇھەببەت، چوڭ كوچىدا ئادەم بارمۇ، يوق دېمەي، ھۇ ھايانى بىلمەيدىغان ئېشەكلەر.

ئابدۇشنىڭ كەيپى تۇتسا ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ كوچىدا قىزىق قانلىق قىلىپ بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ مېھمانخانىغا ئالدىرىدىم. ما كېلىشمەسلىكنى قارا، قېرىشقاندەك مېھمانخانىدا ئىشىمىز ئەپلەشمىدى، يانچۇق ئەينىكىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ لېۋىگە لەۋ سۈرۈق سۈرۈپ ئولتۇرغان مېھمانخانا كۈتكۈچىسى گازىر كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ، ھەممىمىزنىڭ باش - ئايىغىغا تەكشى زەن سېلىپ چىققاندىن كېيىن سوراپ قالدى.

— كىملىك كىنىشكاڭلار بارمۇ؟

— بۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، — دەپ چۈشەندۈردۈم كۈتكۈچى قىزغا ئۆزۈمنىڭ كىملىك كىنىشكىسىنى تەڭلەپ

سىپايىلىق بىلەن، — يېزىدىن كىرگەن شە... شەھەرگە كىرىشىمۇ مۇشۇ، مۇمكىن بولسا قوندۇرۇپ قالسىڭىز. بۇنچە كەچتە نەگە بېرىپ ياتاق ئىزدەپ يۈرىمىز؟

— بولمايدۇ، كىنىشكا بولمىسا قوبۇل قىلالمايمىز، — گەپنى كېسىپلا ئېيتتى ئۇ.

— بۇ... بۇ سەتەڭ نېمىدەپ كاتىرلاۋاتىدۇ؟ — سورىدى ئابدۇش بېقىنىمغا يانداپ كېلىپ.

— نېمە دەيتتى، كىملىك كىنىشكىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق نەرسە نېمە قىلىدۇ بىزدە، ھە، بولسا نېمە قىلىدىكەن؟

— ياتقۇزىدىكەن، بولمىسا ياتقۇزمايدىكەن.

— ھوي لاۋشاڭ، — دەپ خەنزۇچىنى يېرىم - ياتا يامىداپ قەلبىنى چەشەندۈرگىلى تۇردى ۋاھاپ، — بىزدە شۇ ناياڭدا دۇڭشى مېييۇ، نى پاڭشىن، (خاتىرجەم بول دېمەكچى) بىز شۇ بىندىرىن.

— بۇشىڭ، جۇدۇي بۇشىڭ، — بېلەت ساتقۇچى تەلەتىنى ئاجايىپ سەت تۇرۇپ بېلەت سېتىش تۆشۈكىنىڭ قاپقىسىنى يۈزىمىزگە قارىتىپ ياپقاندەك جالاققىدە يېپىۋەتتى.

— كۆتىگە ياغاچ تىققاندەك نېمىگە ئاچچىقلاپ بېرىدۇ ما گوي، — رەسمىي تېرىكتى ۋاھاپ، — مانا قارا، چىرايلىق گەپ قىلىۋاتسام قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ قىلىۋاتقان قىلىقىنى.

— ئېغىر بولايلى ئاداش، — تەسەللىي بەردىم ئۇنىڭغا، — بۇنداق نېمىلەرگە قايناش ئەرزىمدۇ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە هازىر روھىي ھالىتىمىز نورمال ئەمەس ئالىمادىس بىرەرئىش چىقىپ قالسا توقۇناق بالاغا قالىمىز.

— يا ئەمدى دەيمىنا، ئارپىسنى خام ئورۇغاندەك. . .

مەن بالىلارنى سىلاپ سىيپاپ سىرتقا ئېلىپ چىقىۋالدىم.

— سەن، — دېدى ئابدۇش ماڭا سىرتقا چىققاندا چىشلىرىنى گەز ـ گەز قىلىپ، — زۇۋانىنى بىلگەندىن كېيىن لايىقىدا تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويساڭ بولمامدۇ ئاداش، نەدىكى بىرنېمىنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراپ. . . ئىسىت، سەن بىلەن بىزنىڭ ئەركەك بولغىنىمىز، مۇشۇ چاغقىچە ئۈچ بالامنى تۇغۇپ بەرگەن ئايالىمنى ئالىيىپ باقمىغان ماڭا.

— ھاي، ھاي، بولدى بۇ گەپلەرنى قويۇڭلارچۇ ئاغىنىلەر، — ئاردىكى كۆڭۈلسىزلىكنى يوقاتماقچى بولغاندەك گەپ قىستۇردى زىيا، — «پوقىقا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ» دەپتىكەن. ئەرزىمەس ئىشلارغا ئۆزىمىزنى گالۋاڭ قىلىپ نېمە قىلىمىز؟ «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» شەھەردە مېھمانخانا كەممىدى؟ گازىر كۆزنىڭ شۇ قىلغىنىغا مانا ئەمىسە دەپ ناخشا ئېيتايلى، مېنىڭ ناخشىغا پەيزىم تۇتۇۋاتىدۇ.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن، ناخشا توۋلايلى.

— توۋلىغىنا ئاداش، شەھەرلىكلەرنىڭ ئاسمىنىنى راسا بىر چاڭ كەلتۈرۈۋېتەيلى.

— ناخشا مەندىن، تەلەپ سىلەردىن، قېنى قايسى ناخشىغا كۆڭلۈڭلەر تارتىدۇ؟

— سەھرا ناخشىسىغا، ھارۋىكەش ناخشىسىدىن

باشلا.

— قويۇڭلار بۇنداق يىغلاڭغۇ ناخشىنى، سادىر ناخشىسى ياخشى، ۋارقىرا، شەھەرلىكلەر سادىر پالۋان قايتا تىرىلىپ كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قالسۇن.

— ياق، ھاياتكەن، دەپ قالسۇن.

— ئۆلمەپتۇ، دەپ قالسۇن.

— مەڭگۈ... مەڭگۈ ئۆلمەيدىكەن دەپ قالسۇن.

— خوپ، باشلىۋەتتۇق ئەمىسە.

نى مەردلەر ئۆلۈپ كەتتى،
تۈرمىنىڭ قاشاسىدا،
جېنىمنى تىكىپ چىقتىم،
ۋاڭ خۇلۇ ھاشاسىدا.

— ياشاپ كەت زىيا.

— ئاۋازىڭنى قويۇۋەت.

زىيانىڭ نەپسى ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى، ناخشىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ قوياتتى. ئۇ ئاغزىدا دۇتتار چېلىپ، قوللىرىنى پەدە ئۇرغان قىياپەتتە رىتىملىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ «سادىر» ئاھاڭىغا توۋلىغىلى تۇردى.

ئەپسۇس، ناخشا بىلەن تەسكىن تېپىپ قالغان كۆڭلىمىز قايسى بىر مېھمانخانىغا بارغاندا يەنە بۇزۇلدى، ھەممە ئىش كىملىك كىنىشكىسىنىڭ يوقلۇقىدىن بولۇۋاتاتتى. مېھمانخانىنىڭ بېلەت ساتقۇچىلىرى بىزگە سوغۇق، تولىمۇ سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ بېلەت سېتىش تۆشۈكىنىڭ قاپقىقىنى يېپىۋېتەتتى. بۇ ئىش يەنە

بىرقانچە مېھمانخانىدا ئوخشاشلا تەكرارلاندى. كوچا چىراغلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆچكەن. ۋاقىتمۇ كېچە سائەت بىردىن ئېشىپ قالغانىدى، كەچ كۈزنىڭ نەمخۇش، سوغۇق شامىلى يېلىڭ كىيىملىرىمىزدىن توسالغۇسىز ئۆتۈپ، بەدىنىمىزنى رەسمىي مۇزلاتقىلى تۇردى. ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان نومۇس ۋە خىجالەتچىلىكتىن يەرگە كىرەي دېسەم قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسەم يىراق بولۇپ، بالىلارغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. «شەھەرگە كىرىپ ياتىدىغان يەر تاپالماي تالادا قالدۇق» دېسە نە ئات، ئا نومۇس بۇ ماڭا؟ ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكېتىشكە تېخى بولمايتتى. بولغان ئەھۋالدىمۇ قايسى يۈزۈم بىلەن قايتۇرۇپ ئەكېتىمەن؟ مەن ئۇلارنى تالادا قويماسلىقتا، پاكىز، ئازادە مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خاتىرجەم قىلىشقا ۋەدە بېرىپ چىققان، ئاھ، نېمىدېگەن ئېغىر مىنۇتلار بۇ! زېمىن ئۇيقۇدا، شەھەر ئۇيقۇدا، بىزدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى. پەقەت بىزلا... شۇ سائەت، شۇ مىنۇت، شۇ دەقىقىدە قايسى مېھمانخانىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىشنى بىلمەيتتىم، يەنە كېلىپ، تۈن نىسپىگە ئاز قالغان ھازىرقىدەك ۋاقىتتا ھەرقانداق ئورۇنۇشنىڭ ئۆزى بىھۇدە ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ كاللام پارتلاپ كەتكۈدەك دەرىجىدە چىڭقىلىپ، نېرۋىلىرىم قالايمىقانلىشىپ، ئىچىمنى مۇشۇك مورلىۋالغاندەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. توۋا، ماۋۇ جاھاننىڭ تەتۈرلىكىنى ـ ھە! يات شەھەرگە بېرىپ قالغان مۇساپىردىن نېمە پەرقىمىز قالدى ئاخىر؟

— تاماكا، تاماكا بېرىڭلار.

ئۆزۈممۇ سەزمىگەن هالدا تۇۋلاپ ساپتىمەن.
— خىجىل بولۇۋاتقىنىڭنى بىلىۋاتىمەن ئاداش، — دېدى زىيا تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، قولۇمغا تۇتقۇزغاچ كۆڭلۈمنى ياساپ، — نېمىگە خىجالەت بولىسەن؟ ياتاق تاپالمىغانلىق ئەيىب سەندە ئەمەس، بۇنى هەممىمىز چۈشىنىمىز، ئەگەر... ئەگەر باشقىچە ئويلىمىساڭ مەن سىلەرنى بىرىيەرگە باشلاپ باراي. بىر كېچىلىك قونالغۇ تېپىشىمغا كۆزۈم يېتىدۇ.
— نەگە؟
— بارغاندا بىلىسەن.
زىيا بىزنى «ئەركىن بازار» دەپ ئاتىلىدىغان شەهەرنىڭ قەدىمكى رەستىلىرىنىڭ بىرىگە باشلاپ بېرىپ، تار، قاراڭغۇ بىر كوچىغا ئېلىپ كىردى، خۇسۇسىلار ئاچقان ياتاققا ئېلىپ بارسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. تار كوچىنىڭ ئىچىگە ئۆتتۇز، قىرىق قەدەم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سول تەرەپتىكى قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدۇق. قورۇ ئىچىدە هېچقانداق چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيتتى، پۈتكۈل قورۇ شېرىن ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تىمتاس ئىدى. زىيا دەرۋازىنىڭ تۆمۈر هالقىسىنى تۇتۇپ خېلى ئۇزاق ئۇردى، بىر چاغدا ياندىكى دىڭزورنى بۆلۈمىنىڭ چىرىغى يېنىپ يۆتەلگەن، قېقىلغان ئاۋاز كەلدى، ئاندىن دولىسىغا چاپان ئارتىۋالغان ياشانغان بىر كىشى گېلىگە كەپلىشىپ قالغان بەلغەمنى ئاجايىپ سەت قىرىپ تۈكۈرۈپ چىقىپ كەلدى.
— يېرىم كېچىدە دەرۋازا قاققان قايسىڭ؟ — دېدى ئۇ كىشى قول چىرىغىنى كۆزىمىزگە ياندۇرۇپ،

— بىز
— ھە، نىمە ئىشىڭ بار؟
— ياتاق ئىزدەپ، بوش ياتاق بولسا بىر كېچە قونايلىمىكىن دەپ. . .
دەرۋازىۋەن ساپما كەشنى شاپىلدىتىپ سۆرەپ يېنىمىزغا كەلدى، قول چىرىغىنى ئۈستىمىزگە ياندۇرۇپ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، دەرۋازىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋېتىپ غودۇڭشىدى.
— خويمۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتىما، نەدە بىمەھەل ۋاقىتتا كېلىپ. . . كىرىشە، ھۇ جۇۋاينىمەكلەر.
ياتاققا كىردۇق. ياتاق تار، ئاددىي بولۇپ تازىلىقىمۇ ناچار ئىدى، زەي، تەر پۇراقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئاللىقانداق ئەبجەش پۇراقلار دىمىغىمىزغا ئۇرۇلۇپ، كۆڭلىمىزگە تەگكىلى تۇردى، شۇنداقتىمۇ مۇزلاپ، تىترەپ، مۈگدەپ تۇرغاندا ياتاق ئىچى كۆزلىرىمىزگە گۈل كۆرۈنۈپ، ئانا مېھرىدەك ئىللىق بىر سېزىم ۋۇجۇدىمىزغا تەپتى.
— دېڭىمىزنىڭ بارى مۇشۇ ئۆكىلىرىم، — دېدى ئارقىمىزدىن كىرىپ كەلگەن دەرۋازىۋەن خىجىللىق ھېس قىلغاندەك بىزگە چۈشەندۈرۈپ، — خالىساڭلار ئەنە ئورۇن يېتىپ قېلىڭلار، قالغان گەپنى ئەتىگەنلىككە دېيىشەرمىز.
— دەڭ ئەمەس، ساراي ئورنىدا بىلىپ ياتىمىز تاغا.
— خان ساراي دېگىنە، شەھىرىمىزدىكى ئەڭ ئېسىل ساراي.
چاقچاق تۇسىنى ئالغان بۇ گەپلەر باللارنىڭ تىلىدىن

ئەمەس، يۈرىكىدىن چىقمۇاتاتتى.

— بىر ئىشتىن ئەجەبلىنىۋاتىمەن تاغا، — دەپ سوراپ قالدى ۋاھاپ دەرۋازىۋەندىن.

— خوش، قايسى ئىشتىن؟

— يېرىم كېچە بولغاندا بۇ يەرگە ئۇسۇپلا كىرىپ كەلدۇق، ئەجەب كىملىك كىنىشكا دېگەن بىرنېمىنىڭ گېپىنى قىلىپمۇ قويمىدىڭىزغۇ؟

— قىزىق گەپ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى دەرۋازىۋەن، — تەلەپپۇزىڭلاردىن قارىسام يىراق يېزىدىن كەلگەندەك تۇرىسلەر، مەيلى قەيەردىن بولماڭلار، سىلەر ماڭا يات ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، يەنە كىملىك سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ سوغ چۈشۈپ قالدى، كىيىمىڭلار يالاڭ، مۇزلاپ كېتىپسىلەر، بالدۇراق يېتىپ ئارام ئېلىڭلار.

دەرۋازىۋەن چىقىپ كەتتى. بىز بالىنىڭ ئاتىغا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭ كەچلىكىگە خەيىرلىك تىلەپ ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ قالدۇق، ياتاق ئىچىنى بىرپەس سۈكۈت باستى، ھەممىمىزنىڭ چىرايىدا تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىرخىل خۇشاللىق شولىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، ۋاھاپ غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا ياغاچ كارۋاتقا ئۆزىنى يەڭگىل تاشلاپ بوم ئاۋازى بىلەن سۈكۈتنى بۇزدى.

— «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم ياخشى» ، دەپ دەڭ بولسىمۇ يەنە مۇشۇ يەر ئەسقاتتى — ھە! ۋاھ نېمىدېگەن راھەت، خۇددى ئالىي مېھمانخانىنىڭ ئۆزى.

— مېھمانخانا دېگىنىڭ نېمىسى، — چاقچاق قىلدىم ۋاھاپقا، — ساراي دېگىنە ئاداش، ئالىي ساراي، ئاق ساراي، شەھىرىمىزدىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ كاتتا ساراي، مانا بۇ بىزنىڭ سارىيىمىز يەكلەشنى، رەنجىتىشنى بىلمەيدىغان ئەركىن، ئازادە، ئىسسىق ساراي، كۆرۈمسىز بولسا نېمە بوپتۇ؟ قايتىدىن ياساش قولىمىزدىن كېلىدۇ. بىزدىمۇ نى ئۇستا، نى ئەقىللىق تامچىلار بار، خۇدا نېسىپ قىلسا، ئازراق دەسمىنىڭ ئورنىنى قىلىۋالساق بۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ياغاچ، يېڭى كېسەكتە ئۆزىمىزنىڭ قەدىمىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا تېخىمۇ پۇختا، سەلتەنەتلىك، دۇنيا بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك سارايىنى قۇرۇپ چىقىمىز، ئۇ چاغدا بىزنىڭ پۇلىمىز، ئىمتىيازىمىز بولىدۇ. ساراي باشقۇرۇشنىڭ كاتتا پىلان، تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى ئورنىتىمىز. ساختا سالاھىيەت بىلەن كىرگەن ھەم كىرمەكچى بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئانىسىنى ئۇچتۇرپاندا قويىمىز ھا... ھا... ئۇچتۇرپاندا قويىمىز...

— شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي پىكىر، — دېدى ئانچە ـ مۇنچە بىرنەرسە يېزىشقا قىزىقىدىغان كەم سۆز ئېغىر مىجەز ئاغىنىمىز دولقۇن گېپىمگە قوشۇمچە قىلىپ، — ئاق ساراي چۈشى دېگەن مانا شۇ، ئېسىل چۈش، شېرىن چۈش، يۈرەكنى سۆيۈندۈرىدىغان ئەسىر چۈشى، ھەي ئىست، ئۆيدە قالغان ئۈچ بۇرادىرىمىز بۇ چۈشنىڭ پەيزىنى كۆرەلمىدى ـ دە، ھەرقاچان ئۇلار بىزدىن ئەتىگەنلىككە تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال، ھېلىقى مېھمانخانىلارنىڭ لۆم ـ لۆم كارۋات، ماموق

ياستۇق، ئاپئاق يوتقان، ياق، ياق كىر يوتقان، سەت يوتقان، سىبىق يوتقانلارنىڭ ھۆزۈرىنى سورايدۇ بىز ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىپ، تاماقلىرىنى چاكىلدىتىۋېتىمىز.

— ئاق سارايدا ياتتۇق.

1997 ـ يىل 3 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نىكاھ سودىسى

يىگىت چېگرىدىكى يېڭى ئېچىلغان سودا شەھىرىگە تىجارەت قىلغىلى بېرىپ، ئۆزىدىن ئون ئىككى ياش چوڭ زەيتۇنە ئىسىملىك قاراقاش سەتەڭ بىلەن كاتتا سېلىنغان مېھمانخانىلارنىڭ بىرىدە تونۇشۇپ قالغانىدى، زەيتۇنە بۇ مېھمانخانىدا كۆتكۈچىلىك قىلاتتى. قىز يىگىتنىڭ ياتىقىغا قايناقسۇ ئەكىرىۋاتقاندا ئىككىسىنىڭ كۆزى دوقۇرۇشۇپ قالدى، زەيتۇنە يىگىتنىڭ كۆزىگە مەنىلىك بېقىپ، تاتلىققىنە كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى، بۇ جەھەتتە يېتەرلىك تەجرىبىگە ئىگە يىگىت قىزغا جاۋابەن چەبدەسلىك بىلەن سول كۆزىنى يېرىم قىسىپ كۈلۈپ قويدى. نەتىجىدە. . .

نەتىجىدە ئۇلار تېخى دۇنياغا كۆز ئېچىشقا ئۈلگۈرمىگەن مۇشتۇمدەك بىر جاننى ئۇكۇل ئارقىلىق چۈشۈرۈۋېتىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتتى.

— سىزگە بىر ھاجىتىم چۈشۈپ قالغان، — دېدى زەيتۇنە ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان بىر ئاخشىمى يىگىتنىڭ بوينىغا گىرە سالغاچ ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— نېمە ئىشتى؟

— ئىدارىدىن بىرىيۇرۇش بىنا ئۆي ئالاي دېۋىدىم. شەرتىم توشماي قالدى.

— ئۇلار نېمە دەيدۇ؟

— ئالدى بىلەن توي قىل، ئاندىن بېرەيلى دەيدۇ.

— مەن بىلەن توي قىلىشقا دېمەكچىمۇ سەن؟ — چۆچۈپ كەتتى.

— ياق، ياق، گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مەن ئىلگىرى بىرقېتىم توي قىلغان ئايال، ئۈنىڭ ئۈستىگە سىز مېنىڭ ئىككىنچى ئىنىم بىلەن تەڭ، ياش پەرقىمىز بۈنچىلىك تۇرسا قايسى يۈزۈم بىلەن توي قىلايلى دېيەلەيمەن؟

— ئۈنداقتا مەن ساڭا نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟

— كوزۇر، ئىدارە باشلىقىنىڭ كۆزىنى بوياشتا كوزۇر بوپ بېرىسىز، پەقەت ۋاقىتلىقلا.

— قانداق كوزۇر؟

— كۆرۈنۈشتە ئىككىمىز توي قىلغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىمىز. ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئاتالمىش قىزىل قەغەزنى بىكار قىلىۋېتىمىز. ئەلۋەتتە تاپان ھەققىڭىزمۇ ئاز ئەمەس.

يىگىت ئۈگىسى يوق «تاپان ھەققى» نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆچكە يېغىدەك شاپپىدە ئېرىدى. شۈنداق قىلىپ، ھەپتە ئىچىدە قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتى چاپلىنىپ، خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ قىزىل باشلىق تامغىسى ئۇرۇلغان قانۇنلۇق نىكاھ قەغىزى تەييار بولدى. زەيتۇنە راست دېگەندەك تاپان ھەققىگە كەلگەندە گىجىڭلىق قىلىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ يۈز يۈەنلىك بىر تۇتام پۇلنى يىگىتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويدى، خوش، ئەمدىكى گېپىمىزنى ئۆيگە قايتقاندىن كېيىنكى يىگىتنىڭ مۇبارەك توي مەرىكىسىدىن باشلايلى. يات شەھەرلەردە تىجارەت بىلەن پۇلنى ـ پۇلغا چېقىپ چۆتىكىنى يېتەرلىك دەرىجىدە

تولدۇرۇپ كەلگەن يىگىت كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك كاتتا بىر تويغا تۇتۇش قىلدى. ئەپسۇس، تويىنىڭ كۈنى كېسىلىپ بۇگۇن ـ ئەتىنىڭ ئىشى قالغان كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيلىمىغان يەردىن بۆرە جۇۋىسىنى كىيگەن زەيتۇنە يەردىن ئۇنگەندەكلا يىگىتنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدىكى نىكاھ قەغىزىنى كۆرگەن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بېشىغا ئاسمان كۆمتۈرۈلۇپ چۇشكەندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ئۇلار مۇمكىن بار بۇ سەتچىلىكنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى توسۇپ، ئالدىدا سىرلىق ھجيىپ تۇرغان مۇنۇ «قىرى قانجۇق» نى ئەپلەپ ـ سەپلەپ يولغا سېلىۋېتىش قارارىغا كەلدى ۋە ئوغلىنى بىر چەتكە تارتىپ:

— پۇل كەتسىمۇ كەتسۇن، ماۋۇ نىجاسەتنى نەدىن يۇقتۇرۇپ كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە هايدىۋەت، — دېدى.

— سېنى بۇنداق ئەسكىلىك قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن زەيتۇنە، — دېدى يىگىت زەيتۇنەنى خالىي يەرگە تارتىپ.

— ئىشلار ھامان ئويلىمىغان يەردىن چىقىدۇ، — دەپ يىقىمسىز ھىجايدى زەيتۇنە.

— سەن زادى نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟

— نىكاھ قەغىزىنى ساتىمەن.

— قانچە پۇل؟

— كۆپ ئەمەس، ئارانلا ئىككى يىرىم تۇمەن.

— ھەر ئىشنىڭ ئىنساپ بىلەن بولغىنى ياخشى زەيتۇنە، — يىگىتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— بۇنىڭدىن تۆۋەن باھا قويالمايمەن، — زەيتۇنە كەسكىنلا ئېيتتى، — چۈنكى مەنمۇ بۇ قەغەزنى ئېلىش

ئۇچۇن ئاز بەدەل تۆلىمىگەن.

— ھۇ رەزىل ئالۋاستى، كۆڭلى پەس قانجۇق، — شۇ چاغدىلا ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەن يىگىت ئۆزىنى بېسىۋالالماي قايناپ كەتتى، — ئەسلىدە بۇ ئىشنى باشلىقىڭنىڭ كۆزىنى ئەمەس، مېنىڭ كۆزۈمنى باغلاش ئۈچۈن قىپتىكەنسەن _ دە؟

— ھەرھالدا چۈشەنگىنىڭىزگە رەھمەت.

— ئۆيۈم بولۇپ قالدى، سىرت خالىي جاي بولغان بولسا كېكىرتىكىڭنى بوغۇپ. . .

— ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ يىگىت، ئەمدى ھەرقانداق قايناش ئۆزىڭىز ئۈچۈن پايدىسىز. سەتچىلىككە قالماي، تېخىمۇ كۆپ بەدەل تۆلىمەي دېسىڭىز ئەڭ ياخشىسى پۇلنى ۋاقتىدا تەييار قىلىڭ.

ئاخىر زەيتۇنەنىڭ دېگىنىدەك بولدى، يىگىت ئىككى يېرىم تۇمەن نەق پۇلنى زەيتۇنەنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ ئەلەم بىلەن دېدى:

— خەير، سەن ئۇتتۇڭ، بىراق ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمە. مەن _ مەن دېگەن قىمارۋازنىڭمۇ ئۇتتۇرىدىغان ۋاقتى بولىدۇ بىز يەنە كۆرۈشۈۋالىمىز.

— چۆچۈرىنى خام ساناپسىز، — دەپ مەغرۇر كۈلدى زەيتۇنە، — مېھمانخانىدىكى ۋەزىپەم شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى، ئەمدى مېنى ئىزدىگەنلەر. . . ياق، سىز بۇنىڭ سىرتىدا. . . ئاشۇنىڭغا ئوخشاش مېھمانخانىلارنىڭ بىرىدىن ئۇچرىتىشى مۇمكىن. خەير _ خوش، بالا ئامرىقىم.

1996 _ 11 _ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «شەيتان» چاق پاجىئەسى

## 1

— ۋاھ، مانا قارالىڭ، قېلىپتا قۇيغاندەكلا كەلدى، سىزگە... سىزگىلا ئاتاپ توقۇلغان شىلەپە بوپتۇ بۇ، ئىنسان بالىسىغا بۇنداق ياراشماس ـ ھە! چىرايىڭىزنى ئېچىپ، تۇرقىڭىزغا بىر چىرايلىق سالاپەت بەردى، ئەپەندىمەن دېدىڭىزما؟ توغرا، مانا ئەمدى ئەپەندىگە ھەقىقىي ئەپەندىگە ئوخشىدىڭىز.

— ئوخشىمامدىكىن،— دەپ كۈلدى زىكرىيا ئەپەندى تىجارەتچىنىڭ ئادەت بولۇپ كەتكەن ماختاپ ـ ئۇچۇرۇشلىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئىچىدە خۇرسەن بولۇپ،— بىزنى شۇ كۆرۈمسىز كۆرسىتىپ كېلىۋاتقىنى ئاتا كەمچىلىكى ئەمەس، لاتا كەمچىلىكى تەقسىر. بولمىسا تاغار كىيسەك تاۋاردەك يارىشىدىغان بويىمىز تۇرۇپتۇ. كىمدىن، كىمنىڭ ئەزىزلىرىدىن قالغۇچىلىكىمىز بار دەيسىز؟

— بەللى، جايىدا گەپ بولدى. «ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى» دەڭ. قارىسام يالغۇز مائاش، ئۇششاق بالىلىقتەك تۇرىسىز، شۇنداقمۇ ئەپەندىم؟

— تاپتىڭىز، بالىلارغۇ ھەرھالدا قاتارغا قېتىلىپ

قالدى، بىر ئوغۇل، ئۈچ قىز. بىراق، ئۇلارنى چوڭ بولدى، جاپاسى تۇگىدى دېگەن بىلەن قورساق، كىيىم ـ كېچەك، ئويۇن ـ تاماشىسىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە چوڭ بولىدىغان گەپكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىــر قىــزىم ئۇرۇمچىدە ئوقۇشتا. ھەر ئايلىق مائاشىنىڭ تەڭ يېرىمى شۇنىڭ بىلەن تۇگەيدۇ، قىزىق ئىش، «ئېشەك ئۆلسە بىر نېمىسى غىجەك تارتىپتۇ» دەپ، ئۆتكەندە تەۋەيىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۆيىمىزگە كىرىپ كەپتۇ. نېمىگە كىردىكىن دېسەم مائاشىمنى ئالىقاندەك باغلىق ھويلامنى، تۆت مو تېرىلغۇ ئېتىزلىقىمنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ، چوتنــى ئۇيافتىــن بۇياققا سوقۇپ قويۇپلا ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە «ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ئائىلە» دەپ پۇتۇۋاتىدۇ. ئۇلارغا قاراپ كۇلۇپ كەتتىم، تووا، جاھاندا مۇنداقمۇ تېتىقسىز ئىشلار بولامدۇ تەقسىر. ھېلىقى نەس باسقان يىللاردا «ۋەزىيەت قانداق دېسە، چوڭ ياخشى» دەپ، ئاخىر بېرىپ كۆتىمىز ئوچۇق قالغان. مانا ئەمدى. . . ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈمچە بىرنېمىلەرنى يېزىپ كەتتىــم قاراڭ.

— خوش، خوش، قوشاق ئوخشىمامدۇ؟

— ئىشقىلىپ شۇنداقراق بىر نەرسە.

— ئاڭلاپ باقساق بوپتىكەن؟

— سىلىدىن ئايلانسۇن تەقسىر، — زىكرىيا ئەپەندى باشقىچە روھلىنىپ كەتتى، — قوشاق دېگەننى بىر ئادەم يازسا مىڭ ئادەم ئاڭلايدىغان نەرسە ئەمەسمۇ، ئەمىسە ئوقۇۋەتتىم.

ئۇ گېلىنى قىرىپ، ياقىسىنــى ئوڭشاپ، خۇددى

سەھنىدە، مىڭلىغان تاماشىبىنلار ئالدىدا تۇرغاندەك پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇغىلى تۇردى:

ماﺋاشىنغۇ تولۇق ئالىمىز،
چۆنتەكلەرگە خۇشال سالىمىز.
ئەتىسىلا قارىساڭ لېكىن،
قۇرۇق ـ قاقشال بولۇپ قالىمىز.

قەرزلەرنىڭ تۇتۇپ تولغىقى،
باشنى قۇچار سوئال ـ سورىقى،
بىزگە قېلىپ يانچۇق قۇرۇقى،
ئېگەك سىلاپ تۇرۇپ قالىمىز.

— ھەق، ھەق، — دەپ دوست تارتىپ قويدى ياشانغان تىجارەتچى زىكرىيا ئەپەندى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

قارىماققا قورسىقىمىز توق،
گالغا تاپساق ئۇچىمىزغا يوق،
يىلىكىمىز قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق،
بىر پاجىئە تۇرقى ـ ھالىمىز.

— مانا قاراڭ، ئەپەندى دېسەم، كاتتا يازغۇچىلىقمۇ قىلىدىكەنسىز ـ ھە؟ ئەكېلىڭا، ئاشۇ مۇبارەك قولىڭىزنى، بىر كۆرۈشۈپ قوياي.
تىجارەتچى زىكرىيا ئەپەندىنىڭ ئورۇق ـ ئەتسىز، ئارا

چىشلىرىدەك ئۇزۇن ئىنچىكە بارماقلىرىنى كۆچ بىلەن سىقىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئەپەندىچىلىك قىلىۋاتقىلى قانچە زامان بولدى؟

— يىگىرمە سەككىز يىل.

— كونا ئەپەندىمەن دەڭ، ھەي. . . ي، سىلەرنىڭمۇ كۈنۈڭلار تەس بولۇپ كەتتى، ئەپەندىچىلىكمىغۇ ئەزەلدىن كىشىنى ئىلگىرى باسقۇزمايدىغان ئوقەت، خىزمەت ـ روھىڭلارنى، تۇرمۇش ـ قەددىڭلارنى پۈكۈپ، يېشىڭلاردىن بۇرۇن. . . خوش، بۇ يىل نەچچىگە كەلدىڭىز؟

— ئاتا ـ ئانام قارا قورساق ئۆتكەن ئادەملەر، ئۇلاردىن ئاڭلىشىمچە، زومىگەرلەرگە قارشى ھەرىكەت بولۇۋاتقان يىللارنىڭ خامان تېپىنى مەزگىلىدە تۇغۇلۇپتىكەنمەن. شۇنىڭغا قاراپ قىرىق ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالدىمىكىن دەيمەن.

— قىرىق ئالتە. . . ؟ — دەپ ئىشەنمىگەندەك تۇرۇپ قالدى تىجارەتچى،— قېنى دەپ بېقىڭا، سىزچە مەن قانچە ياشقا كىرگەندىمەن؟

زىكرىيا ئەپەندى تىجارەتچىنىڭ قان تېمىپ تۇرغان چىرايى، ئېقى ئاق، قارىسى قارا كۆزلىرى، سىلىق پارقىراپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى، تېخى قىرانلىق ئىسكەتىنى يوقاتمىغان بوي ـ بەستىگە قاراپ ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى.

— كۆپ بولسا ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغانلا تەقسىر.

— ھا. . . ھا. . . ھا،— ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ئۇ،— مەن تېخى سىزنىڭ

چاچلىرىڭىزدىكى ئاق، يۈزلىرىڭىزدىكى قورۇقلارغا قاراپ مەن بىلەن تەڭ قۇراملىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن، ئىنشائالالا، بۇ يىل پەيغەمبەر يېشىنىڭ قارىسىنى ئالدىم. دادام رەھمەتتى توقسەن سەككىز يېشىدا، بوۋام بولسا بىر يۈز ئىككى يېشىدا قەبزى روھ بولغان. سىزگە قاراپ راستىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ھەي... شۇ ئەپەندىچىلىك دېگەننىڭ گۆرىگە ئوت كەتسۇن ــ دە، مېنىڭمۇ داشۇ ئوقۇپ كېلىپ، ئەپەندىچىلىك قىلىۋاتقان بىر ئوغلۇم بولىدىغان، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىمۇ بۇ ئوقەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمىسۇن دەپ مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ تىجارەتكە سېلىپ قويدۇم. ھازىر چازىدا ئىش ــ ئوقىتى ياخشى.

— بۇنى ياخشى ئويلاپسىز، ئوقۇتقۇچىلىق دېگەندە ئالىدىغىنىمىزدىن بېرىدىغىنىمىز، ئېرىشىدىغىنىمىزدىن يوقىتىدىغىنىمىز كۆپ. ياشلىقنى، ئۆمۈرنى، ئەسلى ــ ۋەسلىمىزنى بېرىمىز. بىراق، ئېرىشىدىغىنىمىز نېمە؟ شەرەپمۇ؟ قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق ساختا، تېتىقسىز، قەدىرسىز شەرەپ، بىز قۇرۇق شەرەپكە ئەمەس، نەق گەپكە موھتاج. بۇنى بىزگە كىم بېرىدۇ؟ قېنى كىم بېرىمەن دەپ ھۆددە قىلالايدۇ؟ بىزمۇ زېمىننىڭ يىراق يەرلىرىدىكى ئىنسانلارغا ئوخشاش توق ــ توق يەپ، رەتلىك، چىرايلىق پاكىز كىيىنىپ، ھەقىقىي ئادەملىك، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىمىز بىلەن سىنىپلارغا كىرسەك، دەرسلەرنى مۇشۇ ئەبگا چىرايىمىز بىلەن ئەمەس، روھلۇق، تېتىك، جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن ئۆتسەك نېمىشقا بولمايدىكەن، نېمىشقا قېرىيدىغانمىز؟ نامىمىز ئوقۇتقۇچى، ھالىمىز

ئادەم ئېيتقان بايىقى يا ئۆزىمىزنى، يا ئوقۇغۇچىلارنى، ياكى ئائىلىمىزنى رازى قىلالمىغان. مانا مەنغۇ، يېرىم ئەر ئۆمرۈم مۇشۇ ئىش بىلەن ئۆتۈپتۇ. يىللاپ - يىللاپ ئۇستۇمگە بىرەرقۇر يېڭى كىيىم ئارتقىنىمنى، بىرەر - يېرىم جىڭ گۆشنى ئارتۇق يېگىنىمنى بىلمەيمەن. ئۆرە يۈرۈۋاتقىنىمىزنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋپتۇ. سىزگە دېسەم، مۇشۇ مودا قالپاقنىڭ ئارمىنىنى قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا نەچچە يىل بولدى، شۇنىڭغىمۇ يېتەلمەي ھازىرغىچە كەپتىمەن. ئەمدى قاراڭ، ياش بىرىيەرگە بارغاندا كەپكە، شەپكە دېگەندەك بىرنېمىلەرنى كىيىپ يۈرۈۋېرەي دېسەم قاملاشمايدىكەن، قارىسام، بىز ياشتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىدا مۇشۇ مودا قالپاق، كوچىغا چىقىپ مودا قالپاقلىقلارنى كۆرسەم كۆزلىرىمگە گۈل كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى. بۇ ئوت ئۆز ۋاقتىدا باللارنىڭ ئانىسى سۇمبۇل چاچلىرىنى ئويىنتىپ ئۆتكەندە تۇتاشقان ھېلىقى ئوتقا ئوخشىمىسىمۇ، بىراق ھەر ئوتنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئىشقى بولىدىكەن، مانا شۇ ئوتقا سەۋەبچى بولغان گۈلنى ئوڭۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ كۆرىمەن، گۈل ۋەسلىگە يېتىش شۇنچىلىك تەسمۇ؟ مەنغۇ باللارنىڭ ئانىسىغا بۇنچىلىك تەستە ئېرىشمىگەن. تۇرۇۋپ ئويلاپ قالىمەن. ناھايىتى كەتسە يېرىم خالتا ئۇن، ئىككى كىلو پاقلان گۆشىنىڭ خۇنى - ھە! ئاخىر بىزنىڭ كەمپىرنىڭ زورى بىلەن. . . بولدىلا، قۇرۇق پاراڭنى تولا قىلىپ ۋاقتىڭىزنى ئېلىۋەتتىم. پۇلىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ ئەمدى مەن قايتاي.

www.uyghurkitap.com

— توختاڭ، توختاڭا، — دېدى تىجارەتچى ئۇزۇن ئىلمەك ياغىچى بىلەن كىيىم جازىسىدىن ئەرلەرنىڭ ئاۋات رەڭ گىرىپ كۆڭلىكىنى ئېلىۋېتىپ، — بۇ مېنىڭ سىزگە كىچىككىنە كۆڭلۈم بولۇپ قالسۇن. قالپاق بىلەن كۆڭلەك بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ. چىرايلىق كىيىۋېلىڭ، تونۇشۇپ قالدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن ئارىلىشىپ ئۆتەيلى.

— كۆڭلى يۇمشاق تىجارەتچى زىكرىيا ئەپەندىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي كۆڭلەكنى شۇ يەردىلا ئۇنىڭ ئۇستىگە كىيگۈزۈپ قويدى. زىكرىيا ئەپەندى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، قەددىنى يادەك پۈكۈپ، مىڭ بىر رەھمەت - ھەشقالالا بىلەن قايتتى. ئۇ شەھەرنىڭ ئاكاتسىيە دەرەخلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا كېتىۋېتىپ بىردە ئۆزىگە، بىردە دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى بىلەن غىل - پال پەيدا بولۇپ قالىدىغان شولىسىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ - قاراپ قوياتتى. مودا قالپىقىنى ھېلىدىن - ھېلىغا قولىغا ئېلىپ، گىرۋىكىنى قوللىرى بىلەن يۇمشاق سىلاپ، پۈۋلەپ بېشىغا كىيەتتى. تۇرۇپ ئۇنىڭ كاللىسىغا قاملاشتۇرۇپ بىرپارچە سۈرەتكە چۈشۈپ قويۇش ئويى كېلىپ قالدى. چوڭ يولدا ماشىنىلار مۇكدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. سۈرەتكە چۈشۈش ئورنى يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئايلانما گۈللۈكتە ئىدى، ئۇ ئېھتىيات بىلەن تېز - تېز مېڭىپ يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە. . . يا ھەزرەت، ئادەمنى پالاكەت باسسا شۇنداقمۇ باسامدۇ. ياق، ياق، بۇنى پالاكەت ئەمەس، ئېچىنىشلىق ھادىسە، ئەڭ بەختسىزلىك قىسمەت

ئاتالغۇلىرى بىلەن سۆپەتلەش مۇمكىن. بىز كۆرۈشنى
مەڭگۈ خالىمايدىغان كۆرۈشلا ئەمەس، تىلغا ئېلىشقىمۇ
جۈرئەت قىلالمايدىغان بۇ خىل ھادىسە ۋە قىسمەت قاش
بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغاندى. قۇيۇندەك چىپىپ
كېتىۋاتقان ماشىنىدىن چىقىپ كەتكەن ئەسەبىي چاققا ئوخشاش بىر
چاق، پىكاپ، ماشىنا، تراكتور، كومبايىن. . . ئېشقىلىپ
ھېچقانداق ماتورلۇق قاتناش قورالىنىڭ چاقىغا
ئوخشىمايدىغان غايەت زور بىر چاق يولنىڭ قاق
ئوتتۇرىسىدا، يىگىرمە، ئوتتۇز قەدەم نېرىدا، كەم ـ
كۆتىسىز زىكرىيا ئەپەندىنى نىشانلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. زىكرىيا ئەپەندى
قېچىشقا، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئىمكانىيەت قالمىدى.
ھايات بىلەن مامات ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق نۇر تېزلىكىدە
قىسقىراپ، دەھشەتلىك پاجىئە ئۇنى زۇلمەت قوينىغا
ئېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ پېشانە ۋە بەدەنلىرىدىن
مۇزدەك تەر قۇيۇلۇپ، كاللىسى پىرقىراپ، نېرۋىلىرى
تورمۇزلىنىپ، تۇرغان جايىدا چوكا مۇزدەك قېتىپ
تۇرۇپلا قالدى. كۆزلىرى تورلاشتى، يۈرىكى كۆكرەك
قەپىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىپ،
نەپسى كېسىلدى. چاق كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يېتىپ
كەلدى ـ دە، ئۇنى پۇتىدىن بېشىغا قاراپ توغرىسىغا
بېسىپ، تاق يەلكىسىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە قانداقتۇر بىر
سېھىرگەر تەرىپىدىن سېھىرلەنگەندەك شاپپىدە توختاپ
قالدى. زىكرىيا ئەپەندىنىڭ ئۆگە ـ ئۆگىلىرى غىرىسلاپ
سۇنۇپ، تالغاندەك ئۇۋۇلۇپ، بەدىنى سېمونت يول
ئۈستىگە شىلىمدەك چاپلىشىپ قالدى، يىقىلغاندا بېشىدىن

ئۆچۈپ چۈشكەن قالپىقى بىرىيەرلەرگىچە دۇمىلاپ بېرىپ، قايسى بىر ھەشەمەتلىك پىكاپنىڭ چاقى ئاستىدا مىجىقى چىقىپ كەتتى. پىكاپ شوپۇرى پىكاپتىن بېشىنى چىقىرىپ يەردە ماكچىيىپ ياتقان قالپاقىغا قاراپ قاق ـ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى. يېقىنلا يەردىكى قېرى دەرەخ ئۆستىگە ئورنىتىپ قويۇلغان ئاسما داڭ ئۇنىڭ پاجىئەسىگە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك ئۆزىچىلا سىلكىنىپ ئارقا ـ ئارقىدىن قاتتىق داڭ ئۇرغىلى تۇردى. قىزىق يېرى، چاق ئاستىدا مىجىلىپ، كىشىلەر ئاللىقاچان ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتكەن زىكرىيا ئەپەندى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئېغىر قانسىراپ، ھالسىراپ ياتاتتى، ئۇ تېخى ئۆلمىگەن، تېخى ھايات ئىدى. ئۇ بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ قالپىقىنى ئىزدىدى. قالپاق ئۆزىدىن ئون بەش، يىگىرمە قەدەم نېرىدا، ئۆزىگە ئوخشاش قىسمەت ـ بالانىڭ ئىسكەنجىسىدە ماكچىيىپ ياتاتتى، زىكرىيا ئەپەندى قالپىقىغا قاراپ ئېچىنىشلىق توۋلىۋەتتى:

— مېنىڭ قالپىقىم!

## 2

زىكرىيا ئەپەندى چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇنى قارا باسقانىدى، ئۇنىڭ پاجىئەسىگە تەنتەنە قىلغان داڭ تېخىچىلا قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تام سائىتىگە قارىدى. ئەتىگەن سائەت ئالتە بولغانىدى. ھېلىقى داڭ ئاشۇ تام سائىتىنىڭ ئاۋازى ئىدى. شېرىن چۈشىنىڭ پاجىئەگە ئايلىنىپ كېتىشى ئۇنىڭ

كۆڭلىنى بىئارام قىلدى. «ئەجەب ئىش ـ ھە!» دەپ ئويلاپ قالدى ئەپەندى، ئوڭۇمدا ئىرىشەلمىگەن نەرسىنى چۈشۈمدە بولسىمۇ كۆرۈپتىكەنمەن، خويمۇ ئوبدان يارىشىۋىدا. چۈش دېگەننى تەتۈرسىگە ماڭىدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، مودا قالپاقنىمۇ كىيىپ بوپتىمەن ـ دە، دادام رەھمەتلىك ھەقسىز قالپاق كىيىش بازار تېپىۋاتقان ھېلىقى يىللىرى ئاچا مالخاينىڭ ئارمىنىنى تولا قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۈتمىگەن يەردىن ئىككى گەز ئېگىزلىكتە قەغەز قالپاق كىيىپ، زومىگەرنىڭ پۈشتى دەپ كوچىمۇ كوچا سازايى قىلىنىۋىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا مالخاي، قالپاق دېگەنلەرنىڭ ئارمىنىنى قىلىش خەتەرلىكمۇ، نېمە؟

— نەدىكى بىر خىياللاردا بولىدىكەنسىز، — ئەتىگەنلىك چايدا ئېرىنىڭ خىياللىرىنى ئاڭلىغان ئايالى زىكرىيا ئەپەندىگە چىچىلغىلى تۇردى، — كىشى يامان چۈش كۆرسە چۈشنىڭ ئاتىسى ئۆلسۈن دېگۈلۈك، سىزمۇزە...

— ھە، مەن نېمە بوپتىمەن ئانىسى؟

— مودا قالپاق دېگىنىڭىز ئادەمنىڭ خۇنى ئەمەسقۇ، مۇنۇ پاتەمنىڭ رەۋەندىچىلىك قىلىپ يۈرگەن ئېرى چېغىدا كىيىپ يۈرىدۇ، تېرىق يەپ، ئۇماچ ئىچكەن چاغلاردىمۇ كۈنىمىز كەتكەن، بۇدا نەدىن بولمىسۇن مائاشىڭىز چىققاندا قالپاق ئېلىۋېلىڭ.

— شۇنداقمۇ دەيسىلەر خوتۇن، — چويۇندەك قېتىپ كەتكەن ناننى تەستە ئوشتۇپ، چېيىغا چىلىغاچ گەپ قىستۇردى زىكرىيا ئەپەندى، — مۇشۇ نانمۇ سەن بىلەن بىزگە ئاسانغا توختاۋاتامدۇ. تۇمشۇق بىلەن يەر تىرەپ كېتىۋاتقىنىمىزنى كۆرۈۋاتىسەن. ھېلىقى چاغدا توك

كېتىپ، بىر تال شامغا پۇل يوق ئاشنى قانداق جاپادا پىشاردىڭ؟ قىزىمىزنىڭ قىزتمىسى ئۆرلەپ، دوقمۇشتىكى يۇندا چىراي دوختۇرنىڭ ئالدىدا تارتىپ كەتكەن خىجالەتنى ئويلۇغۇممۇ يوق.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداقمۇ بولماس، ئاۋۋال مائاشىڭىزنى ئېلىپ قولۇمغا بېرىڭا، شاققىدە بازارغا چىقىپ ئۆزۈم بولسامۇ ئەكېلەي.

— بىرەي، ئەكەل، ئەمدىغۇ بولغاندۇ.

— ئەكېلىمەن، قاراپ تۇرۇڭ، دېگىنىمدەك قىلىمەن. دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا چىرايلىق يۈرسىڭىز مەن ئەمەس، سىز يۈرىسىز.

— شۇنداق بولماي. سەن. . . ياق، ئەلۋەتتە مەن ئۇچۇن بولىدۇ ـ دە، ئانىسى.

زىكرىيا ئەپەندىنىڭ قولى — چوكىدا، ئاغزى — تېخى تولۇق ئېرىپ بولالمىغان قاتتىق ناننى چايناش بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ ئاغزىدىكى ناننى ماكىلدىتىپ چاينىغاچ قانداقتۇر بىر يېشىلمىگەن تۈگۈن ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك كۆزلىرىنى بىر توچكىغا تىكىپ خىيال بىلەن تۇراتتى. ئەپەندىم — خىيالدا، ئايالى گەپتە، ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ھېسسىيات ۋە روھى ھالىتىدىكى ئارىلىق خېلىلا يىراق ئىدى. ئەپەندىم ئايالىنىڭ تۆشۈك تاغاردىن بۇغداي تۆكۈلگەندەك توختىماي قىلىۋاتقان گەپلىرىگە «شۇنداق بولماي»، «ئەلۋەتتە» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تەستىق سېلىپ قوياتتى.

— خەقمىچۇ قارالڭ، ھۆكۈمەتتىن مائاش يەيدىغان ئەپەندىم دەپ سىزنى چوڭ بىلىشىدۇ. شۇنىڭغا لايىق

ئۇستۇاش بولمىسا تاپقان دۇنيارىنى نەگە ئىشلىتىدۇ بۇ خەق، دەپ مازاق قىلمامدۇ؟

— تاپقان دېدىڭما؟ توغرا دېدىڭ خوتۇن تاپتىم. قانائەتلەنگۈدەك تاپتىم.

ئەكتى يوق خىيالدىن تۇيۇقسىز ئويغانغان ئەپەندىم خۇشاللىقىدىن جوزىنى مۇشتلىۋەتتى.

— پاھ! — دەپ كۈلدى ئايالى،— ئەسلى مۇنداق گەپكەن ـ دە، چۈشەندىم مەندىن يوشۇرۇنچە. . . بوپتىلا سىزمۇ بىرىبىرىنى ئويلىغانسىز. تۇرمۇش ئەمەسمۇ، قېنى ئەكېلىڭ مەن بىر كۆرەي.

— كۆرەي؟ ھا. . . ھا. . . ھا. . . ما ساددا خوتۇن- نى،— ئەپەندىم ئاغزىغا سۇمۇرگەن چاينى پۇركۈۋەتكىلى قىل قالدى،— بۇ كىر يۇيۇش، نان يېقىش، ئاش ـ تاماق ئېتىشقا ئوخشىمايدۇ ئانىسى، بۇنى چۈشىنىشكە كاللا كېرەك. بۇنى پەقەت ئوقۇغۇچىلىرىملا. . .

— سىز. . . ؟ — زىكرىيا ئەپەندىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان ئايالى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى،— سىز زادى نېمىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز؟

— ھېساب، ئوقۇغۇچىلىرىمغا ئۆتكەن دەرسلىكتىكى ھېسابنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن. بۇنى ساڭا بەرسەممۇ بەرىبىر چۈشەنمەيسەن. ۋاھ، بۇ كاساپەت ھېساب گال پىچاقتا غىردىغاندەك جېنىمنى ئەجەب قىينىدا، ئىككى خىل يېشىش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا بىر ھەپتىدىن بېرى چۈشەندۈرەلمەي كەلگەن. مانا ئاخىر ئۇنىڭ ئۈچىنچى خىل يېشىش ئۇسۇلى، ئەڭ ئاددىي يولىنى

www.uyghurkitap.com

تاپتىم. كاللامدا پىششىپ جاۋابىمۇ چىقىپ بولدى. ئۇھ، ئەمدى هاردۇقۇم چىقىدىغان بولدى ـ دە، ئوقۇغۇچىلىرىم، مىنىڭ ساقا تايلىرىم. . .

— سارالڭ، — جەهلى قاتقان ئەپەندىمنىڭ ئايالى يولدىشىغا ۋارقىراپ كەتتى، — «كاللا دىسە، پاقالچەك» دەپ مەن نىمە ئۈيدا سەن نىمىنىڭ كويىدا، ئىسىت، باياتىندىن بىرى قىلغان گەپلىرىم، هىلىمىغۇ مەكتەپ، ئوقۇغۇچى دەپ بىشىدا تۈزۈككىنە تۇكىمۇ قالمىدى بۇ سەۋدايىنىڭ. بار، مەكتىپىڭگە تىزرەك ماڭ، مىنى دىسەڭ ئۆلۈپ بەر.

زىكرىيا ئەپەندى چىپىنى ئىرى ـ بىرى سۇمۇرۇپلا، ئەبجەق ۋىلىسىپىتىنى سۆرەپ مەكتەپكە ماڭدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كىلىشىگە يەنە ئايالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇرۇلكاڭنى ئۆزۈڭ يامىۋال، ئەمدى سىنىڭ ئەسكى ـ تۈسكىلىرىڭنى يامىغۇدەك هالىم قالمىدى مىنىڭ.

## 3

زىكرىيا ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئايلىق مائاشىغا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بىر مودا قالپاق ئىلىۋىلىش خىيالىدا يۈرەتتى. ئەپسۇس، ئاي بىشىدا مائاشىنى ئالىدىغان چاغدا ئۇنىڭ بۇ خىيالى يەنە سۇغا چىلاشتى.

— ئۇنۋان رەسمىيىتى ئۈچۈن تۇتۇپ قىلىندى مانچە پۇل، — دەپ قۇرۇق هىساب ئۆتكۈزگىلى تۇردى بىر

قۇلىقى ئېغىر كاسسىر، — بۇنىڭغا ئىمتىھانغا قاتنىشىش ھەققىنى قوشقاندا، جەمئىي. . .

— جەمئىي - پەمىرىڭنــى قويۇپ تۇرساڭا ئۇكا، تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئەپەندىم كاسسىرنىڭ گېپىنىــڭ شىخىغا ئۇرۇۋېتىپ ئالدىراپ سورىدى، — مائاشقا زادى قانچىلىك قوشۇلۇپتۇ؟

— مائاشىڭىز تويۇنغان مائاشكەن. شۇڭا. . .

— ھۇششارە، — ئاچچىق كۈلۈۋەتتى ئەپەندىم، — مۇشۇ كۆنلەرنىڭ ئۆتىغا چىدىغان ئادەم دوزاخقىمۇ كۆنۈپ كېتىدۇ، — دە.

ئېلىش نۆۋىتى ئاللىبۇرۇن توشۇپ بولغان، تولىمۇ كېچىكىپ قولغا كەلگەن مۇنۇ بىر دەرىجە ئۇنۋاندىن كېيىن مائاشىغا قېتىلىدىغان دەرىجە پۇلنىڭ خۇشاللىقىدا خېلى كۆنلەردىن بېرى كۆڭلىنى تاتلىق قىلىپ يۈرگەن زىكرىيا ئەپەندى كاسسىرنىڭ «ئۇنىغانىغا - يۇنىغان» دەك قىلغان گېپىدىن غىققىدىلا بولۇپ قالدى. كاسسىر يەنە قانداقتۇر مائارىپ فوندى، ئىشچىلار ئۆيۈشما ئەزالىق پۇلى دېگەندەك بىرتوقاي پۇللارنى تۇتۇپ قېلىپ زىكرىيا ئەپەندىنىــڭ ئالدىغا ئىككى يۈز يۈەنگە يېتە - يەتمەس پۇلنى تاشلاپ قويدى.

زىكرىيا ئەپەندى كاسسىر بۆلۈمىدىن سالپىيىــپ يېنىپ چىقتى. ئىشخانىغا كىرىپ ئۆزىنــى ئورۇندۇققا تاشلىدى. نەچچە يىرىدىن ئاجراپ، تۇرقى خۇددى ئەپەندىگە ئوخشاش شالاقلاپلا قالغان كونا ئورۇندۇق ئۇستىگە كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان بىسىمغا چىدىماي غىچىرلاپ كەتتــى. كارىدور ئىچى باللارنىڭ ئويۇر - تويۇر، ۋاڭ - چۇڭلىرى

بىلەن تولغان بولۇپ، ئىشخانا ئىشىكىنىڭ بارماق قول
پاتقۇدەك يېرىقلىرىدىن بىمالال كىرىپ تۇرۇۋاتقان قى-
چۇ ئاۋازلار ئەپەندىنىڭ بېشىنىڭ ئىچىگە بىرتوپ ھەرە
كىرىۋالغاندەك بىئارام قىلغىلى تۇردى. ئۇ يانچۇقىنى
قېقىشتۇرۇپ بىــرئورام موخوركا ئالدى، ئالدىدىكــى
گېزىتنىڭ بىر بۇرجىكىنى يىرتىپ موخوركا يۆگىــدى،
ئەپەندى موخوركىسىنى چەككەچ قانداقتۇر بىر خىياللار
بىلەن جەينىكىنى شىرەگە تىرەپ ئولتۇراتتى، بىرسى
كېلىپ بېقىنىنى تۇرتتى.
— ھوي ئادەمۇي، ئەسلى ۋەسلىنى ئۇنتۇرۇۋەتكەن
قىمارۋازدەك نېمانچىلا خىيالغا پېتىپ كەتتىڭىز؟ —
زىكرىيا ئەپەندىنىڭ ئالدىدا ئۆزى بىلەن بىر ئىشخانىدا
ئولتۇرىدىغان خىزمەتداش ئايال پوچتىدىن يېڭىلا كەلگەن
بىرپارچە خەتنى تۇتۇپ تۇراتتى.
— قىمارۋاز؟ — زىكرىيا ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ
نەزىرىنى خىزمەتدىشىغا ئاغدۇردى، — توغرا دەيسىــز
قېرىندىشىم. مەن ھەممە نېمىسىنــى ئۇنتۇرۇۋەتكەن،
ئۇتتۇش پۇرسىتى زادىلا كېلىپ باقمىغان بىتەلەي، شور
پېشانە بەختسىز قىمارۋاز، ئەگەر ھاياتنى قايتىــدىن
باشلاشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولغان بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ
قىمار ئوينىمىغان، بۇنىڭ ئەكسىچە ئوغرى، بۇلاڭچى،
قاراقچىلارنىڭ يولىنى تۇتقان بولاتتىم. چۈنكى، بۇ دۇنيادا
ھاياتنى دوغا تىككەن ساختىــپەز، تەلۋە، قاراكۆڭۈل
ئادەملەرلا ھەقىقىي ئۇتتۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.
— ھا... ھا... ھا... گەپكىمۇ ئۇستا بولۇپ
كېتىپسىــز جۇمۇ. خۇش خەۋەر، ئالــي مەكتەپتە

ئوقۇۋاتقان قىزىڭىزدىن خەت كەپتۇ. سىزگە ئەمەس، ئانىسىغا. مانا قاراڭ، دادام زىكرىيا ئارقىلىق ئاپام ھەجەرگە تەگسۇن، دەپ يېزىپتۇ. قىزىق ئىش دادىسىغا ئايرىم، ئانىسىغا ئايرىم خەت يازىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن - ھە! قىزىڭىزنىڭ بۇ خەتتىكى گەپلەرنى سىزدىن سىر تۇتقىنىغا قارىغاندا ئانىسىغا دەيدىغان مۇھىم گېپى بارمۇ قانداق؟ چوقۇم شۇنداق. شۇ ئەمەسمۇ قىز بالا چوڭ بولسا. . . ئوۋ، مەن بۇ گەپنى مۇنداقلا دەپ قويدۇم. كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ.

كۆڭلى تۇز، ئاغزى ئىتتىك خىزمەتداش ئايال ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئېغىزىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئۆپكىدەك قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى، دەرۋەقە، ئۇنىڭ رەسىدە بولغان قىزلار توغرىسىدىكى «مۇھىم گەپ» ئاتالغۇسىنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن تىلغا ئېلىشى زىكرىيا ئەپەندىنىڭ يۈرىكىنى چېقىپ ئۆتۈپ كەتكەندى. قىز بالىغا نىسبەتەن ئالغاندا، ئۇرۇمچى دېگەن يەرنىڭ نامى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ ھەقتە ئۆزلۈكسىز بېرىلىپ تۇرۇۋاتقان خىلمۇ خىل ئۇچۇرلار ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلگەنلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان «ھۆججەتلىك خەۋەرلەر» دىن بۇنى ئوبدان بىلەتتى. گەرچە ئۇ چىرايىغا تەپكەن ئۆزگىرىشنى چاندۇرماي ئولتۇرغان بولسىمۇ، خىزمەتدىشىنىڭ ئاغزىدىن بىلىپ - بىلمەي چىقىپ كەتكەن «مۇھىم گەپ» كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ، ئامراق قىزىنىڭ ئۆزىدىن تۇتقان سىرلىرىنى بىلىشكە، يەنە كېلىپ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر

بولۇپ قالدى. ئەپەندىم ئىشخانا ئىچىدىكى ئادەملەرنى سېلىككەن، باشقىلار دەرس پىلان دەپتەرلىرىنى قولتۇقلىرىغا قىسىشىپ دەرس ئۆتۈشكە چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا كونۋېرتنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى قايتا چاپلاپ قويسا چانمىغۇدەك ھالەتتە ئاۋايلاپ ئاچتى.

«ئەسسالام قەدىرلىك ئاپا، ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن؟ دادامنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ ئۇكىلىرىمنىڭ ئوقۇشى ياخشى كېتىپ بارامدۇ؟ مەندىن ئەھۋال سورىساڭلار غۇلجا قاتناش بېكىتىدە ئۇزىتىپ قويغان ۋاقتىڭلاردىكىدەك شۇنداق ساغلام تۇرۇۋېتىمەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر ئايلىق پىراكتىكىمىزنى ئوڭۇشلۇق تۈگىتىپ تېخى تۈنۈگۈن قايتىپ كەلدۇق. ئالىي مەكتەپ قويىنىدىكى شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان بەش يىللىق ھاياتىمىز ئاخىرلىشىپمۇ قالدى. مۇشۇ بەش يىلدا سىلەرنىڭ مەن ئۈچۈن بىرقۇر كىيىمنى كەم كىيىپ، بىر ۋاق تاماقنى كەم يەپ تۆلىگەن بەدەللىرىڭلارنى ئويلىسام يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ۋىژىلداپ كۆيگەندەك بولىدۇ. پۇل بىلەن، تارازا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغان ئەنە شۇ بەدەل، ئەنە شۇ مۇھەببەت مېنى ئابرال ئېتىكىدىكى سۆيۈملۈك يۇرتۇمغا، قەدىرلىك ئاتا - ئانامنىڭ قېشىغا تارتىپلا تۇرىدۇ. ئەسلىدە مەكتەپ تەشكىلى مېنى بۇ يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن مەكتەپكە ئېلىپ قالىدىغان ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىپ بولغانىدى. مەنمۇ سىلەرگە مەسلىھەت سالمايلا ئۇلارنىڭ بۇ قارارىغا رازىلىق بىلدۈرۈپ بولغان. كېيىن كۆپ ئويلاندىم. خالىس نىيىتىم بىلەن ھېسسىيات ۋە بۇرچنى ۋىجدان تارازىسىغا

سىلىپ ئۆلچەپ باقتىم. بۇرچ بار تەرەپ قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشتى. دېمەك، بۇ ئىشتا يەڭگىلىلىك قىلىپ قويغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن يۇرتقا قايتىپ كېتىش توغرىسىدا بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردىم.

— سىز! — دەپ تۇرۇپ قالدى سىنىپ مۇدىرىمىز بىر ماڭا، بىر ئىلتىماسقا قاراپ، — جۆيلۈۋاتمايدىغانسىز سىڭلىم؟

— قارارىمنى ئۆزگەرتتىم.

— نېمىشقا تۇيۇقسىزلار قامچىڭىزغا تۇكۇرۇپ قالدىڭىز؟

— كەچۈرۈڭ ئوقۇتقۇچى، بۇنى بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيمەن.

— شۇنداقمۇ، — كۈلۈپ كەتتى مۇدىر، — چۈشىنىشلىك، ھەممىسى چۈشىنىشلىك ھازىر سىلەرنىڭ ئۆچۈم بولغان، ئۆزۈڭلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزۈڭلار ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ۋاقتىڭلار. بىراق، مېنىڭمۇ گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ ئاپئاق ئۇكام. بىزمۇ ياشلىق، مۇھەببەت دېگەنلەرنى بېشىمىزدىن كەچۈرگەن. بۇ ئىشتا بەكلا ساددا، ئاق كۆڭۈل بولۇپ كەتسە ئادەم ئاسانلا زىيان تارتىپ قالىدۇ. بۇ دېگىنىم — ئامانەتكە خىيانەت قىل دېگەنلىكىم ئەمەس. قەلبىڭىزنى چۈشىنىشكە، ئەقىدىڭىزنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، ئەمما ھېسسىيات باشقا گەپ، تۇرمۇش ئۇ باشقا گەپ، بۇنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز. مەن سىزگە دېسەم، بەزىدە شارائىتنى چىقىش قىلمايمۇ بولمايدۇ. بۇ بىر پۇرسەت.

تېپىلغۇسىز پۇرسەت. بۇنداق پۇرسەت ھەممىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. سىز بۇ پۇرسەتكە ئاز بەدەل بىلەن ئېرىشمىگەن. بەزىلەر بۇ يەردە قالالماي ئاۋارە. نېمىشقا؟ مۇشۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمەي تەنتەكلىك قىلماق كېيىن پۇشمان قىلغان بىلەن... مەن سىزنى ئۆز سىڭلىم، ئۆز قېرىندىشىم، ئۆز قىزىمدەك كۆرۈپ، كەلگۈسىڭىزنى، ئىستىقبالىڭىزنى ئويلاپ بۇ گەپلەرنى دەۋاتىمەن. بولدى تۇرمۇشىڭىزدىن ئەنسىرىمەڭ، مانا مەن سىزگە ئوقۇغان، بىلگەن، تىرناقتا توختىغۇدەك يىگىتلەردىن...

— ياق، ياق، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ ئوقۇتقۇچى، مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم ھەرگىز ئۇ ئىشلار ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن مۇشۇ يېشىمغىچە ھېچكىم بىلەن ئارىلىشىپ... بۇنداق دېسەم سىز... ئىشقىلىپ سىزگە يالغان، ئۆزۈمگە راست.

— ئۇنداق بولسا نېمىگە بۇنچىۋالا قىلىسىز؟

— كۆڭلۈم يۇرتۇمنى، ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىنىلا تارتىپ تۇرىدۇ.

— سەۋەبىنى ئاڭلاپ باقسام بولامدۇ؟

— دېدىمغۇ نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن دەپ.

— ساددا قىز، ھەقىقەتەن ساددا قىز ـ دە، سىز، تۇرمۇش، جەمئىيەت دېگەندە دەل سىزگە ئوخشاش ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ھامان باشقىلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ.

— شەرەپلىك قۇربان بولۇشمۇ شۇنىڭ ئىچىدىمۇ؟

— ھەر كىمنىڭ تاللىشىغا باغلىق ئىش.

— مەن مۇشۇ خىل قۇربان بولۇشنى تاللىۋالدىم.

— ئۆزىڭىز ئۇچۇنمۇ؟

— ماھىيەتتە شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

— بۇ سىزنىڭ ئاخىرقى قارارىڭىزكەن ـ دە؟

— مەن سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن. مەن ئۇچۇن، مېنىڭ كەلگۈسۈم ئۇچۇن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. بىراق، ئوقۇنقۇچى، مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار. كىم بىھۇدە قۇربان بېرىشنى خالايدۇ؟ تۆت يىل قولىڭىزدا ئىلىم ئاپتىمەن. قوشۇمچە ياپون تىلىنى ئۆگىنىپ، مۇشۇ دەرىجىگە يېتىپتىمەن، مېنىڭدە باشقىلارغا ئوخشاش چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسى، شارائىتى ئوبدان يەرلەردە ئىشلەپ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈمىدى يوق دەمسىز؟ كۆڭلۈمدە نۇرغۇن سانلار بار ئىدى. ئەپسۇس. . .

ئاپا، شۇنداق قىلىپ غۇلجىغا قايتىپ كېتىدىغان بولۇۋاتىمەن. يېقىندىن بېرى دادام ئىككىڭلار پات ـ پاتلا چۈشۈمگە كىرىپ قالىدىغان بولۇپ قالدىڭلار. بولۇپمۇ دادام. . . چۈشۈمنىڭ ئاخىرىنى ئەسلەشتىن قورقىمەن. ئۇنىڭ جىنازىدەك تۇرقى، ئۈستىدە سەن ئاخشاملىرى يۇيۇپ ئەتىگەنلىكى چىرايلىق دەزماللاپ كىيگۈزۈپ قويىدىغان ھېلىقى كىيىملەر، قولتۇقىدا دەرس پىلان دەپتىرى، سىنىپقا كۈلۈمسىرەپ، چىرايىدىن باھار ياغدۇرۇپ كىرىپ كېلىدۇ. باشقا ئوقۇنقۇچىلار كىرسە سىنىپنى ئېچىپ ـ ياپىدىغان كەپسىز باللار دادام كىرىشى بىلەن باشقىچە ئەدەب ـ قائىدىلىك بولۇپ كېتەتتى. بۇ

دادامنىڭ قاتتىق قوللۇقىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆيدە بىزگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. بىرەرسىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى ئەزەلدىن بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، دادام دەرس ئۆتسە شۇندىن ئەستايىدىل، قىزىقارلىق ئۆتەتتى. دەرس ئۆتكەن چاغدا ئۆزىمۇ باللار بىلەن تەڭلا دەرس ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. چۈشلىرىمدە دادامنىڭ ئەنە شۇ دەرس ئۆتۈۋاتقان كۆرۈنۈشى، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قايسى بىر قىيىن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈۋاتقان ھالىتى. . . تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بېشى قايغاندەك بولۇپ جىمىپ كەتتى. چىڭقىلىپ كەلگەن بىرقانچە قېتىملىق قىسقا يۆتەلدىن كېيىن دىمى كېسىلىپ، ئاۋازى يوقالدى. پۇتلىرى كالۋالىشىپ ئەسلى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى ـ دە، كىرىپ دەك تۇگۇلۇپ يېنىدىكى تامغا ئارانلا يۆلىنىۋالدى. چىرايى تام رەڭگىدە تاتىرىپ كەتكەنىدى. مەيدىسىنى تۇتۇپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ قاتتىق بىر يۆتىلىۋىدى، ئىچىدىن ئۇيۇل ـ ئۇيۇل بىغىر رەڭ قان ئېتىلىپ چىقىپ، مۇكچىيىپ يىتىپ قالدى. باللار ئەنسىز چۇرقىراشتى. سىنىپ ئىچى ئۆرە ـ تۆپە بولدى. توۋلاشقان، ئېسەدەشكەن، يىغلاشقان ئاۋازلار. . .

نەچچەقېتىم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام چىلىق ـ چىلىق تەر ئىچىدە يېتىپتىمەن، چۈشلىرىمگە قاراپ ئۆزۈممۇ ئەنسىرەپ قالدىم، ئىلگىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرئىش بولغان دېسەم ئېسىمدە يوقتەك ئاپا؟ ھەقىقەتەن شۇنداق بىرئىش بولغان. بۇنى دادام ئىككىمىز ھازىرغىچە سەندىن سىر تۇتۇپ كەلگەنىدۇق. گەرچە بۇنىڭغا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ تېخى تۇنۇگۇنكىدەك

يادىمدا تۇرۇپتۇ، ئۇ چاغدا مەن قورققىنىمدىن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. بىرچاغدا كىملەردۇر يۈزۈمگە سوغۇق سۇ سەپكەندەك قىلدى، ئەندىكىپ ئېسىمنى يىغسام، سىنىپ ئىچى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، بىرقانچە ئوقۇتقۇچى دادامنى تەستە كۆتۈرۈپ نەلەردىندۇر ئەكېلىپ تەييارلاپ قويغان قول هارۋىسىغا ئاچىقىپ باستى ـ دە، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى، شۇ كۈنلىرى سېنىڭ يېزىدىكى موماملارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىپ بىرقانچە كۈن تۇرۇپ قالغان ۋاقتىڭ ئىدى. دادام ئۈچىنچى كۈنى دوختۇرخانىدىن ئۆز پۇتى، ئۆز ئايىغى بىلەن يېنىپ چىقتى، ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى، مېڭىش ـ تۇرۇشى، گەپ ـ سۆزلىرى. . . خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى دادامنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپتىمەن.

— يىغلىماڭ قىزىم، — دەپ يۈزلىرىمگە سۆيۈپ كەتتى دادام، — هېچ ئىش يوق، مانا ياخشى بولۇپ قالدىمغۇ. ئادەتتىكى ئاغرىقكەن، بۇ ئىشنى ئاپىڭىز ئۇقۇپ قالمىسۇن بولامدۇ؟ ئۇ ئاڭلىسا ئەنسىرەپ قالىدۇ، مېنىڭ ئاپئاق قىزىم.

سەن يېزىدىن قايتىپ كىرگەندە ئۆيدىكى ئاشقان ـ تاشقان نان ئۇۋاقلىرىنى بېرىپ بېقىپ كېلىۋاتقان هېلىقى قوزىلىق قويىمىزنى ئوغرى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولدى، ئۇ چاغدا دادام ئىككىمىز ساڭا شۇنداق دەپ گەپ ياسىماق بولمايتتى، دادامنىڭ ساقىيىپ قېلىشى مېنى ئېيتقۇسىز خۇشال قىلغان بولسىمۇ، بىراق شۇ ئىشتىن كېيىن دادامدىن ئوبدانلا ئەنسىرەپ قالدىم. دادام دەرسكە كىرسىلا يۈرىكىم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ دەرس

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەن چاغدا دىققىتىم ئۇنىڭ ئۆتىۋاتقان دەرسىگە ئەمەس، روھى ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشكە كېتىپ قالاتتى، دوختۇرنىڭ دادامغا قانداق دىئاگنوز قويغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن شۇنداق بولغانلىقى كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپ كېلەتتى. بالىلىق يۈرىكىمگە قانداقتۇر بىر سىرلىق تېپىشماقتەك سوئال تاشلاپ كەتكەن بۇ ئىشنىڭ جاۋابىنى ئەمدىلەتىن تاپقاندەك بولدۇم. يېقىندا بىر ماتېرىيالدىن ئىچكى ئۆلكىدىكى مەلۇم بىر ئورۇننىڭ ئوقۇتقۇچىلار ئۇستىدىن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق سالامەتلىك تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە، كۆپ سانلىق ئوقۇتقۇچىلار روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئېغىر بېسىم تۈپەيلىدىن كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان سەككىز تۈرلۈك كېسەلگە گىرىپتار بولۇدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. جىگەر، كۆكرەك پەردە ياللۇقى، ئاشقازان قاناش، قان تومۇر ئۆسمىسى... يائاللا بۇ ئاغرىقلارنىڭ نامىنى ئاڭلىغۇمۇ يوق. دېمەك، دادامنىڭ سىنىپتا دوسكا ئالدىدا تۇيۇقسىز يىقىلىشى سەۋەبسىز ئەمەسكەن، بەزىدە ئەنە شۇ بېسىم، ئەنە شۇ يۈكلەرنىڭ كەينىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان، شۇنداقلا يۈزدە يۈز خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتقان پاجىئەلىك قىسمەتلەر دادامنىڭ ئەمەس، مېنىڭ ئۇستۇمگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. مۇبادا شۇنداق بولسا، مېنىڭ بېشىمغا باستۇرۇپ كېلىشى ھېسابىغا دادام بىچارە ئاز- تولا ئارام تېپىپ قالىدىغانلا ئىش بولسا بۇنىڭغىمۇ رازى بولغان بولاتتىم. بىراق، بىر ئادەمنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كېسەل

ئازابىنى ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ تەڭ تارتىپ بېرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن دېيىشكە توغرا كەلسە قارشى تەرەپنىڭ يەلكىسىنى تولۇق تېشىدەك بېسىپ تۇرغان روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئېغىر بېسىم...

مېنىڭ يۇرتقا قايتىشىمدىكى بىردىنبىر سەۋەب بەلكىم شۇدۇر. ئاپا، ساڭا جىقلا گەپلەرنى قىلىۋەتتىم. ئارتۇق كەتكەن يەرلىرىم بولسا كەچۈرەرسەن. ھازىر غۇلجىنىڭ تازا باھار پەسلى، باغ ـ باغلاردا چېچەكلىگەن ئالمىلارنىڭ خۇشبۇيي ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلغاندەك بولىۋاتىدۇ. راست، باھار كەلسىلا دادام مودا قالپاقنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان، قالپاق ئالالىدىمۇ؟ ئالالمىغان بولسا خۇدا نېسىپ قىلسا غۇلجىغا بېرىپ ئىشقا چۈشكەندە تۇنجى ئالغان مائاشىمغا بىر مودا قالپاق سېتىۋېلىپ دادامنىڭ بېشىغا ئۆز قولۇم بىلەن كىيگۈزۈپ قويىمەن. خەير، سىلەرگە ئامانلىق ۋە سالامەتلىك تىلەپ قىزىڭلار مەستۇرە»

زىكرىيا ئەپەندى خەتنى ئوقۇپ كۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان بايىقى ئەنسىز خىياللار تۇزغاقتەك توزۇپ، كۆڭلى پاللىدە يورۇدى، «بىچارە قىزىم،— دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ خەتنىڭ ئاغزىنى قايتىدىن چاپلاۋېتىپ، — مېنىڭ غېمىمنى يەپ كەتكەنلىرىڭنى قارا سېنىڭ، ئوقۇتقۇچۇڭ مەكتەپكە ئېلىپ قالايلى دەپ ئوبدانمۇ مەسلىھەت بېرىپتىكەن. بىراق، بۇ يەرگە كەلسەڭ...»

4

ئىش زىكرىيا ئەپەندىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقتى. بۇ يەردە مۇئەللىپ مەستۇرەنىڭ خىزمەت

تەقسىماتىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرى، چېكى يوق كۈتۈشلەر، «ئىختىساسلىق خادىملارنى كەسىپكە تونۇشتۇرۇش مەركىزى» دەپ چىرايلىق قالپىقى بار، شەكلى ئۆزگەرگەن مال بازىرىدا ئۇچرىغان خورلۇقلىرى، ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ ئايىغىنىڭ چەمى چۇشۇپ قالغۇچە قاتراپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى، ئاخىر بىرىپ مەستۇرەنىڭ ئادەتتىكى ئائىلە ئايالى بولۇپ قېلىشىدەك بىر قاتار كەچۈرمىشلىرىنى ئەزمىلىك بىلەن سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ زامانىمىزدىكى كۆپىنى كۆرگەن ئەقىللىق كىتابخانلىرىمىزغا ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ ئويلاپ، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە توختالمىدى. بۇ جەرياندا مەستۇرەنى قارشى تەرەپنىڭ ئازراقمۇ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمىدى، دېسەك لاپ بولۇپ كېتەر. ئېرىششى ئېرىشتى، خىزمەت كۈتۈش تەقەززاسىدا ئاز كەم ئىككى يېرىم يىلنى ئۆتكۈزۈپ، ھەممىدىن كۆڭلى قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىش تەقسىملەش ئورنىدىكى قايسى بىر مۆتىۋەرنىڭ ئىنساپى بىلەن شەھەردىكى مەلۇم بىر زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇنلاشتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ پۈتتۈرگەن مەكتىپى، ئوقۇغان كەسپىگە نىسبەتەن ئالغاندا موزدۇزنى ئاپىرىپ ناۋايلىققا، ناۋاينى ئاپىرىپ ياغاچچىلىققا سالغاندەك بىر ئىش بولسىمۇ ھەرھالدا ئۇنىڭغا زاۋۇتتىن بولسىمۇ خىزمەت تېپىلغانىدى. ئەلەم قىلغان يېرى، چاك - چېكىدىن سۆكۈلۈپ، ئۆپكىسى تۇگەپ كارنىيى قالغان بۇ زاۋۇت، مەستۇرە ئىشقا چۈشۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلاپ، بۇ زېمىندىكى مەۋجۇتلۇقىنى بىراقلا يوقاتتى. شۇنداق

قىلىپ، مەستۇرە بۇ يەردە ئۈچ ئاي نىسىغا ئىشلەپ، زاۋۇتنىڭ شور پىشانە ئىشچىلىرى قاتارىدا ئەلەم بىلەن ئائىلىسىگە قايتتى. شۇ كۈنى ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئىشتىن يېڭىلا چۈشۈپ تۇرغان دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.

— كە. . . كەچۈر دادا، — دېدى ئۇ كەپتەر باچكىسىدەك بوقۇلداپ، — مودا قالپاقتىن ئېلىپ ئۆز قولۇم بىلەن بېشىڭغا كىيگۈزۈپ قويالمىدىم.

— ئۇنداق دېمەڭ قىزىم، — دەپ قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى زىكرىيا ئەپەندى، — كىيگۈزۈپ بولدىڭىز. ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كىيگۈزۈپ بولدىڭىز. مەن رازى، ئىككى دۇنيا رازى.

شۇ كۈنى كەچتە زىكرىيا ئەپەندى چۈش كۆردى، چۈشىدە مودا قالپاق كىيگەنىدى. يەنە ھېلىقى چۈش، يەنە ھېلىقى چاق. ئۇ ئېڭەكلىرىنى پاكىز قىرىپ، رەتلىك كىيىنىپ، مودا قالپىقىنى بېشىغا قوندۇرۇپ خۇشخۇي مەكتەپكە ماڭدى، دەرۋازىدىن بىسمىللا دەپ ئاتلاپ، ئەمدىلا يىگىرمە، ئوتتۇز قەدەم ئۇزاپ تۇرۇشىغا ئۇدۇلىدىكى خالتا كوچىدىن شەيتاندەك لەپپىدە پەيدا بولغان ھېلىقى ئەسەبىي چاق يەر ـ جاھاننى تىترىتىپ، توپا ـ تۇماننى توزۇتۇپ گۈلدۈرلەپ كەلگەن پېتى يەنە ئۇنى قوغلاپ قالدى. ئەپەندىم قاچتى، ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي ئالدىغا قاراپ قاچتى، ئۇ چاقنى ئازدۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى دەھشەتلىك پاجىئەدىن مۇمكىن بار قۇتۇلۇپ قېلىش نىيىتىدە بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا، بىردە يول ياقىسىدىكى تېرەكلەر ئارىسىغا ئۆزىنى ئۇراتتى، چاق

www.uyghurkitap.com

قوغلايتتى، غايەت زور مەخلۇققا ئوخشايدىغان، ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا سىغمايدىغان بۇ تەلۋە، ئەسەبىي خۇنخور چاق ئالدىغا كەلگەن دەل ـ دەرەخلەرنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ، توپا ـ تاش، گۈل ـ گىياھ، قۇرت ـ قوڭغۇز، ھەممە ـ ھەممىنى دەسسەپ چەيلەپ، ئىزى چۇشكەنلىكى يەرنى تىلغاپ، كىسلاتادەك كۆيدۈرۈپ، بىچارە ئەپەندىنى تاپ بېسىپ قوغلاپ كېلەتتى. ئەپەندىم قاچاتتى، ئاچ كۆز بۆرە توپىنىڭ ئوۋ نىشانىسىغا ئايلىنىپ قالغان بەختسىز كېيىكتەك ئالاقزادىلىك بىلەن قاچاتتى. ئۇنىڭ باش ـ كۆزى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. يۈگۈرۈپ ـ يۈگۈرۈپ پۇتلىرى تالدى. دېمى كېسىلىپ، نەپسى بوغۇلدى. ئۆپكىسى ئاغزىغا كەپلەشتى. كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى تىقىلدى، ئەمدىلىكتە ئۇ بولالماي قالغاندى ئېچىنىشلىق ئۆلۈم، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر پاجىئە تىل بىلەن ئېغىزنىڭ، قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىلا قالغاندى، ئەپەندىم قاچاتتى، چاق قوغلايتتى. ئاخىر چاق جان قايغۇسىدا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ قېچىپ كېتىۋاتقان بىچارە ئەپەندىم ئۈستىدىن غالىب كەلدى. بىز كۆرۈشنى مەڭگۈ خالىمايدىغان، كۆرۈشلا ئەمەس، تىلغا ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان پاجىئە ئاخىر يۈز بەردى، ئەپەندىم ھالسىزلىنىپ يىقىلدى، چاق ئوڭدىسىغا يىقىلغان ئەپەندىنى پۇتىدىن بېشىغا قاراپ بېسىپ تاق كۆكرىكىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە قانداقتۇر بىر سېھرىگەر تەرىپىدىن سېھرلەنگەندەك شاپپىدە توختاپ قالدى. ئەپەندىنىڭ ئۇگە ـ ئۇگىلىرى غىرىسلاپ سۇنۇپ، تالقاندەك ئۇۋۇلۇپ، بەدىنى يەرگە چاپلىشىپ

قالدى، كۆكسىدىن، يۇرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قان ئاستىدىكى بوزرەڭ تۇپراققا، سۆيۈملۈك، قەدىرلىك، بىباھا تۇپراققا ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كەتتى. قان سىڭگەن يەردىن، ئەپەندىنىڭ ئاستىدىن دەقىقە ئىچىدە يۇمشاق، يۇمران مايسىلار ئۈنۈپ چىقىپ، بۇ مايسىلار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا قان رەڭگىدىكى گۈلگە ، خۇش پۇراق گۈلگە ئايلاندى، بىر توپ قىزىل گۈل ئەپەندىنىڭ ئاستىدا بىشىدىن ـ تاپىنىغىچە يېپىلىپ، ئۇنىڭ ساپ، ھالال، بىجىرىم، ئەمما قىسمەت بالالىرىنىڭ بازغاندەك زەربىسى ئاستىدا پارە ـ پارە بولۇپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدىنى مېھرىبان ئانىنىڭ قۇچىقىدىكى نارەسىدىدەك يېنىك، دەخلىسىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بۇ ھەقىقەتەن پاجىئە ئىچىدىكى ئامەت، بەختسىزلىك ئىچىدىكى بەخت ئىدى. كىشىلەر ئاللىقاچان ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتكەن ئەپەندىم چاق ئاستىدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئېغىر قانسىراپ، ھالسىراپ ياتاتتى، ئۇ تېخى ئۆلمىگەن، تېخى ھايات ئىدى. زىكرىيا ئەپەندى چاق ئاستىدا يېتىپ ئىچىنىشلىق ئېڭىرىۋەتتى.

— ياق، ياق، ئۆلگۈم يوق، ئۆلمەيمەن، مېنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىم ئەمەس، مەن تېخى ياشايمەن، ياشايمەن. . .

1997 ـ يىل 11 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى دوقمۇش

(پوۋېست)

## 1

— گەپ قىلە مايسە، مۆرىمەيسەنغۇ ھېچبىر؟

— مايسە ئەمەس، مايسىگۈل، — دومسايدى موماي، — مەنمۇ سىلىنىڭ ئەزان چاقىرىپ قويغان چىرايلىق ئىسمىلىرىنى گال پىچاقتا چامغۇر كۆكلىگەندەك كۆكلىۋېتىپ، «نۇراق» دەپ ئاتىسام تېرىكەلا ھەرقاچان.

— ۋاي - ۋۇي، ئاتىساڭ ئاتاۋەرمەمسەن، مەن سېنى ئاتىما، دېمىدىم، شۇنداق دەپ چاقىرساڭ خۇش بولىمەن تېخى. نېمىشقا دەمسىنا؟ ئاشۇ گال پىچاقتا كۆكلىۋەتكەن چامغۇردەك ئىسمىلىرىمىز ساڭا سەت، قوپال بىلىنگىنى بىلەن ماڭا شۇنداق يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. ئارىمىزدىكى قورۇنۇش، ياتسىراشلار يوقىلىپ، كونا قەدىناسلارغا ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىمەن. بولدىلا، مەنمۇ سېنى «مايسە» دەۋېرەي. ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «گۈلۈك» نى چېكەڭگە تاڭ.

— گېپىڭنىڭ سەتلىكىنى.

— شۇ ئەمەسمۇ، سەن بىلەن بىزنىڭچۇ قارا مايسە «گۈل» پۇراپ، «چىمەن» پۇراپ تۇرىدىغان چاغلىرىمىز

ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن. ھازىر بىز كىم؟ مۇسكۇللىرى شالاقشىپ، ئاغزىدا چىشى قالمىغان ئاتمىش يەتتە ياشلىق موماي بىلەن يەتمىش تۆت ياشلىق قېرى ئاشىق. گۈزەل سۈپەت، تاتلىق نازكەرەشمىلەر ئەمدى بىزگە ياراشمايدۇ. گېپىم خاتامۇ يا؟

— مۇسكۇللىرى شالاقشىپ قالغان سىلى ئەمەس، مەن. گەپنى ئوچۇق دەۋەرمەمدىلا . . . ئەسكى قېرى.

— ياخشى - يامانلىقىمنى تەرتىپمگە سۇ قۇيۇپ بەرگەندە بىلىسەن.

— ۋاي يەي، ئاڭلىدىم، تەرەتلىرىگە سۇ قۇيۇپ بېرىدىغانلارمۇ چىقىپتىكەنغۇ. ئەجەب شۇلارنى تاپماي. . .

— بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بار ئىكەن - دە، — گەجگىسىنى قاشلاپ ھىجايدى بوۋاي، — ھېلىقى خېلىل تاڭگانىڭ ئىشى بولمامدۇ، قوشنا مەھەللىدىن تېپىپتىكەن، ئاڭلىسام، بىرنېمىسىنىڭ بىرنېمىسى بولىدىكەن. مەنغۇ تازا قىزىقىپ كەتمىدىم. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆيىگە چاقىرىپ قالدى، بارسام ھېلىقى خوتۇن. . .

— ياش، قاملاشقان چوكان دەيدىغۇ؟

— قاملاشقان؟ ھە. . . ئەجەب زىغىرلاپ كەتتىغا مايسە، مەن ساڭا دېسەم. . .

— چۈشەندىم، چىرايلىق چوكاننى كۆرۈپ، ياشىرىپلا كەتكەنلا ھەرقاچان.

— ئەستا. . . گېپىمنى ئاڭلىمامسەن.

— ھە، قانداق بولدى؟

— قانداق بولاتتى، تاڭگانىڭ ئۆيىگە كىرسەم،

چىرايىنى پەرەڭدەك بويىۋالغان ياپياشلا بىر نىمە ئەينەككە ئالدىنى قىلىپ، چالا قالغان گىرىمىنى سۈرگىلى ئولتۇرۇپتۇ. چىرايىغا شۇنداقلا قارىغىنىمنى بىلمەن، كۆرۈپلا كۆزۈمگە سىغمىدى، ھىجراپ تۇرۇپ بەرگەن سالىمىغا «ھە» دەپلا قويدۇم. خېلىل تاڭگا قۇلىقىمغا پىچىرلاپ: «يۈرىكىڭلار قانداقراق سوقۇۋاتىدۇ ئاداش، ئىش قىلىپ بولىدىغان چوكان. خۇدايىم ئەردىن ئېيتىمىغانلا يېرى بار. يەتتە قېتىم توي قىلغان، بىرسىدىنمۇ تەلىيى كەلمىدى. ماقۇل كۆرسەڭلار گاچچىدە تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ... ھە، قارايسەنغۇ؟ ياش چوكان ـ گۈل چوكان دېگەن شۇ. ئەر كۆتۈشنى، بولۇپمۇ سەندەك بوۋايلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئوبدان بىلىدۇ» دەپ ئېتىقسىزلاشقىلى تۇردى، تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم. يەتتە ئەرنى يولغا سالغىنىغا قارىغاندا تازا بىر يوتقان ـ كۆرپە يىغىدىغان خوتۇنلاردىن ئوخشىمامدۇ بۇ. بوش چاغلىقلى بولمىغۇدەك. يۈزىنى بوياپ، قاش ـ كۆزىنى ئويىنىتىپ يۈرۈيدىغان مۇنداق سەتەڭلەر بىزگە ئوخشاش ئىككى پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەمگە ئاش بولامدۇ مايسە، ئۆزۈم قېرىسامىمۇ تېخى كاللام بىلەن كۆزۈمدىن كەتكىنىم يوق. بىزمۇ مال تونۇيمىز ـ دە، شۇ يەردىلا خېلىل تاڭگاغا: «چوكاندىغۇ گەپ يوقكەن. ئەمدى شۇ... مېنىڭ يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەم ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. ياخشىسى يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن» دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماڭاي دەپ تۇراتتىم، خېلىل تاڭگا بىقىنىمغا نوقۇپ: «قامچاڭغا تۈكۈرۈپلا قوپتۇڭغۇ ئۆلۈك، ئالدىڭغا كەلگەن تەييار پوشكالغا ئىشتىيىم بارمايدۇ

دېمەي، گېپىمگە قۇلاق سال، خوتۇن كىشى دېگەننىڭ سىرتىغا ئەمەس، قولىنىڭ تۆز تەمىگە بېقىپ باھا بېرىش كېرەك. بىزنىڭ رۇقىيە سىڭلىمىزنى سەن تېخى بىلمەيسەن، تاماق دېگىنىڭنى گۈلىگە گۈل كەلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر – ھە» دەپ شۇنداقلا شەرەت قىلىپ قويۇۋېدى، ھېلىقى چوكان غىلجىڭلاپ بارغان پېتى پەرتۇقنى ئالدىغا شاققىدە تاقاپ، دۇشە بىلەن پىچاقنى قولىغا ئېلىپ تاقىلدىتىپ، ئۆزىچە بىر نېمىلەلا بولۇپ كەتتى. تاڭگانىڭ خوتۇنى ئورۇن بوشىتىپ بىرچەتتە قاراپ تۇراتتى. مۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا قوپۇپ يېنىپ كەلگىلى بولمايدىكەن. ئامالسىز ئولتۇردۇم. بىرچاغدا ماختىغان چوكاننىڭ تامىقىمۇ تەييار بولدى، لەڭمەن قىپتىكەن، ئەمدى نېمىسىنى ئېيتىسەن مايسە، نېرى يۇتسام بېرى كېلىدۇ، زورلاپ يەپ قويغان بىرقاچا تاماق ھەپتە – ئون كۈن مەيدەمنى قاينىتىپ، بىئارام بولۇپ يۈردۈم. لاپ ئۇرغىنىم ئەمەس مايسە، مەن ساڭا ئېيتسام، خېلى – خېلى ئاياللارنى چېچەنلىكى، ئۆي تۇتۇشى، قولىنىڭ تۆز تەمى بىلەن يەنىلا ساڭا تەڭ قىلمايمەن جۇمۇ.

مايسىگۈل موماي ئۇراخۇن بوۋاينىڭ گېپىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

— راست دەۋاتىمەن، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي، — مەن سېنىڭ تۆز تەمىڭنى جىق تېتىغان، ئېسىڭدىمۇ، كوممۇنا چاغلاردا سەن ھەر يىلى يازدا ئەترەتنىڭ ئاشپەزلىكىنى قىلاتتىڭ. مەن خامان تېپەتتىم. توپان سورۇپ، بۇغداي چەشلەپ، قورسىقىم راسا ئېچىپ كەلگەندە سېنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىڭنى يەپ يايراپ

كېتەتتىم. قوشقاچ تىلى كېسىپ ئېتىلىدىغان سۆيۈق ئاشلىرىڭ ـ ھە! گالدىن ئۆتۈپ بولغۇچە پۇتىنىڭ ئۇچىغا بېرىپ بولاتتى ۋاھ. . . ھا، ھاردۇق ئېشى دېسە مانا شۇنى دېسە بولىدۇ. يەنە تېخى. . . ئىشقىلىپ قولۇڭدىن چىققان ھەر قانداق تاماقنى يېسەم ـ يېسەم قانمايتتىم. شۇڭغا قاراپ ئاناڭ رەھمەتتى سېنى تۇغقان چاغدا «قىزىمنىڭ قولى تەملىك بولسۇن» دەپ قىرىق سۆيگەندە قولۇڭنى ھەسەل بىلەن چايقىغانمىكىن دەيمەن.

— بولدىلا، ئادەمنى تولا خىجىل قىلماي سىلى زادى نېمە دېمەكچى؟

— ئاشۇ تاماقلىرىڭنى سېغىنىپ قالدىم، ھە، قارايسەنغۇ؟ سېغىنسام بولمامدىكەن؟ راست گەپنى دېسەم، بىزنىڭ ھەلىمە قازا قىلغاندىن بېرى ئاغزىمغا تېتىغۇدەك بىرنەرسە يېگىنىمنى بىلمەيمەن. ماڭا تېتىغۇدەك تاماقنى كىم بېرىدۇ دەيسەن. ئۆيلىسام يەنىلا سەندىن باشقا. . . نىماندىق سەت كۆزۈڭ بىلەن قارايسەن مايسە، گەپنى ئۇدۇللا دېگىنىم ئۇچۇنمۇ؟ ئۇنداق قىلما، مەن سېنىڭ قاپاق تۇرۇشىڭنى سېغىنىپ كىرمىدىم كۈلە، ئېچىلىپ بىر كۈلۈۋەتكىنە. بەللى، مانا شۇنداق كۈلسەڭ بىر يەرلىرىڭنى ھەلىمەگە ئوخشىتىپ قالىمەن. ئۇمۇ شۇنداق كۈلەتتى. كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، شۇنداق چىرايلىق، يېقىملىق كۈلەتتى. مانا مۇشۇ قولۇمدىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ جان بەرگەن. ئەمدى ئۆيلىسام، بەدىنىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئايالكەندۇق رەھمەتلىك، بەزى كۈنلىرى رەھمەتلىك مومىيىم گۆپپىدە بۇرنۇمغا پۇراپ قالىدۇ.

ئادەم خۇمارى بولۇپ قالىمەن.

— باللىرى بىلەن نەۋرىلىرى بارغۇ، يەنە كېلىپ بىر قورۇدا.

— ھەي، شۇنداقمۇ دەيسەن مايسە، ھەرقانچە دېگەن بىلەن ئۇلار يەنىلا ھەمرىيىمنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ دېگىنى بولامدۇ، ئۆي دېگەن ئايال كىشى بىلەن ئاۋات بولىدىغان گەپ ئىكەن. كۆندۈزى ئۆيگە كىرسەم تۈت تام يەپ تۇرىدۇ. كېچىلىرى ياستۇققا باش قويغاندا. . . دېمەك شۇنداق گەپ، ئەگەر سەن بېرىپ تامىقىمنى ئېتىپ بەرگەن بولساڭ، باشقىدىنلا ياشىرىپ كەتكەن بولاتتىم.

— ۋاھ، ئىشلار شۇنداق ئاسانمىكەن؟

— بۇنىڭ قىيىن دېگۈدەك نەرى بار. تۈت ئادەمنى چاقىرىمىز قارىمىدىن بىرنى باشلاپ كېلىپ شاققىدە نىكاھنى ئوقۇتىۋېتىمىز شۇ.

— ۋاي يۈزۈمەي، بارسىلارا نېرى، ھى سەتنى بىلمەيدىغان قاقۋاش.

— بۇ يېشىمدا گەپنى ئەگىتىپ نەگە بارىمەن، مايسە، ساڭىمۇ ئاسانمۇ، ھېلىمۇ يالغۇز ياستۇققا باش قويۇپ شۇنچە يىلنى ئۆتكۈزدۈڭ، بىز ئەرلەرگىمۇ تەس ئىكەن. كۈندۈزى ھەمراھ، كېچىلىرى ئەسرا بولىدىغان بىرەرسى بولمىسا مۇنداق ياشىغاننىڭ تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەندىن نېمە پەرقى، مەن بىر قارارغا كېپ بولدۇم. خۇدايىم بۇيرۇسا مومىيىمنىڭ يىل قارىسىنى ئۆشتۈپ بولۇپلا سېنى ئۆيۈمگە ئەكىرىۋالىمەن.

— باللارچۇ؟

— ھە، باللارغا نېمە بوپتۇ؟

— گەپ مەشەدە، «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەي» دىغان ئىش بولامدۇ دەيمىنا.

— نېمىشقا توغرا كەلمەيدىكەن؟

— ئۇلار قوشۇلمىسىچۇ؟

— قوشۇلمىسا! ؟

مومايىنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا بەكلا كۈلكىلىك تۇيۇلدى، بوۋاي ھېلىمۇ ئۆزىنى ئائىلىسىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئىگىسى سۈپىتىدە ھەرقانداق ئىشتا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب دەپ قارايتتى. دېمەكچىمۇ ئالتە بالىنى سېرىق تۈكىدىن ئايرىپ (بوۋاي ئۆمرىدە ئون بىر بالا يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ ھازىر ھايات قالغىنى ئالتە ئىدى) قاتارغا قوشقان بىر ئاقساقالنىڭ ئەمدى قويۇپ خۇسۇسىي ئىشىغا چات كىرىۋالىدۇ دېسە، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنە گەپ ـ دە، ئۇ تېڭىرقاپ تۇرمايلا جاۋاب بەردى.

— ھەي ساددا موماي، بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى بارمۇ، گەپ — ئۇلاردا ئەمەس، سەن بىلەن مەندە، ئىككىمىزنىڭ پۇرچىقى پىشتىمۇ بولدى. يوقىلاڭ ئىشلارغا كاللا قاتۇرۇپ نېمە قىلىسەن.

— «ئېغىرلىق ـ راخمانلىق» ، — دېدى موماي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — ئۇلار بالا بولسىمۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى، ھەرھالدا ئويلىشىپ ئىش كۆرمەي بولامدۇ. قېنى ئالدى بىلەن بىز. . .

— نېمە دەيمەن ئۇلارغا مەن: «چوڭ بولدۇم، خوتۇن ئالىمەن، ئۆيلەپ قويۇڭلار» دەيمەنما؟ قىزىق ئىش، — دەپ دىمىغىنى قاقتى بوۋاي.

— ھى. . . ھى. . . ھـــى. . . ، ۋاي ئالجــــغان

قىرىيەي، ياشلىرى يەتمىشتىن ئاشقان بىلەن ئەقىللىرى تېخى ئون سەككىزگە تولمىغان ئوخشايدۇ. دېسىلە، بىرىپ شۇ گەپنى قىلسىلا، بەلكىم بالىلىرى باشلىرىنى ئوڭشاپ، ئۆيلىرىنى ئايرىپ قويسا ئەجەب ئەمەس.

موماي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇ ئېرىدىن تۇل قېلىپ بوگۈنكىدەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلۈپ باقمىغانىدى. مومايغا قاراپ نۇراخۇن بوۋايمۇ كۈلۈپ كەتتى.

2

مومىينىڭ ئۆلۈمى نۇراخۇن بوۋايغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەنىدى. جۇغى كىچىك بولسىمۇ ياش قۇرامى ئۆزىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بۇ موماي ئېرىغا ئوخشاشلا تىمەن ھەم تېتىك ئىدى. كىر يۇيۇش، نان يېقىش، ئاش - تاماق ئېتىشقا ئوخشاش ئىشلارنى يەنىلا ئۆزى قىلاتتى، كالا پوقى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن سېغىزلاي بىلەن سۇپا، قازان باشلىرىنى ساتىراچنىڭ كاپلىغۇچىدەك پارقىرىتىپ سۇۋاپ، ئۆي ئىچىنى شۇنچىلىك پاكىز، سەرەمجان تۇتاتتى. مومايىنىڭ جۇغى كىچىك بولغىنى بىلەن جېنى چىڭ ئىدى. ئاغرىق - سىلاقتا ئانچە بوزەك بولۇپ كەتمەيتتى. ئەرزىمەس كېسەل ئۈچۈن ئىنجىقلاپ يېتىۋالىدىغان تاۋى نازۇك «خېنىم» لارغا ئوخشىمايتتى. ئادەتتىكى تۇمۇ - پۇشقاقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۆمرىدە بىرەر كۈنمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ باقمىغانىدى. ئادەمنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بىلەن يەيدىغان رىزقى تۈگىسە، ياراتقان

www.uyghurkitap.com

ئىگىسى «ئامانىتىنى» بىر دەقىقىمۇ كېچىكتۈرمەيدۇ دېگەن گەپ راست ئىكەن.

بىر كۈنى بوۋاي ئېغىر زۇكامداپ قالدى. موماي ئۇنىڭغا تۇمۇنى كېسىدىغان ئاچچىق - چۈچۈك بىرنەرسە قىلىپ بېرەي دەپ تاماقا تۇتۇش قىلدى، ئەپسۇس، بۇ قېتىمقى تاماق ئۇنىڭ بىلەن يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق بىر ياستۇقتا باش قويۇپ، بىر يوتقاندا مۆكۈدىشىپ، ھاياتىنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنلۇق كۈنلىرى، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىنى شېرىن، تولىمۇ شېرىن ئەسلىمىلەر بىلەن بېزەپ كەلگەن كۆيۈمچان ھەمراھىنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىپ بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى تامىقى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيسىز. ھەلىمە موماي ياغاچ ئوتۇن ئوتىدا ئۆرلەپ تەييار بولغان قازاندىكى ئۇگرە ئاشتىن ئالدى بىلەن بىر قاچا ئۇسۇپ جوزا ئالدىدا ئىشتەي ساقلاپ ئولتۇرغان بوۋىيىغا سۇنغانىنىڭ ئارىلىقىدا ئاپقۇر قولىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. بۇ «چۈشۈپ كېتىش» ئادەتتىكى ئېھتىياتسىزلىقتىن بولۇپ قالىدىغان چۈشۈپ كېتىشلەرگە ئوخشىمايتتى، بوۋاينىڭ تاماقا سۇنغان قولى بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە موماينىڭ پەيدەك يەڭگىل گەۋدىسى ئاپقۇردىكى ئاشنىڭ كەينىدىنلا كىگىز ئۈستىگە ئۈچۈپ چۈشتى. كۆتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن بىرپەس ئېسىنى يوقىتىپ قويغان بوۋاي يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ موماينى يۆلۈۋالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا موماينىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، نەپەس ئېلىشى ئىتتىكلەپ قالغانىدى. چېكىسىدىن سوغۇق تەر

تەپچىيتتى. بىركۈن ئاۋۋال يىلىم چىپپىپ چىرايلىق تارتۇالغان كۆمۈش رەڭ چاچلىرىدىن گۆپۈلدەپ جىگدە يىلىمىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. بوۋاينىڭ قۇچىقىدا ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ياتقان موماي كۆزىنى يېرىم ئېچىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى. ئۇنىڭ قورۇلۇپ ئېتى قېچىپ، كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى تەستە ئېچىلىپ، بىرنىمە دەۋاتقاندەك قىلاتتى. بوۋاي قۇلىقىنى مومايىنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى. ئۇ سۆزلەۋاتاتتى. ئاۋازى يەر تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك تولىمۇ پەس ئىدى.

— بىر... بىر چاغلاردا، — دېدى موماي ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، — ئاپامنىڭ قۇچىقىدا مانا شۇنداق ياتقان ۋاقتىمدا، تېخى يېشىمغا تولمىغان بوۋاق ئىدىم. كۆزۈمنى يۇ... مۇپ - ئاچسام سىلىنىڭ قۇچاقلىرىدا يېتىپتىمەن...

— شۇ... شۇنداق، — دېدى بوۋاي مومىينىڭ جاۋغىيىدا سىماب تامچىسىدەك لىغىرلاپ قالغان شۆلگەي يۇقىنىدىسىنى باشمالتاق بارمىقى بىلەن سۈرتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — ئاناڭ رەھمەتلىك سېنى مېنىڭ قۇچىقىمغا ئامانەت قويۇپ كەتكەن، سەن ھېلىمۇ بوۋاق، يېشىغا يەتمىگەن، ئايىغى چىقمىغان بوۋاق، سەن... سەن تېخى ياشايسەن...

موماي بېشىنى چايقىدى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قازان بېشى تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ دېدى:

— قور... ساقلىرىنى ئاچۇرۇپ قويدۇم، تا... ماقنى ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا، تۇمۇنى كېسىدۇ.

ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم دېگەن گېپى شۇ بولدى. كۆز

قارىچۇقى كەينىگە تارتىپ، لەۋلىرى ئاستا ـ ئاستا ھىملەشتى ـ دە، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ كەلگەن بىر نەچچە قېتىملىق ھېقىقتىن كېيىن جىمىپ قالدى. ئۇ بوۋىيىغا ئاماقنى ئېتىپ بىرىۋېتىپ قوچىقىدا خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەندى، شۇ ئۇخلىغانچە قايتا ئويغانمىدى.

جامائەت مېيىتنى يەرلىككە قويۇپ قايتقان چاغدىلا بوۋاي قەدىردان ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ قانچىلىك ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭغا ھايات، تۇرمۇش، جاھاننىڭ قىزىقچىلىقى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك بىلىندى. تېخى تۇنۇگۇنلا ئاپتاپتەك بېقىشلىرى، باھار قۇشلىرىغا ئوخشاش چاكىلداپ «سايراشلىرى» بىلەن ئائىلىسىنى ئاۋات قىلىپ تۇرغان مومىيىنىڭ بۇگۈن قويۇپ ئىككى مېتىر يەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ يېتىۋالغانلىقىغا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، ئۇ ئۆيىنىڭ قايسى بىر بۇلۇڭىدىن، تونۇر باشلىرىدىن، قىغ ھىدى كېلىپ تۇرغان مال ئېغىلىدىن پەشلىرىنى قېقىپ چىقىپ كېلىدىغاندەكلا قىلاتتى. لېكىن، موماي چىقىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ قويغان ـ تۇتقان نەرسىلىرى، ئولتۇرغان قوپقان يەرلىرى مۇڭلۇق، تولىمۇ مۇڭلۇق كۆرۈنەتتى. ئەمدى بوۋايغا ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرىدىغان، ئاچچىقى كېلىپ قالسا قاپاقلىرىنى يېقىملىق تۈرۈپ كوتۇلداپ قويىدىغان، ئاخشاملىرى پۇت ـ قولىنى تۇتۇپ، دۈمبىسىنى ئۇۋۇلاپ، غوللىرىنى مۇشتىلاپ قويىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇراخۇن بوۋاي جىمخور، كەمسۆز بولۇپ قالدى. تالا ـ تۈزگىمۇ كەمدىن كەم چىقاتتى. مومايىنىڭ قىرىق نەزىرىسىدىن

كىيىن كەنجى ئوغلى تۇداخۇن دادىسىنى يالغۇز قالدى دەپ ئايالى، بالايۇاقىسىنى ئېلىپ چوڭ ئۆيگە كېلىۋالدى، ئۇ مۇمكىن بار دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كۆرۈشنى بىئەپ كۆرمىسۇن دەپ ئايرىم تېلېۋىزور سېتىۋېلىپ، ئۆيىــگە قويۇپ بەردى. ئۇنىئالغۇدىن بىرنى ئەكېلىپ، مەخسۇس خەلق ناخشىلىرى ئېلىنغان لېنتىلارنى يىغىپ كەلدى. تۇداخۇننىڭ ئايالى رىزۋانمۇ كۆڭلى ياخشى، ئايىغى يېنىك، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى بىــلــىــدىغان ئايال ئىـــدى. قېيناتىسىنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۇيۇپ، ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ بېرەتتى. ئۆينى ئايدا بىـــر دېگۇدەك قېقىپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئاپتاپقا سالاتتى.

— بوۋا، ئاپام تامىقىڭنى يەۋالسۇن دەيدۇ.

— بوۋا، چېيىڭنى ئىچىۋال، — دەيتتى نەۋرىلىرىمۇ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ.

بوۋاينىڭ تامىقى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئازلاپ كەتتى. ئۇيقۇسىمۇ تامىقىغا ئوخشاشلا ئاز ئىدى. كېچىلىـــرى بىرچاغقىـــچە تىـــكەندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرەتتى، ئۇنىئالغۇ قويۇپ ناخشا ئاڭلايتتى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنـــى ئاۋۇندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەسەلنىـــمۇ يەۋەرسە ئەمەن تېتىغاندەك بىر خىل ئۇسۇلدا دەۋر قىلىپ تۇرغان تۇرمۇش رىتىمى ئۇنى زېرىكتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىئالغۇ بىلەن تېلېۋىزورغۇ ئادەمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ياخشى ئەمەك، ئەمما بۇ «ياخشى ئەمەك» بىلەن كىشىنىڭ سەھرايى كەبىرگە ئوخشاش چۆلدەرەپ تۇرغان روھــي

دۇنياسىغا ھېچ قانچە تەسەللىي تاپقىلى بولمايتتى. نۇراخۇن بوۋاي كېچىلىرى ئېڭىكىنى تۇتۇپ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۆزىگە بىردىنبىر تەسەللىي بېرەلەيدىغان بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم نەرسىنىڭ كەملىك قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئاشۇ كەم نەرسىنى تولۇقلاشنىڭ ئىنسان ھاياتىدا قانچىلىك زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدى، ئۇ بۇ كەم نەرسىنى ھېس قىلغانسىرى تىت - تىت بولاتتى، تىت - تىت بولغانسىرى ئۆزىنى موخوركىغا زورلاتتى تاشلىغىلى ئۇزۇن بولغان موخوركىغا يەنە ئۆگىنىپ قالغانىدى.

— موخوركىنى ئاز چەك، — دەيتتى ئۇنى پات - پات يوقلاپ كېلىپ قالىدىغان كونا ئاغىنىسى زىياۋۇدۇن بوۋاي، — قېرىغاندا ئۆپكەڭنى ئىسلاپ ئۆلەي دەمسەن، قارا بوپقالغان تورقۇڭنى ھەلىمەنى ئۇنتۇپ كەت. قايغۇرغانغا ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھايات سەپىرىدە زىياۋۇدۇن بوۋاي بىلەن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن نۇراخۇن بوۋاينىڭ كۆڭلىدە سىر يوشۇرمايدىغان، ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلىشالايدىغان ئادىمى بار، دېيىلسە پەقەت مۇشۇ كىشىلا بار ئىدى.

— ئۇنتۇپ كەتمىسەممۇ نېمە ئامال، — دەيتتى ئۇ كانايچە قىلىپ يۆگىۋالغان موخوركىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ، — ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولمىسا، بىراق شۇ...

— ئىچىڭ پۇشسا بىز تەرەپلەرگە بېرىپ ئايلىنىپ كەل، — دېدى بىر كۈنى زىياۋۇدۇن بوۋاي ئۇنىڭغا، — يازمۇ يورۇدى. ئۈچەكتىكى قۇرت - قوڭغۇزلار چېغىدا

ئۈۋىسىدىن چىققىلى نەۋاق، قاچانغىچە بىر بۆلۈك، بىر كۆلۈكىدا بىكىنىپ ياتىسەن، يا سەن قەپەستىكى قۇش بولمىساڭ.

— قۇش؟ — دەپ تۇرۇپ قالدى نۇراخۇن بوۋاي،— ما ئوخشىتىشىڭ جايىدا بولمىدى ئاداش، قەپەستىكى قۇش ئەمەس، قانىتى سۇنغان قۇش - دە، مۇنداق قۇشنىڭ پەرۋازى بولامدۇ. باھاردىن، باغلاردىن، گۈل - گىياھلاردىن قانچىلىك ھۇزۇر ئالالايدۇ؟

— ۋاھ، ۋاھ، ۋاھ،— دېدى زىياۋۇدۇن بوۋاي ئاغىنىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ،— قاچاندىن بېرى مۇنداق گەپدان بولۇپ كەتتىڭوي، بىر قارىسام كىنولاردىكى ئادەملەردەك، يەنە بىر قارىسام يۇرىكىگە ئوت، كۆڭلىگە ئىشىق سەۋداسى چۈشكەن ئاشىقلاردەكلا گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭغۇ.

— بويتاقچىلىق،— دەپ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى نۇراخۇن بوۋاي،— ئۇ ماڭا ھەممە نەرسىنى ئۆگەتتى. ناۋادا مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرسى بولغان بولسا، ئۇمۇ ئۆگەنگەن بولاتتى ئاداش. ساڭا دېمەي كىمگە دەيمەن. بۇ ياشقا كەلگەندە يالغۇز ياستۇقنى قۇچاقلاپ يېتىش ئادەمگە تەس كېلىدىكەن. كېچىلىرى ئۇندەرەپ تۇرۇپ كەتكەن چاغلىرىمدا يېنىمغا قارىسام ھېچكىم يوق، مۆڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن، باللارنى بار دېگەن بىلەن مۆڭگى بىلەن ناخشىسى ئايرىم. سەن بىلەن بىزنى قانچىلىك چۈشىنىدۇ دەيسەن.

— مۇنداق دە،— دەپ كۈلۈپ كەتتى زىياۋۇدۇن بوۋاي،— بۇرۇنراق شۇنداق دېگەن بولساڭ يولىنى

قىلمايتتۇقمۇ قەدىناس. بوپتۇ، ھېلىمۇ كېچىكمەيدۇ. دەسمىيىڭنىڭ تايىنى يەتسىلا قالغان گەپنى بىزگە قويۇپ بەر. ھەپتىگە قالماي دۇمبىسىگە ئەركەك چىۋىن قونمىغان قىزدىن بىرنى...

— ئا... ھاي، — ئاغىنىسىنىڭ ئاخىرقى چاقچاق ئارىلاش گەپلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتى ئۇ، — شۇنداقمۇ بېزەپ پاراڭ قىلامسەن، ماڭ، ماڭ، يولۇڭغا ماڭ.

## 3

زىياۋۇدۇن بوۋاي ئاغىنىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى. سەۋەبى ئۇمۇ تېخى بىرقانچە يىل ئاۋۋال «يالغۇزچىلىق» نىڭ دەردىنى تارتىپ كۆرگەنىدى. مومىيى قازا قىلىپ يىلى توشماي تۇرۇپلا ھازىرقى ئايالى دۇرنەمنى ئەكېلىۋالدى. بۇ ئىش شۇنداق تۇيۇقسىز بولدىكى، ھەتتا بىر قورۇدا تۇرۇۋاتقان بالىسىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ يېڭى «كېلىنچەك» نى ئېشەك ھارۋىسىغا سېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىلا ئىشنىڭ جەريانىنى بالىلىرىغا ئۇقتۇردى. بالىلىرى يېرىلغۇدەك بولۇشۇپ، غەزەپتىن دىر - دىر تىترىدى. ئەمدى ئۇلار ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ كېچىككەنىدى. كېچىكىدە ئىشنى كەسكىن قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ بوۋاي باشقىلارنى ئارىغا سېلىشنى ئارتۇقچە ئىش دەپ بىلدىمۇ، بىر كۈنى ئۆزىگە - ئۆزى ئەلچى بولۇپ كۆزلەكتىكى دۇرنەم مومايلارنىڭ ئۆيىگە غىپپىدە باردى - دە، شۇ يەردىلا قارىم بىلەن تۆت ئادەمنى چاقىرىپ كېلىپ تۈمۈرنى قىزنىقدا سوقۇۋەتكەنىدى.

شۇڭا، نۇراخۇن بوۋاينىڭ گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا: «ناۋادا مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرسى بولغان بولسا ئۇمۇ ئۆگەنگەن بولاتتى ئاداش» دەپ دارتمىلاشلىرى بىكار ئەمەس ئىدى.

«راست ئېيتىدۇ،— دەيتتى زىياۋۇدۇن بوۋاي ئاغىنىسىنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىدە تەستىقلاپ،— كىمنىڭ يۈرىكىگە ئوق تەگسە دەردىنى شۇ ئۆزى بىلىدىغان گەپ. بۇنىڭ داۋاسىنى ۋاقتىدا قىلىش، ياخشىراق مەزلۇمدىن بىرنى تېپىپ باش ئاغرىقىنى ساقايتىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلەيدۇ...»

زىياۋۇدۇن بوۋاي «لايىق» تېپىش ئىشىدا «دەرۋازا قېقىشقا» ئالدىراپ كەتمىدى. كونىلارنىڭ «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىش» دېگەن سۆزى بويىچە ئالدى بىلەن مەھەللىدىكى يېشى توختىغان تۇل ئاياللارنى بىر - بىرلەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، «كۈزلەكتىكى مەريەمخان موماي قانداق بولار؟ دەيتتى ئۇ ئۆزىگە - ئۆزى سوئال قويۇپ،— ياق، ياق، ئۇ قېرىپ، ئەسكى داستەك ماكچىيىپلا قالغان ئايال. ئۇنى ئالسا ئاغزىغا نان چايناپ بېرىپ باقسا بولىدۇ. ئاياغ مەھەللىدىكى ھېپىزەم سىرىقچۇ؟ قويە ئۇ ھازازۇل خوتۇننى. ئېرى ھايات چېغىدا ئارا كۈندە بىر ساقىلىغا ئېسىلىپ ئارىمنى قويمايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايىنىڭمۇ تايىنى يوق، بۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ھېلىقى... ئىككى پېشىغا تاش باغلاپ قويمىسا شامال ئۇچارتىپ كېتىدىغان ئايالنىڭ ئىسمى نېمىتى؟... ۋاي بولدىلا «ئاتىنىڭ تۇرۇقى ياخشى، خوتۇن كىشىنىڭ ئورۇقى» دېگەن بىلەن يەنىلا سېمىزىگە يېتەمدۇ، ساي بويىدىكى شاراپەت سەتەڭمۇ بولىدىغان نېمىتى، ئەت دېسە ئەت، چىراي دېسە چىرايى

بار، لېكىن شۇ چىرايلىقنىڭ بىر ئەيىبى دەپ ھېلىقى قىلىقى...»

مەھەللىدە تۈل خوتۇنلار ئاز ئەمەس ئىدى. بىردىن، يېرىمدىن بالىسىنى قۇچاقلاپ قالغان ياش چوكانلارنى سۈر ـ سۈر قىلىپ كەلسە بۇمۇ جىق گەپ ئىدى، زىياۋۇدۇن بوۋاي يېشى توختىغان شۇ خىلدىكى ئاياللارنى ئەنە شۇنداق «غەلۋىر» بىلەن «ئۆتكەمە» دىن ئۆتكۈزۈپ ئاخىرىدا بىرقانچە «نامزات لايىق» نى تاللىۋالغان بولدى، ھازىرچە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقى ئىككىنچى مەسىلە بولسىمۇ زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ ئويلايدىغىنى ئاۋۋال ئاغىنىسىنىڭ كۆڭلىنى «چېكىپ» بېقىش ئىدى. ناۋادا ئۇ كۆڭلى خالىغان بىرىگە بېشىنى شۇنداق لىڭشىتىپ قويسىلا، مۇشۇ يېشىغىچە تالاي ـ تالاي ياشلارنىڭ يولىنى مېڭىپ «بېشىنى باش، ئايىغىنى تاش» قىلىپ كەلگەن بۇ «جاھانگىر ئەلچى» ئاغىنىسىنىڭ ئىشلىرىنى گۈلىگە گۈل كەلتۈرۈۋېتىشكە ئىشىنەتتى.

بىراق، ئىشلار زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقماي قالدى. ئۇ مۇنداق بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. زىياۋۇدۇن بوۋاي «نامزات لايىق» لارنىڭ ئات ـ جۆنىنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سالا ـ سۈپىتىنى زوق ـ شوق بىلەن تونۇشتۇرۇۋاتقان چاغدا نۇراخۇن بوۋاي گېلىنى مەنىلىك قىرىپ قويۇپ، بۇرادىرىنىڭ لايىقلار خۇسۇسىدىكى قىسقا، ئەمما تەسىرلىك «دوكلاتى» نى بىرقانچە قېتىم قاپ بېلىدىن ئۈزۈۋېتىپ، گەپنى ئەسلى تېمىغا مۇناسىۋەتسىز باشقا ياققا بۇرىۋەتتى. ئىش كۆرگەن ئەلچىگە خاس ھېسسىيات بىلەن قارشى

تەرەپنىڭ مەيلىنى تارتىش خىيالىدا قىزىقىپ سۆزلەۋاتقان زىياۋۇدۇن بوۋاي گېلىگە ئۇستىخان تۇرۇپ قالغاندەك غىققىدە بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ كەلگەن لايىقلىرى ھەققىدە يەنە ئارتۇقچە گەپ سىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. نۇراخۇن بوۋايغا كەلسەك، قارىماققا ئۇ قوپالدەك كۆرۈنگىنى بىلەن كۆڭلى تۈز، گەپ ـ سۆزى ئوچۇق، مىجەزى چۈس ئادەم ئىدى، بىرەرئىش دىتىغا ياقماي قالغان چاغلاردا ئەنە شۇنداق قىلاتتى، بۇنى زىياۋۇدۇن بوۋاي ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قىلىقىدىن رەنجىپمۇ كەتمىدى. ئۇ ئۆيدىكى ھېسابىنىڭ بازارغا توغرا كەلمەي قالىدىغان چاغلىرى بولۇپ تۇرۇدىغۇ. ئۇنى توغرا كەلتۈرۈش يەنىلا ئۆزۈمگە باغلىق» دەپ ئويلىدى.

زىياۋۇدۇن بوۋاي بۇنىڭلىق بىلەن لايىق تېپىش ئىشىدىن يالتىيىپ قالمىدى. ھەرقېتىم تاپقان لايىقلىرىنى ئېرىنمەي كېلىپ ئاغىنىسىغا سىرتىدىن تونۇشتۇراتتى. تونۇشتۇراتتىيۇ، ياخشى راق جاۋابقا ئېرىشەلمەي يەنە قايتاتتى. شۇ ئارىدا نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئۆيلىنىش ئىشىدىن خەۋەر تاپقان باشقا بۇرادەرلىرىمۇ جىم ياتمىدى، كۆرگەن ـ بىلگەن يەرلىرىدىن «تۇتسا سىپى، چاقىرسا ئىتى» بار لايىقلارنى تاپقان بولدى. لايىقلار ئىچىدە ئوتچە قورۇنى قۇچاقلاپ قالغان، ئىتىزغا چىقسا بىر ئەرنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان ياش، قاۋۇل جۇۋانلارمۇ، بوۋىيىدىن قالغان دەپنە دۇنياسىنى پوكىنىغا بېسىپ ياتقان مومايلارمۇ، سىرتىدىن ئىچ ـ پەش تارتىپ بىر ئۆمۈر خىزمىتىنى قىلىشقا تەييار تۇرغان «چوكان خېنىم»لارمۇ بار ئىدى، نۇراخۇن

بوۋاينىڭ باشتا گەپنى ئۆزى تېشىپ قويۇپ، ئەمدى قويۇپ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىشقا مۇئامىلە قىلغاندەك ھەممىگە پەرۋاسىز قاراشلىرى زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپ قويدى.

— بىزنى نېمە قىل دەيسەن ئادىشوي، — رەسمىي تېرىكتى بىر كۈنى زىياۋۇدۇن بوۋاي، — قېرىغان چېنىڭغا قىز تاپمىغان يېرىمىزلا قالدى، يا ئۆزۈڭ تاپمايسەن، يا خەق تاپقاننى ياراتمايسەن، شۇنچە گۈل بىلەن كۆڭلۈڭنى ئاللىمىغان يېرىمىز بولسا ئۇچۇقىنى ئېيتى. بىزمۇ بىھۇدە شاپاشلاپ يۈرمەيلى.

— بۈگۈن سول يېنىڭدىن قوپۇپلا كەپسەن ـ ھە! دەپ كۈلدى نۇراخۇن بوۋاي، — ئۆپكەڭنى بېسىۋال، باشتىلا دېيىشىم كېرەك ئىدى. دېمىگەن ئەيىب مەندە، قارىسام ئۆزۈڭچىلا مېڭىپ كەتتىڭ، بۇمۇ سېنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭ. سىلەر تاللىغان «گۈل»لەرنى ھېچقاچان سەتكەن، مايماقكەن دېمىدىم، لېكىن ئويلاپ باق، گۈل دېگەن ئەتراپىمىزدا كۆپ نەرسە، ياخشىسىنى تاللايمەن دەپ يىراقتا قول سوزۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ئادەم دېگەننىڭ كۆزى يىراقتا تاۋلىنىپ تۇرغان گۈلگە ئاسانلا چۈشىدۇيۇ، يېنىدىكى ئۈنىڭدىنمۇ ئېسىل، چىرايلىق گۈلنى كۆرمەيدۇ، كۆرسىمۇ دىققەت قىلمايدۇ، مەن خېلى قاراپ باقتىم سېنىڭمۇ كۆزۈڭ چاغلىقكەن. ئەمدى ئۆزۈم بىر ئىزدەپ باقاي. كىم بىلىدۇ، سەن كۆرەلمىگەن ئۇ گۈل پۈتۈنلەي ئۆچىدىن، سەن ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالامدۇ تېخى.

— ۋاھ. ما مۆرىمەسنى قارا، «خەلپىتىم كۈلمەيدۇ،

كۆلسە تېلىقىپ قالىدۇ» دەپ، ئەمدى زۇۋانىڭ ئىچىلغىلى تۇردىغۇ سىنىڭ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىن، دە، شۇنداقمۇ؟ ئەجەب مەن كۆرمىگەن، دىققەت قىلمىغان پۇتۇڭنىڭ ئۇ . . . چى. . . — ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، — ھوي راستلا، مۇنۇ يان قوشنىڭ مايسىگۈلنى دېمەيۋاتقانسەن قېرى تۈلكە؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئەستا، — يانپېشىغا بىرنى ئۇردى زىياۋۇدۇن بوۋاي، — كۆرمىگەن ئەمەس، چوتنى خاتا سوققان، دېسەڭ بولىدۇ. توغرا، مەن چوتنى خاتا سوقۇپتىمەن. مۇنۇ پىشىپ، ئېزىلىپ كەتكەن ئالمىدەك تۇرقۇڭنى، سازاڭ قۇرتتەك لۆمشۈپ قالغان ھالىڭنى كۆزدە تۇتۇپ قولۇڭغا قول، پۇتۇڭغا پۇت بولغۇدەك، كۈچى بار، پەمى بار، ئۆزى چاققان. . . بولدىلا، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، شۇ تاپتا سەندىن رەنجىپلا قېلىۋاتىمەن. گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن ھوي بۇدۇمەت؟ خوتۇن ئالساڭچۇ قارا، بىز ئەمەس، سەن ئالىسەن. ئىچىمدىكىنى تاپ دەپ تۇرۇۋالغۇچە باشتىلا گەپنى ئوچۇق قىلساڭ بولماسمىدى؟

— رەنجىمىساڭا دوستەك، — دەپ ھىجايدى نۇراخۇن بوۋاي، — دېدىمغۇ، گەپنى ئوچۇق قىلمىغان ئەيىب مەندە دەپ، مۇشۇ سەۋەنلىكىم ئۈچۈن سەندىن كەچۈرۈم سورىۋالغان بولاي. ئەمدىغۇ بولغاندۇ.

— ھۇ قېرى شەيتان، — زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ ئاچچىقى ئاغىنىسىنىڭ ھىجىيىشى بىلەن نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى، — شۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ نېمە دېگىنى

بولىدۇ. خەير، كۆڭلۈك شۇ خوتۇننى تارتقان بولسا يولىنى قىلايلى.

— بولدى رەھمەت، ھېلىمۇ سىنى، بۇرادەرلەرنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم ئەمدى ئۆزۈملا ماڭاي.

## 4

مايسىگۈل مومايىنىڭ ئېرى بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىدە قازا قىلىپ كەتكەن بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بۇ بەختسىز ئايال يېشىغا يەتمىگەن قوش گېزەك ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، ئېرىدىن ياشلا تۇل قالغانىدى، كېيىن ئۇ يەنە بىر قېتىم تۇرمۇشلۇق بولدى. ئۇنىڭ قىز تەگكەن ئېرى تۇرمۇشقا — ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان، مىجەزىدىن نۇقسان تاپقىلى بولمايدىغان سەممىي، خۇشخۇي، مۇھەببەتلىك كىشى ئىدى، ئىككىنچى ئېرى ناباب چىقىپ قالدى، ئۇنىڭ بىر يامان ئادىتى قىمار ئويناپتتى. ئويىنىغاندىمۇ بەكرەك ئويناپتتى. تولا ئىچىپ زابوي بولۇپ كەتكەن ئادەم كۈنگە ئىچىپ بەرمىسە تۇرالمىغاندەك ئۇمۇ كۈندە ئويىنىمىسا تۇرالمايدىغانلاردىن ئىدى، تاۋكادا ئامىتى كېلىپ قالغان كۈنلىرى چىرايى بۆلەكچە ئېچىلىپ كېتەتتى، ئۆيگە كېلىپ ئۇتۇۋالغان پۇللىرىنى قويىنىدىن، يانچۇقىدىن، پايپاقلىرى ئارىسىدىن چىقىراتتى ـ دە، جوزىغا، ئايالىنىڭ ئالدىغا تۆكەتتى، پارچە پۇل، پۇتۇن پۇل، چوڭ پۇل، كىچىك پۇل، كونا پۇل، يېڭى پۇل، قاتلاشقان، مايلاشقان، رەڭگىدىن كەتكەن پۇللار بىلەن مايسىگۈلنى باي

قىلىۋېتەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ مەردلىكى شۇنچىلىك تۇتۇپ كېتەتتىكى، ئاغزىدا پۇل دېگەننى تاتازىلاپ خەجلەپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مۇنۇ توپا تاملىق ۋەيرانە ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا پېشايۋانلىق ئۇچما سارايلارنى سېلىپ، ئايالىنىڭ ئۇستۇېشىنى شۇ زامانىنىڭ ئەڭ ئېسىل مودا كىيىم، ئالتۇن زىبۇ زىننەتلىرى بىلەن پۈركىۋېتەتتى. تۆت كۈندىن كېيىن قارىساڭ يانچۇقىدا سۇنۇق يارماقنىڭ پۇچۇقىمۇ قالمايتتى، تېخى بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدىلا مايىسىگۈلگە بەرگەن دەبدەبىلىك ۋەدىلىرىنى تامام ئۇنتۇپ، ئۆيدە پۇلغا يارىغانلىكى نەرسىنى ئېلىپ چىقىپ ساتقىلى تۇراتتى، مۇنداق كۈنلىرى ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، رەڭگىرويى ئادەم تىلغا ئېلىشقا بىئەپ بولغان بىر نەرسىگىلا ئوخشاپ قالاتتى. شۇمۇ ئەر، شۇمۇ تۇرمۇش بولدىمۇ! مايىسىگۈل مانا شۇنداق قارارى يوق تۇرمۇش قايىنىمىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرىدى، تارىختا قايسى بىر قىمارۋازنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇپ ئۆتكەن؟ ئۇ تۆت تېمىدىن بوران ئۇچۇپ تۇرغان بۇ گۆردە ئولتۇرۇپ، قىز تەگكەن ئېرى بىلەن ئۆتكەن خاتىرجەم، بەختلىك كۈنلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى. ئەسلەش ـ كىشىگە ئازابتىن باشقا يەنە نېمىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ دەيسىز. ئۇ ئازابلىناتتى، ئەمما كۆز يېشىغا ئىشەنمەيتتى. خىيالنى ئاز، ھەرىكەتنى كۆپرەك قىلىشقا، ئېرىنى تۈزەپ، تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتقان مۇنۇ تۇرمۇشنى خاتىرجەم بىر ئىزغا سېلىشقا تىرىشاتتى. چاتاق يېرى — شوتىدىكى ئات قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالسا يانداق ئاتنىڭ كۈچىگىنى بىكارغا كەتكەندەك ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كېتىۋەردى.

— بارى شۇكەن، — دېگەنىدى شۇچاغدا مايسىگۈل يېقىن بىر دوستىغا ئوچۇقىنى ئېيتىپ، — سۈت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقىدىغان ئوخشايدۇ ئاداش، ئۇنى ئادەم قىلىشقا كۆزۈم يەتمىدى. ماڭا ئەرمۇ، باللارمۇ لازىم. باللار مېنىڭ بارلىقىم. ئەر دېگەن مۇشۇنداقلا بولسا ئىككى بالامنى پوكۇنۇمغا بېسىپ تەنها ياشىغىنىم ياخشىكەن.

ئۇ دېگىنىنى قىلدى. باللىرىنى ئېلىپ ئۆز ئۆيىگە كېلىۋالدى. دۇنيادىكى ياخشى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى قىز تەگكەن ئېرى بىلەن تۈگەپ بولغاندەك ئىككىنچىلەپ ئەرگىمۇ چىقمىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنى، مېھىر - مۇھەببىتىنى باللىرىغا بېغىشلىدى. تالاغا چىقسا ئەر، ئۆيگە كىرسە خوتۇن بولدى. سۈيى كۆللەردە، ئېشى چۆللەردە يۈرۈپ باللىرىنى قاتارغا قاتتى. كىچىك ئوغلى نۇردۇن ھۆكۈمەتتىن مائاش يەيدىغان نېنى پۈتۈن ئادەملەردىن بولۇپ قالدى. ئۆزى يېزىلىق ئورمان پونكىتىدا ئىشلەيتتى. ئۆيىمۇ شۇ يەردە ئىدى. چوڭ ئوغلى زوردۇن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيالمىغاچقا دېھقان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھال - كۈنى ياخشى ئىدى. مىجەزى دادىسىنى تارتقانىدى. بىكار تۇرماي ئىشلەيتتى. قارا كۈچىنى دېھقانچىلىقنىڭ ئەرزىمەس توپا - چاڭلىرىغا بېرىۋېتىدىغان نان قېپىلارغا ئوخشىمايتتى. قىش كېتىپ، زېمىن كۆكىرىشى بىلەن تەڭ ئايالى ئىككىسى ئېتىز قىرىدا پەيدا بولاتتى. چېدىردىن بىرنى تىكىپ ئالتە ئاي يازنى ئېتىز ئىشلىرى بىلەن شۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى. مايسىگۈل موماي نەۋرىلىرىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئۆيدە

تۇراتتى. كېلىنى ھەپتىدە بىر مەھەللىگە چۈشۈپ، مومايىنىڭ كىرقاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ بېرىپ كېتەتتى، مايسىگۈل مومايىنىڭ مۇشەققەتلىك كۈنلىرى تۈگەپ، ھەرھالدا راھەتكە چىقىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆل سۈيىگە ئوخشاش تىنچلىنىپ قالغان روھىي دۇنياسى ئويلىمىغان يەردىن بىزنىڭ قېرى يىگىتىمىزنىڭ چەنلەپ تۇرۇپ ئاتقان تېشى بىلەن قايتا داۋالغۇپ، قاچاندۇر بىر چاغلاردا كۆكسىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىۋەتكەن ياشلىق ھېسسىياتىنىڭ يالداملىرىنى غىدىقلاپ قويغانىدى. بۇ خىل غىدىقلاشتىن بولغان بىئاراملىق كېچىلىرى بىر چاغقىچە ئۇنى ئۇخلاتمايتتى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئەتسىز بارماقلىرى بىلەن قىرلاپ قويۇۋالغان ياستۇقىنى غىجىملاپ تۇتۇپ، — ياش بىر يەرگە بارغان، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغان چاغدا نېمە ئىشتۇ بۇ؟ كەينىمدىن نۇرغۇن ئەرلەر ساقال تاشلاپ يۈرگەن چاغلاردىمۇ مۇنداق ئالامەت بولمىغان...»

خۇمارى بولۇپ كەتسەم،
سىلاپ باقىمەن يانىنى.
مومىيىم، مېنى دېسەڭ،
پىدا قىلىمەن جانىنى.

ئۇ قاچاندىن بېرى بۇ ناخشىنى ئاڭلىدى، شۇ چاغدىن باشلاپ ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ئىللىق بىر ئېقىم، تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان تاتلىق بىر سېزىم ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى غىدىقلاپ، كۆكسىگە، يۈرىكىگە

ئاستا، يۇمشاق، دەخلىسىز ئېقىپ كىرىپ، ۋۇجۇدىنى ماكان ئېتىشكە باشلىدى، ئەنە شۇ نەرسە ئۇنى ئۇخلاتمايۋاتاتتى. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ئۇ تالاي ـ تالاي كېچىلەرنى مانا شۇنداق ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ چاغلارنىڭ يۇلتۇزلار كۇلۇپ تۇرغان سايە ـ سالقىن كېچىلىرى تولىمۇ سېھىرلىك ھەم گۇزەل ئىدى. تاغ سەلكىنى باغلاردىن گۇللەرنىڭ، جىگدە چېچەكلىرىنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى دىماغلارغا ئۇراتتى. بۇلبۇللارنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئۆتمەيتتى. قانچىلىغان شېرىن ئەسلىمىلەرنىڭ ئاشۇ ئاخشاملار قوينىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئەسلەپ بېرەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ پىچىرلاپ تۇرۇپ قىلىشقان تاتلىق ـ تاتلىق گەپلىرىنى يېقىنلا يەردىكى تېرەك شاخلىرى ئارىسىدىن ئاشكارا ئاڭلاپ تۇرغان ئاي بىلەن يۇلتۇزلار ھېلىمۇ شۇ پېتى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ جىلۋىسى، كۇلكىسى، تەبەسسۇمىدىن قېرىغان، چارچىغان، ھالىدىن كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىنى تاپقىلى بولمايتتى. لېكىن، مايسىگۇل موماي قېرىدى، بىر چاغلاردىكى يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتىپ يۇرىدىغان بۇ گۇزەل قىز ھازىر ئورۇقلاپ، قورايدەكلا بولۇپ قالغان، تۇگمەس ئائىلە مۇشەققىتى ۋە ئېغىر ئېتىز ئەمگىكىدىن چىرايلىرى قارىداپ، كۇلۇپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى پۇتمەس بىر مۇڭ ماكان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق جىلۋە، سېھىرلىك تەبەسسۇملىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، جىسمىغا ئوخشاش ھالىدىن كەتتى، پەقەت ئۇنىڭ جىسمى ۋە روھىي دۇنياسىدا قېرىمىغان، ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان



www.uyghurkitap.com

نەرسە بار دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنى بىئارام قىلىپ ئۇخلاتمىغان ھېلىقى نەرسە ئىدى. بۇ نەرسە جىگدە پۇراپ قالغان چاغلىرىدىكى ئەسەبىي، تەلۋىلىكىنىڭ يوقاتقان بولسىمۇ ئۇستى سىلىق، ئاستى شارقىراپ ئاقىدىغان دېڭىز سۈيىدەك يەنىلا قىزغىن، ئوتلۇق ھارارەتلىك ئىدى.

مايسىگۈل موماي ھۆپپىدە چىچەكلىگەن قېرى ئۆرۈك ئاستىدىكى سۇپىدا بېغىدىن يېڭىلا تېرىپ كەلگەن بېدە كۆكىنى ئىلغاپ ئولتۇرۇپ، ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ تازىلاپ قويغان بېدە كۆكىگە تۇڭدىن سۇ قۇيىمەن دەپ كورىدىكى تاۋلىنىپ قالغان ئەتكەن چاينى قويۇۋەتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن كۈلۈۋەتتى. بۇ چاغدا باغنىڭ شورى تەرەپتىن، سايىنىڭ تاپىنىدىكى سازلىقتىن يەنە ھېلىقى ناخشا ئاڭلىنىپ قالدى، ناخشا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

## 5

— بىر ئىشقا دىققەت قىلدىڭىزمۇ تۇداخۇن؟ — سوراپ قالدى رىزۋان ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئېرىدىن.

— قانداق؟

— بۇ يىلقى باھار ئائىلىمىزغا ياراشقاندەك قىلىدۇ.

— گېپىڭنى ئوچۇق قىلساڭا خوتۇن.

— دادام. . .

— ھە، دادامغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشى باشقىچە، كەيپىياتىمۇ ئاۋۋالقىغا ئوخشىمايدۇ. مۇشۇ يېقىنىنىڭياقى

www.uyghurkitap.com

بىر ناخشىغا پات - پات غىڭشىيدىغان بولۇپ قالدى.

— ئاڭلىدىم، بىراق بۇ ئەجەبلىنىپ كەتكۇدەك ئىش ئەمەسقۇ، سەنمۇ، مەنمۇ ئىچىمىز پۇشۇپ، پۇغانىمىز ئۆرلەپ قالغان چاغلاردا ناخشا ئېيتىپ سالىمىز.

— ھەي، مۇشۇ ئەر خەق دېگەنلەر ئىشنى نېمانچە ئاددىي چۈشىنىدىغاندۇ، ئىچى پۇشۇپ پۇغانى ئۆرلەپ قالغان ئادەم كەچكىچە بىر ناخشىغا غىڭشىۋېرىدىغان گەپمىكەن، سىز دادامنىڭ ناخشىسى بىلەن مەزمۇنىغا قۇلاق سالدىڭىزمۇ؟

— قۇلاق سالدىممۇ دەي، ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسى بىلەن مەزمۇنىنىڭ نېمە ئالاقىسى بار.

— بۇگۈن ئېيتىزغا ۋاقچەرەك مېڭىڭ، ئالاقىسى بار - يوقلۇقىنى شۇ چاغدا بىلىسىز.

كۆن تېرەك بويى ئۆرلىگەن چاغدا تۇراخۇن بوۋاي قوي - ئۆچكىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ باققىلى ئېلىپ ماڭدى. دېگەندەك ئۇ مال ھايدايدىغان تايىقىنى قولىغا دۇتار قىلىپ چېلىپ، ھېلىقى تېكىستنى قايسى بىر خەلق ئاھاڭىغا سېلىپ ناخشا توۋلاپ، ھويلىدىن خاتىرجەم چىقىپ كېتىۋاتاتتى. تۇداخۇن ئانىسى قازا قىلغاندىن بېرى دادىسىنىڭ روھىي ھالىتىدە بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە بىر ئىشنى سەزگەندەك ئايالىغا دىدىل تىكىلدى. ئايالى ئۇنىڭغا «قانداق، دېگىنىم راستمىكەن؟» دېگەن مەنىدە كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

— بۇ ئىش راستمىدۇ رىزۋان؟ — ئەنسىرەپ قالدى تۇداخۇن.

— مەنمۇ شۇنى دەۋاتىمەن.

— دادام جىنىنى پىدا قىلغۇدەك يەرگە يەتكەن قايسى مومايدۇ ئۇ؟
— كۆڭۈل دېگەنگە بىرنېمە دەپ بولمايدۇ دادىسى، بىرەرسىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالسىمۇ قالغاندۇ.
— ساقال كۆكسىگە چۈشكەندىمۇ ئەمدى، قويە مۇنداق لاۋزا گېپىڭنى.
— لاۋزا؟ — دىمىغىنى قېقىپ قويدى رىزۋان، — ياخشى كۆرۈش ياشلاردىلا بولۇپ، ياشانغانلاردا يوق دەپ كىم ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى لاۋزىلىقمىكەن؟
— ئىشقىلىپ ماڭا شۇنداق.
— تېلېۋىزورلاردا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ، خېلى ـ خېلى ماكچىيىپ قالغان بوۋايلارنىڭ ئاغزىدا چىشى قالمىغان مومايلارغا مۇھەببەت تەكلىپى قويۇۋاتقانلىقىنى، كۆڭۈل دېگەن ئاشۇنداق قېرىمايدىغان نەرسە.
— ئۇ دېگەن كىنو تۇرسا كالۋا خوتۇن.
— تۇرمۇشتا بولمىسا كىنوغا چىقارمايدۇ ـ دە.
— بۇ چەت ئەللىك دېگەنچۇ قارا، سەكرات ئۇستىدە ياتسىمۇ ئىشقىۋازلىقىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان خوتۇنپەرەس خەق، كۆپ ـ كۇندۇزدىلا يوللاردا كېتىۋېتىپ بىر ـ بىرىنى ئىت ـ ئېشەك ئورنىدا يالىشىدۇ. شۇڭا، جوھۇت دەيمىز ـ دە، ئۇلارنى هازىر بىزنىڭ ياشلىرىمىزمۇ ئۇ جوھۇتلاردىن قېلىشمايدىغان بولدى، ئەمدى قويۇپ قېرىلىرىمىز. . .
— ماڭا قاراڭ تۇداخۇن، بىز ئاياللار سىلەر ئەرلەرنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن يارالغان. ناۋادا مەن

ئۆلۈپ كەتسەم سىز قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟

— ئاغزىڭنى يۇم. ئالتە بالاڭنى تاشلاپ بېرىپ مېنى نېمە قىل دېمەكچى سەن؟

— بالىلارغۇ تۇپىنىڭ سىرتىدىلا بولسا چوڭ بولار. لېكىن، ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەنما؟ مەن. . .

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، ھەر كىم ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچە بىلمەيدۇ.

— بەللى، بىلىمەن، چۈشىنىمەن دەپ بىر بوۋاينى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەم بولىدىكەن - دە، ئەمىسە، ئىشقىلىپ، بۇ ئىشنى بىر تىڭ - تىڭلاپ كۆرمەي بولمايدۇ. ئىشلار سەن بىلەن مەن ئويلىغاندەكمۇ، ئەمەسمۇ، ناۋادا شۇنداق بولسا دادامنىڭ ئىچىگە چوغ تاشلىغان موماي زادى كىم؟

## 6

— ئەھە.

بوز كىگىزنىڭ يىرىمچىلىك تاختىدا يېڭى ئۈنۈپ چىققان لازا - پەمىدور كۆچەتلىرىنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ ئولتۇرغان مايسىگۈل موماي گېلىنى قىرىپ يۆتەلگەن قوپال ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىگە قايرىلدى. نۇراخۇن بوۋاي ئۈنىڭغا يېقىنلا يەردە قولىدىكى پادىچى تايىقىغا تايىنىپ ھىجىيىپ تۇراتتى.

— ئەسكى، — دەپ دۇمسايدى موماي، — ئەجەب چۆچۈدى كىشى.

—قورۇقتىن قارىسام تاختىدا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپسەن. زەي يەرگە چاپلىشىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ كىرىشىم.

— چاپلىشىپمۇ قالماسمەن، — دېدى موماي يىلىم چېپىپ ئۆرۈۋالغان قازاق قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك قىسقا، كۆتمەك چېچىنى تۇزەشتۇرۇپ، — ھەرھالدا ئېھتىيات قىلسىلا، نەۋرىلەر كۆرۈپ قالسا سەت بولىدۇ.

— رەنجىپ قالمىغانسەن؟ — كۈلدى بوۋاي، — رەنجىسەڭ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسەن. خۇددى قولىقىمدىكى ماۋۇ سېرىق سەبدەدەك.

بوۋاي بايا ساي بويىدىكى كۆنگەي يانتۇلۇقتىن ئۈزۈۋېلىپ قولىقىغا قىسىۋالغان چىرايلىق بىرتال سېرىق سەبدىنى ئېلىپ مومايىنىڭ قولىقىغا قىسىپ قويدى.

— مانا قارا، گۈلگە گۈل كەلدى، دېگەن شۇ. شۇتاپتا قايسى گۈلدىن قالغۇچىلىكىڭ بار سېنىڭ؟

گۈلنى كۆرۈپ مومايىنىڭ سايە ئەگىپ قالغان چىرايىدا تاتلىق كۈلۈمسىرەش ئالماشتى.

— ھى قاقۋاش، ئادەم ئالدايدىغانغا بەك ئۇستا جۇمۇ سىلى.

— مانى ئېلىۋال، بوۋاي يانچۇقىدىن يوغان ئىككى كاللەك ناۋاتنى ئېلىپ مومايغا سۇندى، — ئەتىيازنىڭ شامىلى يامان، ئاخشىمى ـ ئەتىسى ئاچچىق چاي دەملەپ ئىچىۋالساڭ قۇرۇق ئىسسىقنى باسىدۇ.

شۇ ئارىدا بوۋاي كەينى ـ كەينىدىن ئۇلىشىپ كەلگەن بىرقانچە ئەسنەكتىن بولالماي كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئەسنەك بېسىپ قاپتىغۇ؟

— باسقۇسى كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەتىگەندىن بېرى بەكلا ئاۋارە قىلىۋەتتىغۇ بۇ جوۋاينىمەك، بولمىسا كېچىچە قانغۇچە ئۇخلىغان.

— ئاچ كىرىپتۇ.

— كىرسىمۇ كىرگەندۇ، سەندىن باشقا كىمنىڭ ئېچى كىرىدۇ دەيسەن ماڭا.

— ھې ئۇيالمايدىغان، — موماي كۈلۈپ كەتتى، — مانداقلا دەپ قويسام، ئېغىزلىرى ئېچىلغىلى تۇردىغۇ ئەمدى، ماڭسىلا، ئاۋۇ سايىغا بېرىپ ئولتۇرسىلا، ئاشلاپ قوياي.

موماي تاختا بېشىدىكى ساپال كوزىدىن ئۇرۇقچا چوڭلۇقىدا ئۈچ كاللەك تۇزنى ئېلىپ كەلدى، ئۇنى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، باشتا «كەلىمە تەمجىت» سۈرىسىنى ئوقۇۋېتىپ، يازلىق سۇپا ئۈستىدە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان نۇراخۇن بوۋاينىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە مۇشتلاپ ئاشلىغىلى تۇردى. شۇ دەقىقىدە مومايىنىڭ ئۇرۇق، ئەتىسىز قوللىرى نۇراخۇن بوۋاينىڭ گەدەن، بويۇنلىرىغا تەگكەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشلىق، يىگىتلىكنىڭ يالدامىسى بولغان جىنسىي ھەۋەس ئۇچقۇنى يالت قىلىپ يانغاندەك بولدى.

— ئاش كىرىدى چىق، ئاش كىرىدى چىق، ئاش كىرىدى چىق، ئاپىسىنىڭ بولسىمۇ چىق، دادىسىنىڭ بولسىمۇ چىق، غايىب ئاش بولسىمۇ چىق، مەيدىلىرىگە، قورساقلىرىغا، ئاچچىق ئۈچەي، تاتلىق ئۈچەيلىرىگە ئورۇنلىشىۋالساڭمۇ چىق، تۇرماس يەردە تۇرۇپسەن، باسماس يەرنى بېسىپسەن، بۇ يەر سېنىڭ تۇرار جايىڭ

ئەمەس، قارا قاشلارغا بارغىن، سۇمبۇل چاچلارغا بارغىن، چىرايلىقلارغا بارغىن، ئەسكى تۇگمەن، ئەسكى تام، كونا قورۇلارغا بارغىن، يالغۇز قارىياغاچلارغا بارغىن، مېنىڭ بۇ سەت بوۋىمدا نېمە بار. چىق، چىق، چىق، چىقساڭ چىقتىڭ، چىقمىساڭ كۆتۈڭگە بورا يۆگەپ ئوت قويىمەن. سۇف... سۇف... سۇف...

ئاشلىغاندىن كېيىن بوۋاي خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك ئازادە بولۇپ قالدى.

دۇنيادا شۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قالىدىغان ئىشلار بولامدۇ. مايسىگۈل موماي ئەتىۋارلىق بوۋىمىنى ئىشقى بىلەن ئاشلاۋاتقان ئاشۇ ۋاقىتتا سايدىن ئىتىنى سۇغۇرۇپ تام ياقىسىدىكى ئاياغ يول بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ چىقىپ كېلىۋاتقان تۇداخۇن، قورۇق تامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ يازلىق سۇپا ئۈستىدە بىر نېمىلەر قىلىۋاتقان بوۋاي بىلەن مومايىنى ئاشكارا كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئىتىنى دىۋىتىپ پىرام ئۆيگە باردى - دە، بۇ ئىشنى ئايالىغا يەتكۈزدى.

— ئىنىق كۆردىڭىزمۇ؟

— ئەمدى ئۆزۈمنىڭ دادىسىنىمۇ تونۇمامدىمەن خوتۇن. ئۇلار شۇنداق يېقىن ئولتۇرۇپتۇ. ياق، دادام ئولتۇرۇپتۇ، مايسىگۈلدەم دادامنىڭ بېشىدا تۇرۇۋېلىپ بىر نېمىلەرلا قىلىۋاتىدۇ. كېيىن ئىككىسىنىڭ چاقچاقلىشىپ كۈلۈشكەن ئاۋازىنى ئىنىق ئاڭلىدىم.

— مۇنداق دەڭ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى رىزۋان، — دادامنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلىۋالغان ئەسلى مايسىگۈلدەمكەن - دە، كۆيەك دېگەن يامان نەرسە، ئۆز ۋاقتىدا سىزمۇ بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئەگىپ كېتەلمەي نېمىلەر

www.uyghurkitap.com

بولمىغان.

— چاقچىقىڭنى قويساڭا رىزۋان، — تېرىككەندەك بولدى تۆداخۇن، — ماڭا بېرىدىغان ياخشىراق مەسلىھەتىڭ يوقمۇ؟

— بار، مەنچە بولسا ئۇ ئىككىسىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ، دۇنيادا ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ئىشىنى بۇزغان بەك يامان.

تۆداخۇن تەرىنى تۈرۈپ توختاپ قالدى، ئۇنىڭچە بولغاندا ئايالى ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئوبدانراق بىرەر يولنى كۆرسەتسە بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىدى، ئەكسىچە قارشى تەرەپكە ھېسداشلىق قىلىپ، تۆداخۇننىڭ زىتىغا تەگكىلى تۇردى، ھەي. . . ي، مۇشۇ خوتۇن كىشى دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن شۇ ـ دە.

ئۇ ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ غۇدۇراپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى. دادىسىنىڭ ئىشى ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمەيۋاتاتتى، ناۋادا بۇ ئىش سىرتقا چىقىپ كېتىپ قالسا ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان سۆز ـ چۆچەكنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تۆداخۇن ئۇزۇن ئويلىنىپ تۇرمايلا زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرگەندە بوۋاي ھويلىدا بىر باغلام چىغ بىلەن سۇپۇرگە ياساپ ئولتۇراتتى.

— تۆداخۇنمۇ سەن؟ — دېدى بوۋاي ئالدىنى قاققاچ ئورنىدىن قوزغىلىپ، — قېنى ئۆيگە كىرەيلى.

— رەھمەت، ئالدىراشلا كەلدىم، ئۆيۈڭگە كىرەلمەي-

مەن،— تۇداخۇن زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ يېنىغا زوڭزايدى، — بىرئىش بىلەن يېنىڭغا كېلىشىم ياردەم قىلغان بولساڭ.

— خوش بالام، قولۇمدىن كەلسىلا.

— گەپنى ئۇدۇللا دەۋېرەي. سەن دادامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قويغان بولساڭ. ئاڭلىسام، پوخورلىقى تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ياش بىر يەرگە بارغاندا سىڭگەن نېنىنى يەپ ئولتۇرسا بولاتتى.

— ئۇنىڭ ئۆيلىنىش خىيالى بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى زىياۋۇدۇن بوۋاي بىلمىگەنگە سېلىپ.

— بۇ تەرىپىنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، مايسىگۇلدەم بىلەن. . .

— بۇنىڭ نېمە يامىنى بار، چىقىشىپ قالغان بولسا ئوبدان گەپكەنغۇ.

— شۇنداقمۇ دەيسەن زىياۋۇدۇن ئاكا،— دىمىغىنى قاقنى تۇداخۇن،— خەقنىڭ گەپ - سۆزى يامان - دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە، دادامنىڭ يېشىدىن ئالغاندا مۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدىغان، نامىزىنى چىرايلىق ئوقۇپ، جامائەتكە ئارىلىشىپ يۈرۈيدىغان ۋاقتى ئىدى، «ئەل هايا، مىنەل ئىمان» دېگەن گەپ بارغۇ بىزدە.

زىياۋۇدۇن بوۋاي تۇداخۇننىڭ گەپلىرىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— قىزىق گەپ قىلىسەن - دە، بالام،— دېدى ئۇ بېشىدىكى شاپاق دوپپىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، خەقنىڭ گەپ - سۆزىدىن قورقساڭچۇ قارا، بۇ جاهاندا ياشىمىساڭ بولىدۇ. ئىت نېمىنى يېمەيدۇ، ئادەم نېمىنى دېمەيدۇ، سەن تېخى ياش، بىزنىڭ يېشىمىزغا كەلگەندە، داداڭنىڭ

بىشىغا كەلگەن كۈن سىنىلىڭ بىشىغا كەلگەندە (ئىشقىلىپ بۇنداق كۈن كەلمىسۇن) ئاندىن بۇ ئىشلارنى چۈشىنىسەن، تۇتۇنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدىغان گەپ ئەمەسمۇ.

— ئەمدى قارا. . .

— ئەمدى ـ پەمدىلىرىڭنى قوي، مەنچە بولغاندا ئۇلارغا كاشىلا قىلما، بۇ مىنىڭ ساڭا بەرگەن مەسلىھىتىم بولۇپ قالسۇن، ئۆتنە جاھان، ھىسابلىق ئالەم بۇ تۇداخۇن، ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر كۈندە ئۆلۈپ كەتسىغۇ مۇنداق ئىشلارمۇ بولماس ئىدى، لىكىن كىشىنىڭ كۆرىدىغان كۈنى، يەيدىغان رىزقىسى ئوخشاش بولمىغاچقا ئاشۇنداق ئىلگىرى ـ كىيىن قالىدىغان گەپكەن، كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىشلار سىنىڭمۇ بىشىڭنى ئەگىپ ئۆتمەيدۇ دىگىلى بولامدۇ.

زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ گەپلىرى تۇداخۇنغا تەسىر قىلىپ قالدىمۇ قانداق، ئۇندىمەي تۇرۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدىن قالغان تۇرمۇشنى، رىئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن قاتمال، جاھىلانە قاراش يەنىلا ئۇنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. زىياۋۇدۇن بوۋاي گىپىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭ گەپلىرىدە چاقناپ تۇرغان ھەقىقەت، كىشىنى چوڭقۇر ـ چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىغان پەندى ـ نەسىھەت بار ئىدى.

— مۇنداق بىر ھىكايىنى ئاڭلىغانمۇ سەن؟ — دىدى بوۋاي تۇداخۇنغا يىقىنراق سۈرۈلۈپ، — بۇرۇن ساڭا ئوخشاشلا بىر يىگىت بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى ياشلا تۇل قالغان بولۇپ، بالىسىنى دەپ ياتلىق بولماي، مىڭ جاپالار

بىلەن ئۇنى قاتارغا قېتىپتۇ، كۆڭلەرنىڭ بىر يەردە ھېلىقى يىگىت ئانىسىنىڭ ئەجرىگە جاۋاپ قايتۇرۇپ، مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەككە ـ مۇكەررەمگە ئېلىپ بېرىپتۇ، بۇنى كۆرگەن شۇ يەرلىك بىر ئۆلىما: «ئوغلۇم، ئۆزۈڭگە ھەم ئاناڭغا ساۋاپ تاپىدىغان ئىشنى قىلماي بۇ يەرگە كېلىپ ئاۋارە بولغىنىڭ نېمىسى؟» دەپتۇ. بۇ گەپتىن ھەيران بولغان يىگىت: «بۇ نېمە دېگەنلىرى تەقسىر، مەن يالغۇز ئانامنى دەپ نەچچە يىللاپ جاپا چېكىپ، يېمەي ـ ئىچمەي پۇل يىغىپ، بالىلىق قەرزىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇلۇغ جايغا كەلگىنىم گۇناھمىكەن؟» دەپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۆلىما قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ نىيىتىڭغۇ ۋىجدانىڭغا لايىق ئىش بوپتۇ. لېكىنزە، يەنىلا بالىلىقىڭنى قىلىپ قويۇپسەن، تېخىمۇ ۋاپادار بولاي، ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئالاي دېسەڭ، يۇرتۇڭغا بارغاندىن كېيىن لايىقىدا ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويغىن» دېگەنىكەن، بۇ يەردە ئانا نېمە، ئاتا نېمە، بۇنى ئۆزۈڭ چۈشىنىۋال، يەلكەڭدىكى بالىلىق قەرزىڭنى ئادا قىلاي، داداڭنىڭ رازىلىقىنى، ساۋابىنى ئالاي دېسەڭ بۇ ئىشتا كاجلىق قىلما. ئەركىشىغۇ سەن، مەيدەڭنى كۆتۈرۈپ يۈر. لايىقىنى ئۆزى تېپىپتۇ، ۋاقتىدا ئۆيلەپ، دۇئاسىنى ئال.

## 7

خۇمارى بولۇپ قالسام،
سىلاپ باقمەن يانىنى.

www.uyghurkitap.com

نۇراخۇن بوۋاي قوي ـ ئۆچكىلىرىنى سازلىقتا قويۇۋېتىپ، چىملىقتا يانپاشلاپ، ناخشىنى دۈك تۈۋلاپ ياتاتتى، ئاغىنىسى زىياۋۇدۇن كېلىپ قالدى.

— كەل قەدىناس، — دېدى ئۇ ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن قوزغىلىپ، — قەدىمىڭ بۇ ياققا يېتىپ قاپتىغۇ؟

— ئاڭلىسام، مايسىگۈللەرنىڭ قورۇق تېمىنى شورا قىلىپ بوپسەن، — كۈلدى زىياۋۇدۇن بوۋاي. — كەپسىزلىكنى ئازراق قىل جۇمۇ.

— ھا... ھا... ھا، كۆڭلىمىز ياش ـ دە، ئاداش، ياشلىقتا نېمىلەر بولمايدۇ دەيسەن.

— ھەرھالدا ئېھتىيات قىل، يېزا دېگەننى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ياخشى گەپ قىردىن ئاشقىچە، يامان گەپ يەتتە تاغدىن ھالقىپ بولىدۇ. خېمىرىڭلارمۇ پىشىپ قالغاندۇ ـ ھە؟

— ئەمدى... نېمە دېسەم بولار...

— ھەلىمەنىڭ يىل قارىسىنىمۇ ئۆتتۈپ بولدۇڭ، پەلە ـ پەتىش گېپىڭنى قويۇپ، ۋاقتىدە نىكاھنى قىلىۋال. بولمىسا ئىشنى پىتىر قىلىسەن.

— مەنمۇ شۇنى ئويلىغان دوستەك، — بېشىنى قاشلىدى نۇراخۇن بوۋاي، — مومىيىمنىڭ نەزىرىسىنى ئۇياقتىن بېرىپ، بۇ ياقتىن توي قىلىمەن دېسەم، باشقىلار ئارانلا تۇرۇۋېتىكەن بۇ قېرى دەپ قالامدىكىن دەيمىنا.

— ۋاھ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالغان يەرلىرىڭكەن ـ دە، بۇ، — مىيىغىدا كۈلدى زىياۋۇدۇن بوۋاي، — گەپنى تولا ئاۋۇتماي، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق، بولمىسا تاماكىنى

تېخىمۇ قاتتىق چېكىدىغان كۆڭگە قالىسەن، لايىقــــىڭ تەرەپىنىڭ رايىنى ئۇقۇپ باقتىڭمۇ، ئۇلار نېمە دەيدۇ؟

— ئۇدۇللا دېگىنى بولمايدىكەن، ئىشقىــــلىــــپ ئاڭلاپتۇ.

— كىمدىن؟

— ھى. . . ھى. . . — چېكىسىنى سىلاپ ھىجايدى نۇراخۇن بوۋاي، — قايسى كۈنى ئۇلارنىڭ بېغىغا كىرىپ مايسەگە ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتاتتىم مايسەمۇ ناخشامغا ئامراق بولۇپ قالغان. . . نەۋرىلىرى كۆرۈپ قېلىپ. ھى. . . ھى. . .

— مانا، مانا، ئىشنى ئوخشىتىپسەنغۇ ئاخىر، — رەسمى تېرىكتى ئاغىنىسى، — ناخشا ئېيتىپ بەردىم ـ دە، ياخشى قىپسەنغۇ، قالتىس چىرايلىــق، كاتتا ئىـــش قىلىۋېتىپسەن ناخشىچى يىگىت، ماندا قمۇ ھۈنــرىم بار دېگىنە تېخى ئەستا. . . باللار بۇ ئىشنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي دادىسىغا دەپ باردى، دادىسىــنىــــڭ گۆل ـ قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەندۇ ھەرقاچان.

— بىر ئاز قايىنىغان ئوخشايدۇ. ھە دەپ قويە، قايناپ نەگە باراتتى، ئانىسىنى سېغىپ ئىچەمتى يا.

— پوق يەپسەن، — زىياۋۇدۇن بوۋاي يېرىلغۇدەك يەرگە يەتتى، — مۇنداق يېرىك بولسا ئارتىس ئالىدىغان يەرگە تونۇشتۇرۇپ قويىــدىغانمۇ ئىـــشكەن. ئۇ يەردە ناخشاڭنى ئاڭلايدىغان چوكان ـ خېنىملار كۆپ ئىدى. ھەي ئەخمەق، ئالجىغان ئاشىق، ياش ۋاقتىدا توۋلاپ بولالمىغان ناخشىلىرىڭ بولسا مايىسگۈلنى قوينۇڭغا ئەكىرىۋالغاندىن كېيىن ئېيتىپ بەرسەڭمۇ كېچىكمەيتتىڭغۇ. مانا ئەمدى

www.uyghurkitap.com

ناخشاڭنى توۋلا، ئىشنىڭ پۆپۈكىنى بۇزۇۋېتسەڭ. ئەمدى قانداق قىلساڭ قىل.

ئۇيان ـ بۇياننىڭ پارىڭىنى قىلىپ، ئاغىنىسى بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭداشقىلى كەلگەن زىياۋۇدۇن بوۋاي يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى ئاڭلاپ قايناپ ـ قايناپ كېتىپ قالدى.

## 8

شۇ كۈنلەردە نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئاراتام قوشىنىسىنىڭ ئوغلى تويى بولۇپ قالدى. توي ھازىر شەھەرلەردە مودا بولۇۋاتقان يېڭىچە شەكىلدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، كېلىن قىز كاتتا بېزەلگەن ھەشەمەتلىك پىكاپتا يۆتكەپ كېلىندى، ھازىر مۇنداق توي قىلىش ئادىتى يېزىدىمۇ باش كۆتۈرۈپ قالغانىدى. يىگىت بىلەن قىز ئولتۇرغان خاس پىكاپنىڭ كەينىدە يەنە بىر قانچىلىغان پىكاپلار بار ئىدى. بۇلارغا يول باشلاپ ماڭغان ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋالغان گارمونچى يىگىت گارمونىنى بولۇشىغا تارتىپ ناخشا ئېيتاتتى، پىكاپلار چاقلىرى ئاستىدىن قويۇق توپا توزۇتۇپ ھەيۋەت بىلەن كوچىغا كىرىپ كەلگەندە ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، پىششىق ـ توڭنىڭ ھەممىسى چىقىپ تاماشا كۆرگىلى تۇردى. بىر توپ يالاڭ ئاياغ باللار قىقاس سېلىپ ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىۋالغانىدى، پىكاپلار بىر خىل سۈرئەت بىلەن توي بولغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، تويلۇق كىيىملىرىنى قاتۇرۇپ كىيىپ،

مەيدىلىرىگە سۈنئىي گۈل تاقىۋالغان قىز بىلەن يىگىت، يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولدىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ كېلىشتى.

شاتلىقى دەريا، كۆلكىسى جانان،
ئىككى ياش كېلۇر، تويغا ساھىبخان.
قەدەملەر قۇتلۇق، تويلار مۇبارەك،
مەڭگۈ بىر سوقسۇن، يار - يار ئىككى قوش يۈرەك.

گارمونچى يىگىت ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى، بۇ چاغدا ھويلىدا بولىدىغان تانسىغا سىرتتىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان سازەندە يىگىتلەر سازلىرىنى خىلى بۇرۇنلا ئەكېلىپ تەڭشەيدىغىنىنى تەڭشەپ، تەييارلىقىنى تەق قىلىپ تۇراتتى، ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەڭ ئېلېكترونلۇق مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى، گارمون ئېلېكترونلۇق مۇزىكىنىڭ تىلىدىن يەڭگىل ئۇچۇۋاتقان تاتارچە ئاھاڭغا ئورۇن بوشاتتى. باغ - ۋارانلىق ئازادە ھويلا بىر پەسنىڭ ئىچىدىلا بازىرى ئىتتىك كىنونىڭ تاماشىبىنلىرىدەك تىقما - تىقما ئادەمگە تولدى. شوق، كەپسىز باللار ئالما، قارىياغاچ شاخلىرى، تام ئۈستىلىرىگە چىقىۋېلىپ، تىللىرىنى چىقىرىشىپ كۈلۈشەتتى، ئالدىلىرىغا پەرتۇق تارتىپ، پۇتلىرىغا ساپما كەش سېپىۋالغان بىرنەچچە ئايال قازان بېشىدا پوتلۇق ئاش①

① پوتلۇق ئاش — توي كۈنى قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندە ئېتىدىغان ھاردۇق ئېشى.

قايىنتىش بىلەن پۇسۇرلاپ يۆرەتتى. ياشلار پەستە، چوڭلار پېشايۋان ئۈستىدە دائىرە ياساپ، تويىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدا بىزنىڭ بىر جۈپ ياشانغان ئاشىق ـ مەشۇقىمىزمۇ بىر يەردە، ھويلىنىڭ مۇناسىپ يېرىدىن جاي ئېلىپ، بېشىغا ناۋات رەڭ گاز ياغلىق ئارتىۋالغان چىرايلىق كېلىنچەكتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇراتتى.

سازەندە يىگىت يېنىدا تۇرغان ھەمرىيىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ، مىكرافوننى ئۆزىگە توغرىلىدى ـ دە، دەبدەبىلىك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن تويىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. توي ناتونۇش، يېقىمسىز بىر ناخشىنىڭ ئەۋجىدە تانسا بىلەن باشلاندى، ئەينەك ئالدىدا سائەتلەپ قىلغان گىرىملىرىدىن كىشىنىڭ دىمىنى سىقىدىغان ئېچىتقۇ پۇراقلارنى ئازادە تارىتىپ ئولتۇرغان قىزلار، يىگىتلەرنىڭ ئېلىپ مېڭىشى بىلەن بەدىنىگە يېپىشتۇرۇپ كىيىۋالغان شىملىرىدىن پۇسكىيىپ چىقىپ قالغان ساغرىلىرىنى ئىككى يانغا ئېتىپ، قەدەملىرىنى مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇششاق، تېز، يەڭگىل ئېلىپ، پىرقىراپ تانسىغا چۈشۈپ كېتىشتى. بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ئويناۋاتقان، جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئۇسسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ بىر مەيدان ئويۇن ھە دېگەندە تۈراخۇن بوۋاينىڭ كۆزىگە سىغمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرقانچە مەيدان تانسىدىن كېيىن تانسا مەيدانى ئۇماچقىلا ئايلانغانىدى، سىرتتىكىلەرنىڭ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئالدىغا مۆرىدىشى بىلەن بارغانسېرى تارىيىپ بېرىۋاتقان مەيدانغا تانسا ئوينىغۇچىلار نورمىدىن ئۇشۇق

چۈشۈۋالغان بولۇپ، كىمنىڭ كىم بىلەن، نېمە ئۈچۈن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— شۇمۇ ئويۇن بولدىمۇ ئەمدى، — دەپ غودۇڭشىدى نۇراخۇن بوۋاي يېنىدا تۇرغان مايسىگۈل مومايغا ئاستا شىۋىرلاپ، — جاھان بۇزۇلۇپ، ھايا تۈگەپتۇ - دە، قارا ئاۋۇ بىر نېمىلەرنىڭ قىلىقىنى، كۆك كۆزلەرنى دوراپ ئويناپدىغان غىلجىڭ ئۇسۇلى شۇ بولسا بۇمۇ چاغلىق نەرسىكەن.

— شۇنى دەيمىنا، ئىچىدە لۆمشۈپ تۇرغان قۇرت باردەك غەلىتىلا قىلىقلارنى قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇغۇ جۇۋاينىمەكلەر.

— بىزنىڭ ۋاقتىلىرىمىزدا ھە مايسە، — دەپ بۇرۇنقى تويلارنىڭ ئارمىنىنى يەپ قالدى نۇراخۇن بوۋاي، — توي دېگەن مانا شۇ چاغلاردا قىزىپتىكەن. شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق قائىدىلىك، ھازىرنىڭ سالتاڭ - ساياق بالىلىرىغا ئوخشاش نىكاھ كۈنى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئوغرى مۆشۈكتەك غىپپىدە كىرىپ، تۇزغا چىلانغان ناننى ئالمان - تالمان يەپ قاچىدىغان ئىشلارمۇ يوق.

نۇراخۇن بوۋاينىڭ خىيالى يىراق ئۆتمۈشكە كېتىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ چاغلاردا توي - تۆكۈن باشقىچە قىزىيتتى. توي كۈنى تويىنىڭ لايىقىدا بېشىغا گۈللۈك مانچىستىر دوپپا كىيىپ، يەكتەك ئۈستىدىن قارا پۆتا باغلىۋالغان يىگىتنى ئوتتۇز ئوغۇل ئارىغا ئالاتتى. نەغمىچىلەرمۇ تەييار ئىدى، ئوتتۇز ئوغۇل يىگىتنىڭ ئۆيىدىن قىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ داپ - دۇمباقلارنى چېلىپ، يول بويى «ئۆلەن» ئېيتىپ كېلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

هاي ـ هاي ئۆلەن، هاي ئۆلەن گۈل قايدا بار، يار ـ يار،
بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار، يار ـ يار،

بىر قانچە بارىكاللىچىلار ئارقىدا «بارىكاللا!» ئېيتىشىپ، ۋارقىراپ قىزىتىپ كېلەتتى.

قارا ـ قارا قاغىلار خاماندىدۇر، يار ـ يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ئارماندىدۇر، يار ـ يار،
ئېگىز ـ ئېگىز تاغلاردىن قوي كېلەدۇر، يار ـ يار،
ئۆلەن ئېيتىپ يىگىتلەر، توي كېلەدۇر، يار ـ يار.

ئۇسسۇلچىلار توينىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى، توينىڭ داغدۇغىسى كوچىدىكى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر توي تارتىپ ماڭغانلارغا يول ئېچىپ زوقلىنىپ قارىشاتتى، جۇۋانلار، رەڭ تۇزەپ قالغان قىزلار قىيا ئېچىلغان ئىشىكلەردىن، پەردىسى قايرىلغان دېرىزىلەردىن، قوراي باسقان پاكار ـ پاكار قورۇق تاملار ئارقىسىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ ھەۋەس بىلەن قاراپ قالاتتى، ھاسىسىغا تايانغان بوۋاي ـ مومايلار ياشلىق دەۋرىنى ئېسىگە ئېلىشىپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىشەتتى.

قىزنىڭ ئۆيگە يېقىنلاشقاندا قىز تەرەپنىڭ يول ئۈستىگە چاچاڭ قۇرۇپ كۈتۈپ تۇرغان يىگىتلىرى قائىدە بويىچە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا قەنت ـ گېزەكلەر بىلەن چاي تارتاتتى، ئاندىن ئوغۇل تەرەپنىڭ

يىگىتلىرى داپ ـ دۇمباق، چالغۇلىرىنى قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرىگە سۇنۇپ: «قېنى، نەغمە ئەمدى ھەر قايسىڭلاردىن بولسۇن، ئەمدى پەيزىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن ئاڭلايلى» دەپ ئۇلارنى نەغمە قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى، قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرىگە يەنە لايىقىدا رەخت، قول ياغلىق، پۇلغا ئوخشاش سوۋغاتلار تاپشۇرۇلاتتى، قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرى سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن رەھمەت ئېيتىپ، ئوغۇل تەرەپنى نەغمە ـ ناۋا بىلەن مەھەللىگە باشلاپ ماڭىدىغان، توي بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا يىگىتلەر دائىرە بولۇپ تۇرۇپ سازنى ئۇسسۇل پەدىلىرىگە يۆتكەيتتى.

ئىزدىمەس كۆڭلۇم سېنى، ۋاي ـ ۋاي سەنەم،
يار ئىزدىگەننىڭ يارى بول، ۋاي ـ ۋاي سەنەم.
كىم سېنى يارىم دېسەن ۋاي ـ ۋاي سەنەم،
بېرىپ شۇنىڭ گۈلزارى بول، ۋاي ـ ۋاي سەنەم.

ئىككى تەرەپنىڭ يىگىتلىرى بىر ـ بىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىشىپ ھۈنەر كۆرسىتىشەتتى، نەغمىچىلەر بارغانسېرى قىزىشىپ، ئۇسسۇل ناخشىلىرىنى ئۇلاپ ئېيتىپ، خېلى ئۇزۇن ئوينىغاندىن كېيىن توختايتتى، بۇ چاغدا قىز تەرەپ «رەھمەت» دېسە «رەھمەت» دەپ يىگىتلەرنىڭ بېشىدىن چاچقۇ چاچاتتى.

توينىڭ غوجىۇر كۆرپە كۈنى① تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى.

---

① غوجىۇر كۆرپە كۈنى — توي كۈنىنىڭ ئەتىسى دوستلىرىنىڭ قىز ـ يىگىتنى يوقلىشى.

يىگىتنىڭ ئاغىنىلىرى تويغا ئاتاپ يىغقان بوسۇت[1] ماللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ «چۈنچۈن سالۋات» ئېيتاتتى.

چۈنچۈن سالۋات، بەر مۇھەممەت،
ئوينىڭىزلەر، كۈلۈڭىزلەر،
ھەممىڭىزلەر قىزىل يۈزلەر،
ھەر كىشى سۆزلەر، ئىشىكنى كۆزلەر،
ئوڭدا يىگىتلەر، سولدا جۇۋانلار،
ئويناڭلار، كۈلۈڭلار،
ھەرقانچە ئويۇن بولسا
شۇنچە بولۇر،
بۇنىڭدىن ئېشىپ بولماس،
بۇنىڭدىن ئېشىپ بولسا،
كۆل تام بولماس.
كۆل تام بولسا
تۈۋى بوش بولۇر.
كۈيئوغۇل ئوغۇل بولماس،
كۈيئوغۇل ئوغۇل بولسا،
كۆڭلى خۇش بولۇر.
. . .
رىزىقتا ـ يىڭنە، ئازغاندا مونچاق،
پۇتىغا ـ پوپۇش، چىگىدە بۇقۇش،
بوپا تالىشىپ، بولاتتى سوقۇش.

---

①بوسۇت — سوۋغات.

سالۋات ئېيتقۇچى يىگىت ئېيتقانسېرى قىزىپ كېتەتتى

مەن ئۆزۈم بىر باتۇر ئىدىم،
تاغدا كېيىك ئاتۇر ئىدىم.
قالپىقىمنى قىرلاۋېلىپ،
قىرىق قىزنى قوغلار ئىدىم.
باتۇرلۇقىمنى شۇندىن بىلىڭلار،
يېنى يوق قوڭغۇزنى،
يانغا تارتماي مېنەتتىم،
يېرىم شىلىڭ كېپەكنى،
ئەلگە يۆلەتمەي ئارتاتتىم.
. . .

يىگىت بېيىتلارنى ئەنە شۇنداق رەت - رېتى ۋە ھەرىكىتى بىلەن قىزىقچىلىق چىقىرىپ ئوقۇپ، ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىۋالاتتى، «چۇنچۇن سالۋاتنىڭ» ئاخىرى:

يېتىپ قوپۇپ ئۆلەن تارتىپ،
دەم ئالماي يەتكۈزۈپ كەلدى.

دەپ ئاخىرلاشقاندا، كۆپچىلىك:

دېمى كەم بولمىسۇن،
بارىكاللا، بارىكاللا!

دېيىشىپ، كۆتۈرۈپ كەلگەن بوسۇتلىرىنى يىگىتنىــــڭ

ئۆيىگە تاپشۇرۇشاتتى.

نۇراخۇن بوۋاي مايسىگۈل مومايغا ئەنە شۇلارنى ئەسلەپ بېرىۋېتىپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى. مۇشۇنداق ئېسىل قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنىڭ تارىخقا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقى نۇراخۇن بوۋاينىڭ كەچمىش باسقان چىرايىدا كۆلەڭگە پەيدا قىلىپ، شۇ ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھېلىمۇ گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان يۈرىكىنى مۇجۇپ قويغانىدى.

— ھەي. . ي، شۇ چاغلاردىكى ئۆلەنلىرىمىز، چۈنچۈن سالۋاتلىرىمىز. قانداق ئېسىل، قانداق چىرايلىق قائىدىلەر ئىدى ـ ھە، ئۇ!

— قىز كۆچۈرۈپ كەلگەن كۈندىكى قىزىقچىلىقلار-چۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مايسىگۈل موماي، يىگىتلىرىمىز قىزنى زىلچا ياكى تېكىمەتكە ئولتۇرغۇزۇپ دەرۋازا ئالدىدا قورايدىن يېقىلغان گۈلخان ئۈستىدىن ئاتلاتقۇزىدىغان. بىرقانچە ئايالنىڭ بۇنىڭغا ئەگىشىپ جىن قىچقىرىشلىرىنى دېمەيسىز تېخى.

— ئۇنى بىر دېمە مايسە.

— شۇ ئىشلارنى ئەسلىسەم ياشلىقىمغا قايتىپ قالغاندەك بوپ قالىمەن. مايسىگۈل موماي يىگىتنىڭ بېقىنىدا، سۇلياۋ گۈل لوڭقىسى قويۇلغان ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرغان يېڭى كېلىنچەككە قاراپ ئاستا شۇۋىرلىدى:

يىغلىما قىز، يىغلىما، تويۇڭ بولدى،
كىمخاپ گۈللۈك كۆشۈگە ئۆيۈڭ بولدى،
يىغلىما قىز، يىغلىما خوش بولۇرسىز،

قارىچىغىدەك يىگىتكە دوست بولۇرسىز.
يىغلىما قىز، يىغلىما تويلۇشۇڭدۇر،
ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە...

نۇراخۇن بوۋاي بېشىنى ئاستا چايقاپ مايسىگۈل مومايغا ئەگەشكىلى تۇردى.

يىغلىما قىز، يىغلىما بەختىڭ بولۇر،
ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە تەختىڭ بولۇر.

ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە تەختى بولىدىغان قىز ئالتۇندەك ياشلىقى، ۋۇجۇدىدىكى ئەتىۋارلىق نەرسىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋاتقان مۇشۇنداق چاغدىمۇ قائىدە بويىچە يىغلاپ قويۇشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە ھىجىيىپ، يىگىتنىڭ قولىقىغا نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلاپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا ئۇ شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ توي مۇراسىمىدىن بەكلا خۇشالدەك كۆرۈنەتتى.

— ھازىرقى ياشلارزە زاكىسىدىلا قېرىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ، — دېدى مايسىگۈل موماي قىزنىڭ قىلىقلىرىدىن غىجىقى كەلگەندەك بولۇپ، — كۆلكىسى بەك قىستاپ كەتكەن بولسا غۇجۇر ئۆيگە كىرگەندە كۆلىۋالسا بولمامدۇ.

— پەيغەمبىرىمىز دۇنيادىن قايتىشتا، — دەپ ھېكايە قىلدى بوۋاي، — جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىگە چۈشۈپتۇ، پەيغەمبىرىمىز جىبرىئىلدىن سوراپتۇ: «يا جىبرىئىل، مەندىن كېيىن دۇنياغا يەنە چۈشەمسەن؟»

www.uyghurkitap.com

جىبرئىل دەپتۇ: «چۈشىمەن، ئۇن قېتىم چۈشۈپ، ئۇن نەرسىنى ئېلىپ كېتىمەن. بىرىنچى، بەرىكەتنى ئالىمەن، ئىككىنچى، سىلى - رەھىمنى ئالىمەن، ئۈچىنچى، مېھىر - شەپقەتنى ئالىمەن. تۆتىنچى، ھايانى ئالىمەن، بەشىنچى، ئادىل ھۆكۈم تۇتقانلاردىن ئادالەتنى ئالىمەن، ئالتىنچى كەمبەغەللەردىن قانائەتنى ئالىمەن، يەتتىنچى، بايلاردىن ساخاۋەتنى ئالىمەن، سەككىزىنچى، ئالىملارنىڭ ئىلمىنى ئالىمەن، توققۇزىنچى قۇرئاننىڭ خېتىنى ئالىمەن، ئۇنىنچى، ئىماننى ئالىمەن» دېمەكچى، ھازىرقى ئادەملەردە بۇلارنىڭ قايسى بىرى قالدى مايسە، ياشلىرىمىزدا ھايا تۈگىدى، ئىمان سۇسلاشتى، مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلدى. ئىشلىرىمىزدا بەرىكەت قاچتى. مانا شۇنداق گەپ.

شۇ ئارىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان يەنە بىر مەيدان تانسا ئاخىرلىشىپ، مىكرافوندىن سازەندە يىگىتنىڭ ئاۋازى كەلدى.

— خوش، كۆپچىلىك، تانسىمۇ ئوينىدىڭلار، بۇ يەردە چوڭلارمۇ، ئاتا - ئانىلارمۇ بار. ئەمدى ئۇلارنى بىر پەدە ئۇسسۇلغا تارتساق، قانداق دەيسىلەر؟

باياتىندىن بېرى شۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان نۇراخۇن بوۋاي ئۇسسۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدى، ئۇ ياش ۋاقتىلىرىدا ئۇسسۇل دېگەننى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئوينايتتى. توي - تۆكۈن، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، سورۇننى قىزىتىۋېتەتتى، ئۇ ئىشلارغا ھازىر ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇسسۇلنىڭ گېپى چىقسا پۇت - قوللىرى

قىمىلداپ تۇرالماي قالاتتى.
— چاله ئوغلۇم، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى بوۋاي سازەندە يىگىتكە قاراپ — شوخ - شوخ چال، ئىلى سەنىمىگە چال.
ئېلېكترونلۇق مۇزىكىنىڭ تىلىدىن ئىلى سەنىمى ئەمەس، باشقا بىر كونا ئاھاڭ ئۇچۇپ چىقتى. نۇراخۇن بوۋاي مۇزىكا باشلىنىشى بىلەن تەڭ تارمۇشتەك قېتىپ كەتكەن قول - پۇتلىرىنى ئۇدارغا كەلتۈرۈپ، بېشىنى ئىككى مۈرىسىگە تاشلاپ، بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشتى، ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى قوپال، قول ئوينىتىشلىرى قالايمىقانىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ مۈرىسىنى سىلكىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ قوياتتى، كىمدۇر بىرلىرى يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنى مەيدانغا سۆرەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. پەستە ئولتۇرغان ياشلار ئالقانلىرىنى رىتىملىق ئۇرۇپ چاۋاك چالسا، پېشايۋان ئۈستىدىكى چوڭلار ھەدەپ پىخىلداپ كۈلۈشەتتى، يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى مىڭ تەستە ئوتتۇرىغا چۈشكەن بولسىمۇ مەيداننى بىر ئايلىنىپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى، مەيداندا نۇراخۇن بوۋاي يەنە ئۆزىچە قالدى، ئۇنىڭ پىرقىراشلىرى كىشىگە مېڭىشى، يورغىسى يوق ئاتنىڭ خامان بايخاندىغان چاغدىكى يۈرۈشىنى ئەسلىتەتتى. پۇتلىرىنى يەرگە ئايىماي ئۇرۇپ، قوللىرىنى ئەررەڭ - سەررەڭ تاشلاپ، مۈدۈرۈپ - چوقۇرۇپ ئوينايتتى. پۇتىنى يەرگە ھەر قېتىم ئۇرغاندا قۇرۇق، قۇمساڭغۇ يەردىن پۇرقىراپ توپا ئۇچاتتى. بەيگىگە چۈشكەن ئات ھە دېگەندە چاپالماي بىر ، ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن تۇياقلىرى قىزىپ قالغاندەك ئۇمۇ رەسمىي قىزىپ قالغانىدى. بىرىنچى مەيدان ئۇسسۇل مۇزىكىسى

ئاخىرلىشىپ، ناخشا ئىككىنچى بىر پەدىگە ئالماشتى.

چىم - چىم ئەتتىم، چىم بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم، زىق بىلەن.
ئەسلى يادىم سەن بىلەن،
سەن يۈرىسەن كىم بىلەن.

نۇراخۇن بوۋاي كۆڭۈللۈك ئۆتمۈشىنى، ئۇسسۇل دېگەننى ئويناپ - ئويناپ هارمايدىغان ياش چاغلىرىنى ئېسىگە سالىدىغان بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ، پۇت - قوللىرىغا قايتىدىن جان كىردى. ئۇ ئويناپ كېتىمۈۋېتىپ تاماشا كۆرگۈچىلەر قاتارىدا ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان مايسىگۈل مومايىنىڭ ئالدىغا باردى - دە، ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى، مايسىگۈل مومايمۇ نېزىقاپ تۇرمايلا مەيدانغا چۈشتى، چاۋاك، ئىسقىرتىشلار هويلىنى بىر ئالدى، ناخشا توۋلاۋاتقان يىگىت ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى، بوۋاي بىلەن موماي بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى، بوۋايغا قارىغاندا مايسىگۈل مومايىنىڭ هەرىكەتلىرى سىلىق، يەڭگىل بولۇپ، ئۇسسۇلنى خېلىلا قاملاشتۇرۇپ ئوينايتتى. ئۇسسۇل تازا ئەۋجىگە چىققاندا تويى بولغان يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويۇنغىلى تۇردى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كۆپ ئويىنغان، ھەممىدىن كۆپ خۇشال بولغان، نۇراخۇن بوۋاي بىلەن مايسىگۈل موماي ئىدى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 9

شۇ كېچىسى نۇراخۇن بوۋاي كېچە بىر چاغقىچە ئۇخلىيالمىدى. قوشنىسىنىڭ ھويلىسىدا بولۇپ ئۆتكەن توي، مايسىگۈل موماي بىلەن ئوينىغان ئۇسسۇلى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، كەلگۈسى تۇرمۇشى ھەققىدىكى شىرىن ئەسلىمىلەرگە غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ئۇ رەھمەتلىك مومىيى ھەلىمە بىلەن تېپىشىپ، ئۇنىڭ ماقۇل جاۋابىنى ئالغان كۈنى ئاخشىمى ئەنە شۇنداق ئۇخلىيالمىغانىدى. ئۇ چاغدا ھەلىمە تېخى ئون سەككىزگە تولمىغان قىز ئىدى، گۈللۈك چىت كۆڭلەك ئاستىدا ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆكسى، يىلىم چېپىپ ئۆرۈۋالغان يۇمشاق چاچلىرى ۋە ئۇسما بىلەن ئاچ يېشىل رەڭگە كىرىپ، كىشىگە رىۋايەتلەردىكى ساھىبجامالىلارنى ئەسلەتتىدىغان قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرى ئاستىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن بىر خىل سېھرى كۈچ تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— بۇگۈن بۆلەكچە ياسىنىپ، مەلىكىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قاپسەنغۇ ھەلىمە؟

— ھەممىسى سىز ئۈچۈن،— دەيتتى ئۇ چىرايلىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ.

نۇراخۇن بوۋاينىڭ يىراقلارغا كېتىپ قالغان خىيال كەپتىرى كۆڭۈللۈك ئۆتمۈشىنى بىرپەس ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن يەنە مايسىگۈل مومىاينىڭ دولىسىغا قونۇپ قالاتتى. ئۇ بۈگۈنكى تويدا مايسىگۈل مومىاينىڭ

ئۇستۇپشىغا زەڭ سالدى، موماي چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ، گىرىپ ياغلىقىنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان بولۇپ، پىرلەڭكە پاسونىدا تىكىلگەن تېگى قارا، كەرەشنىۋاي گۈللۈك شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، بارمىسا بولمايدىغان مېھماندارچىلىق ئىشلىرى چىقىپ قالغان كۈنلىرىلا ئۈزىنى ئانچە ـ مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ قويمىسا باشقا چاغلاردا بىر كۆڭلەكنى ھەپتىلەپ ئۇستىدىن سالمايدىغان مايسىگۈل موماي يېقىندىن بۇيان نېمىشقىدۇر پات ـ پاتلا بېشىنى يۇيۇپ، چېچىنى تارايدىغان، ئارا كۈندە بىر كىيىم ئالماشتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئانىسىدىن تەۋرۈك قالغان، ئادەم يۈزىنى ياقمىغىچە چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە چاپاق بېسىپ كەتكەن تامدىكى تاش ئەينەك ئالدىدا ئالدى ـ ئارقىسىنى قىلىپ، بىردە كىيىمى، بىردە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن تۇرۇپ كېتەتتى.

— نەگە بايىسەن موما؟

— ھېچ يەرگە.

— ئۇنداق بويسا ياسىنىۋاپسەنغۇ؟

— كۆڭلىكىم كىر بوپ قالغان، يەڭگۈشلىۋالدىم شۇ.

— نەدىكىنى، تۈنۈگۈن ئاۋۇ كۆڭنىكىڭنى كىيگەن، بۈگۈن ماۋۇ كۆڭنىكىڭنى...

— كىچىك بالا دېگەن مۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان، ماڭ چىقىپ ئويۇنىڭنى ئوينا جۇگۇ.

ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك چاي ۋاقتىلىرىدا نەۋرىلىرىنىڭ قەغىشى ئاۋۇپ كېتەتتى.

— موما، بۇ. . . بۇ چىپىڭنى. . .
— ھە، چايغا نېمە بوپتۇ؟
— شاكاراپ. . .
مايسىگۇل موماي چايغا تىلىنى تەگكۈزۈپ كۆرەتتى ـ دە، باشتا تۇز تاشلىغان چايغا يەنە ئۇستىلەپ تۇز سېلىۋەتكىنىنى ئويلاپ، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر دەپ غوتۇلداپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى، كىمگە كوتۇلداۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بەزى كۈنلىرى بىر پۇتىغا سايما كەش، يەنە بىر پۇتىغا كالاچ سېپىۋېلىپ نەۋرىلىرىنىڭ كۈلكىسىگىمۇ قالاتتى.
مايسىگۇل موماي ئەنە شۇنداق قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇراخۇن بوۋاي باغدىكى شورىدىن ئاتلاپ، دىمىغىدا ھېلىقى ناخشىغا غىڭشىغاچ «مەن كېلىۋاتىمەن» دېگەننىڭ شەپىسىنى بېرىپ، توپتوغرا ھويلىغا كىرىپ كەلدى.
— قارايسەنغۇ مايسە، — دېدى ئۇ مومايىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، — گاللىرىم قۇرۇپ كەتتى، تاۋلىنىپ قالغان چىپىڭ بارمىكىن دەپ كىردىم.
نەۋرىلىرى مەكتەپكە كەتكەن، ئۆيدە مايسىگۇل موماي يالغۇز ئىدى. ئىلگىرى نۇراخۇن بوۋاي ھويلىغا كىرسە «ئېھتىيات» سۆزىنى كۆپرەك تىلغا ئېلىپ، نەۋرىلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ياكى «يات كۆز» لەرنىڭ گەپ تېپىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان مايسىگۇل موماي بۈگۈن نېمىشقىدۇر يىراقتىن كەلگەن كۆرمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان ئەتىۋارلىق مېھمىنىغا مۇئامىلە قىلغاندەك قارشى ئېلىپ يېكەنداز

ئېلىپ چىقىپ، ئالما ئاستىدىكى سۇپا ئۈستىگە سالدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى قولاشماي قەدەمدە بىر پۈتلىشىپ، يەڭدەپ تۇراتتى، نۇراخۇن بوۋاي مومايىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ھودۇقۇش، تەمتىرەشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماي سوپىغا چىقتى ۋە يېكەندازنى قايرىۋېتىپ كىگىز ئۈستىگىلا زوڭزايدى.

— ئو. . . ھۇش، — دەپ بوۋاينىڭ قىلىقىدىن خاپا بولدى مايسىگۈل موماي، — بىردەم بولسىمۇ يۇمشاق، راھەت ئولتۇرۇۋالسۇن دەۋاتىمەن.

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭگە رەھمەت، — دېدى نۇراخۇن بوۋاي، — ئادەمنىڭ ئاستى بەكلا يۇمشاق بولۇپ كەتسە ھۇرۇن، بوشاڭ قىلىپ قويىدۇ. ئىشەنسەڭ مۇشۇ يېشىمغا كېلىپ ئاستىمغا كۆرپە سېلىپ ئولتۇرغان، ياتقان ۋاقتىم ئاز، ئەدىيال، كىگىزگە ئوخشاش نەرسە بولسىلا، بېشىمغا سامان تەكيە قويۇپ ياتىۋېرىمەن، ئېتىزدا ماللارنى سايىدىتىپ قويۇپ، قۇرۇق يەردە ئوڭدامغا چۈشۈپ ئۇيقۇغا تېگىمەن، شۇنداق ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلايمەن. قاتتىق يەردە ياتقاننىڭ خاسىيىتى كۆپ، مۇسكۇللىرىڭ بوشىمايدۇ. قۇۋۋىتىڭ خورىمايدۇ، تىرىك، تېتىك تۇرىسەن، مانا قارا، مېنىڭ تۇرقۇمنى. قايسى ياشتىن قالغۇچىلىكىم بار مايسە؟ مانا شۇنداق گەپ.

— قۇۋۋەتمىش تېخى، — دەپ كۈلدى موماي، — توق - توق يەپ بەرمىسە نەدىكى چۈشۈپ قالغان قۇۋۋەتكەن ئۇ.

— قۇۋۋەت بولمىسا يەكتەك ئۈستىدىن پۈتا باغلاپ، ئاغلىق ئىشتان كىيىپ يۈرەتتىممۇ مايسە. بىزنىڭ

دەۋرىمىزدىچۇ قارا، ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسىغا كىيىۋالغان ئاغلىق ئىشتىنىنىڭ تار ـ كەڭلىكىگە قاراپ باھا بېرىدىغان. ئايالالارمۇ كەڭ، ئازادە ئاغلىق ئىشتان كىيىپ يۇرگەنلەرگە ئاشىق بولىدىغان. مېنىڭ ھېلىمۇ مۇنچە كەڭ ئاغلىق ئىشتان كىيىپ يۇرگىنىمنى سەن تېخى چۈشەنمەيسەن ـ دە.

— ۋاي. . . سەنتى بىلمەيدىغان قېلىن. . .

— مومىيىم قارا قىلغاندىن بىرى، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي، — تاماقتىن تارتىلىپ قالغىنىمنى دېمىسەم قورساقنى ئۇتتۇرماي كەلگەن. مېنىڭ بىر ياخشى ئادىتىم — بۆرەكنى، بۆرەك مايىنى پىشۇرۇپ ئولتۇرماي خاملا يەيمەن. قۇيرۇق ماي بىلەن كۇندە تېقىمىمنى مايلايمەن. قارايسەنغۇ؟ بۇنىڭمۇ خاسىيىتىنى دەپ كەلسەم جىق گەپ، سەن مېنىڭ نېمە يەپ، نېمە ئىچىدىغانلىقىمنى تېخى بىلمەيسەن، سەن كالا سۇتى ئىچىسەن، مەن ئۆچكە سۇتى، سەن قوي گۆشى يەيسەن، مەن ئۆچكە گۆشى، شۇڭا قويدىن ئۆچكىنى كۆپ باقىمەن. ئۆچكە گۆشىنى يەل دەيدۇ تېخى، كۇزدە ئەمەن يېگەن ئۆچكە بىلەن قىشتا تۇيىقى توك دەسسىگەن ئوغلاق گۆشىنى يەپ باقە قېنى، كارامىتىنى شۇ چاغدا كۆرىسەن.

مايسىگۇل موماي ئۇزۇن يىل قوشنا ئولتۇرغان مۇنۇ بوۋاينىڭ تېخى چۈشەنمىگەن ۋە چۈشىنىپ بولالمىغان تەرەپلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا بۇ بوۋاي ئۇنىڭ نۇرى قېچىپ، خىرەلەشكەن كۆزلىرىگە ھالىدىن كەتكەن مويسىپىت سىياقىدا ئەمەس، قانلىرى ئۇرغۇپ، بارغانچە ماغدۇرىغا تولۇپ بېرىۋاتقان ياش

يىگىتتەك كۆرۈنۈپ، بىر خىل ئىچكى خۇشاللىق كۆكرىكىگە تەپكەندەك بولدى، ئۇ شۇ خۇشاللىقنىڭ مەستى قىلىشى بىلەن پۇسۇرلاپ يۈرۈپ جوزا قويدى، داستىخان سالدى. ماي قويۇپ، ئۆزىگە ئايرىم يېقىپ قويغان توقاچ، تاتلىق ـ تۈرۈملارنى ئېلىپ چىقتى، ئاۋۋال نۇراخۇن بوۋايغا بىر پىيالىدىن سىن چاي، كەينىدىن قايماقلىرى چەلگىنىپ تۇرغان بىر ئاپقۇر ئەتكەن چاي كەلتۈردى.

— ۋاھ، ئالامەتلا جۇۋاپ كەتتىڭغۇ مايسە، مۇنداق كۈتىدىغان بولساڭ كۈندە ئۆيۈڭگە كىرىۋالىمەن جۇمۇ.

— چۈش بولۇپ قالدى، قورساقلىرى ئېچىپ قالغاندۇ. ئۆيلىرىگە كىرىپ ئاۋارە بولمىسۇن دەۋاتىمەن.

— ئەر كۈتۈشنى بىلمىسەن ـ دە، — دەپ ماختاپ قويدى بوۋاي.

بۇ چاغدا مايسىگۈل موماي روھى ھالىتىدە بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنى تېخىمۇ چاندۇرۇپ، جوزا ئۈستىدە قاملاشمىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويدى. ئۇ نۇراخۇن بوۋاينىڭ چېيىغا نان چىلىدىم دەپ، گەپ ئارىلىقىدا ئېسىنى بىر يەرگە يىغالمىدىمۇ، ئەتىمالىم پەتنۇستىن بىر چاڭگال قەنتنى ئېلىپ ئەتكەن چايغا سېلىۋەتتى. بوۋاي كۈلۈپ كەتتى. مومايىنىڭ ئاپتاپتا پىشىپ، چوڭقۇر قورۇقلار بىلەن گۈل چېكىلگەن يۈزى گىردە ناندەك قىزاردى.

— خىجىل بولغۇدەك نېمىسى بار، — دېدى بوۋاي مايسىگۈل مومايىنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ، چىنىسىدىكى قەنتنى چوكا بىلەن ئېلەشتۈرۈپ، — قازاقلار ئەتىۋارلىق مېھمىنىنى مانا شۇنداق كۈتىدۇ. سەن مېنى

ئەتىۋارلىق مېھمىنىڭ قاتارىدا سانىغانلىقىڭدىن خۇش بولۇۋاتىمەن. . .

نۇراخۇن بوۋاي قىرلاپ قويۇۋالغان تەكىيىگە بېشىنى يۆلەپ، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ چىرايىدا مۇھەببەت ئۈستىدىن غالىب كەلگەن يىگىتلەردە بولىدىغان مەغرۇرلۇق بىلەن خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇ ئاخشىمى ئۇ شۇنداق راھەتلىنىپ ئۇخلىدى، سەھەرگە يېقىن چۈش كۆردى. چۈشىدە رەھمەتلىك مومىيى ھەلىمەنى كۆردى، ئۈستىگە نېپىز يېپەك كۆڭلەك كىيىۋالغان، بارغانسېرى ياشىرىپ، چىرايلىق بولۇپ قالغان ھەلىمە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، لېكىن ئۇ نېمىدىندۇر خاتىرجەم بولالمايۋاتقاندەك چىرايلىرى بىر قىسما ئىدى.

— خەۋەر تاپتىم، — دەيتتى ئۇ يەنىلا بوۋىيىنىڭ غېمىنى يەپ، — مايسىگۈل ئىككىڭلار چىقىشىپ قاپسىلەر، مايسىگۈل ئوبدان ئايال، ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇم، مەندىن كېيىن ئۇ ئۆينى لايىقىدا بىرسىنىڭ كېلىپ ئاۋات قىلغىنى ياخشى، سىلەرنىمۇ جىق قىينالدىلا، يالغۇزچىلىق جانلىرىغا پاتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئايال كىشىنىڭ ئورنىنى بالىلارنىڭ باسمىقى تەس. بىراق، ئالدىلىرىدا. . .

ھەلىمە موماي گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى، ئاپئاق يېپەك كۆڭلەك ئىچىدىكى چىرايلىق گەۋدە، ئۇزۇن يىللار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن تونۇش، يېقىملىق چىراي بىردىنلا ئاپئاق تومانغا ئايلىنىپ، نۇراخۇن بوۋاينىڭ كۆزىدىن ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

www.uyghurkitap.com

## 10

— ھوي خوتۇنلار، مايسىگۈلدەمنىڭ ئىشىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— «جىگدە» پۇراپ قاپتۇ دەپ ئاڭلايمىزغۇ.

— جىگدە پۇراپ؟ كىمگە؟

— قوشنىسىغا، نۇراخۇن بوۋايغا.

— ۋاي ئۆلەي، ما قېرى مايمىنەكلەرنىڭ ئىشىنى. نەۋرە كۆرگەن، چەۋرە كۆرگەن ئادەملەرنىڭ قىلىقى شۇ بولسا، جاھان نېمە بوپ كەتتى ئەمدى.

— مەنمۇ ئويلىغان، نۇراخۇنكام ماللىرىنى نېمىشقا سازلىقتا باقىدىغان بولۇپ قالدىكىن دېسەم، ئەسلى جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدىكەن ـ دە.

— تېخى بولا ئەمەس. . .

— ھە، قېنى، قېنى؟

— بولدىلا، دېيىشكە يۈزۈم چىدىمايدۇ.

— گەپ بولدى ـ دە، ئۇلارنىڭ چىدىغان يەردە بىزگە نېمىتى، سۆزلەۋەرمەمسەن.

— ئۇنداق بولسا گەپ مەشەدىلا قالسۇن ـ ھە، ئۇ ئىككىسىنىڭچۇ قاراڭلار، سازلىقتا بىر ـ بىرىنى سۆرۈشۈپ يۈرگىنىنى كۆرگەنلەر باركەن.

— سۆيۈشۈپ. . . ؟ ئالە شەرىڭنى. . .

— سۆيۈشۈپ ئەمەس، سۆرۈشۈپ دەۋاتىمەن.

— ئىشقىلىپ بىرگەپ، سۆرەشكەن يەردە سۆيۈشمەي

قالامتى ئۇ قىلىنلار. . . توۋا قىلدىم، ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەملەر سۆيۈشۈپ، قۇچاقلىشىپ يۈرسە ـ ھە! دۇنيادا يەتتە ئاشىق ـ مەشۇق بار دەپ يۈرسەك، مانا ئەمدى سەككىزىنچىسىنىڭ بىزنىڭ مەھەللىدىن چىقىپ قالغىنىنى قاراڭلار. . .

× × ×

شۇ كۈنلەردە نۇراخۇن بوۋاي بىلەن مايسىگۈل موماي خۇسۇسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر ئانچە ـ مۇنچە ئېغىزغا چىقىپمۇ قالغانىدى. بۇ خەۋەر، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، ئەتىدىن ـ كەچكىچە بوسۇغا بېقىپ ئولتۇرغان ۋات ـ ۋات خوتۇنلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە بارغانسېرى سەمىرىپ، يۇقىرىدا ئاڭلىغىنىمىزدەك چوڭلا بىر ئىشقا ئايلانغىلى تۇردى.

خەيرىيەت، بولار گەپ بولدى، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى تۇتۇۋالغىلى بولمايتتى. بىر كىشىنىڭ ئىككىنچى بىر كىشى ئۈستىدىن ئىغۋا توقۇشى، ئاساسى يوق گەپلەر بىلەن پىتنە تېرىپ ئۇنىڭ شەخسىيىتى، ئىززەت ـ نەپسىگە داغ سېلىشى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار جۈملىسىدىن ھېسابلانسىمۇ، لېكىن شەھەردىن يىراق جايدا ياشاۋاتقان يېزىلىقلارنىڭ مۇنداق قىلمىش ـ پىلمىش، ئەتمىش ـ پەتمىشلەر بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوۋاي، موماي خۇسۇسىدىكى ئىغۋالار تامغا ياماشقان ھەشقىپىچەكتەك تېخىمۇ بەك شاخلاپ، ئۆي ـ ئۆي، كوچا ـ كوچىلاردا كىشىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىزىق سۆز تېپىشقا ئالدىرىماي، قاراپ قالدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەھۋال بىزنىڭ ئاق چاچلىق ئاشىقلىرىمىزغا مۇتلەق پايدىسىز تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. بۇ يەردە بوۋاي بىلەن موماينىڭ باللىرى ئۆزلىرىنى جامائەت سورۇنلىرىدىن ئېلىپ قاچىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىشىغا ئەزەلدىن قارشى مەيداندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان باللارنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ قويغاندى. بۇ ئوت ئاستى تەرىپىدىن تۇتەپ كۆيۈۋاتقان سامانغا ئوخشاش شەپىسىز تۇتۇشۇپ كېلىۋاتاتتى.

نۇراخۇن بوۋاينىڭ باللىرى دادىسىغا: «قېرىغاندا مال باقىمەن دەپ بەكلا ئاۋارە بوپ كېتىۋاتىسەن، ئەمدى بىزنىڭ تاپقىنىمىزنى يەپ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ھالاۋىتىمىزنى كۆرىدىغان ۋاقتىڭ يەتتى» دېگەندەك بىرمۇنچە «ياخشى كۆڭۈل»لىرى بىلەن قوي ـ ئۆچكىلىرىنى شەھەردىن چىققان قاسساپلارغا سېتىۋەتتى. ئۆمرىدە مالدىن نېرى بولۇپ باقمىغان نۇراخۇن بوۋايغا قوي ـ ئۆچكىلەردىن ئايرىلىپ قېلىش خېلىلا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ باللىرىنىڭ «يوللۇق» تەلىپى ئالدىدا چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلدى. يامان يېرى ئۇ سازلىقتا مال بېقىش باھانىسىدا مايسىگۈل موماي بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرۇش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ قورۇق تېمىنى كۆندە بىر ئايلىنىپ، خالىغان چاغدا ھويلىسىغا ئۇسۇپ كىرگىلى بولمايتتى، مايسىگۈل موماينىڭ چېلەكنى بىلىكىگە سېلىپ، سازلىقتىكى بۇلاقتىن سۇ ئېلىشقا چىقىشىنى كۈتمەكتىن باشقا چارە

قالمىدى، باشقا چاغلاردا كۆنىــــگە نەچچە نۆۋەت سۇغا چىقىدىغان مايسىگۇل مومايىنىڭ شۇ كۈنلەردە قىرىشقاندەك قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايۋاتاتتى، ناۋادا ئۇ سۇغا چىقىپ قالسا چىلەكنى سۇغا تولدۇرۇپ، ئۆيىگىچە ئەكىرىپ بېرىشكە تەييار ئىدى، لېكىن ئۇ چىقمىــدى. نۇراخۇن بوۋاينىڭ زارىقىپ كۈتۈشلىـــرى بوشقا كېتىــــۋەردى، مايسىگۇل مومايىنىڭ شوق، كەپسىز نەۋرىلىرىنى ئەدەپلەپ، ۋارقىرىغان، تىللىغان ئاۋازى ھويلىنىڭ قايسىبىـــر بۇلۇڭلىرىدىن ئاڭلىنىپ قالاتتى، مۇنداق چاغدا نۇراخۇن بوۋاي شورىدىن ئاتلاپ چۈشۈشكە ئىنتىلەتتىيۇ، لېكىن ئىلگىرىكىدەك تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. باغدىن سازلىققا چىقىدىغان بۇ شورىمۇ بىر ئاخشىمـــى تۈيۈقسىزلا تىكەن، جىگدە شاخلىرى بىـــلەن ئېتىــــپ تاشلاندى، تېخى بۇنى ئاز دەپ، ئارىدىن ئاز كۈن ئۆتمەي ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن باغ تەرەپكە قارىتىپ تارتىلغان سىمغا تۆت كۆزلۈك، قاپقى يامان ئىتتىن بىرسى زەنجىر بىلەن سىرتما قىلىپ باغلاندى. ئىت ناتونۇش ئادەمنىڭ ھىدىنى ئالغان ھامان تۈك ـ تۈكىنى يەپ، سەتتىن ـ سەت قاۋايتتى. ئەمدىلىــكتە بۇ قورۇغا كىـــرىش ئەمەس، دەرۋازىسىغا يېقىنلىششىمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى. نۇراخۇن بوۋاي ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى، كوچىـــدا ئېقىپ يۈرگەن سۆز ـ چۆچەكلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا چالا ـ پۇچۇق يەتكەن بولسىمۇ ئىشنىڭ بۇ دەرىجىـــدە بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىدى، مايسىگۇل موماي شۇنىڭدىن باشلاپ «مىرزى قاماق» قا ئېلىنىدى، مەھەللىدە بولىدىغان توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردا ئۇنىڭ قارىسى يىتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
ئېتىمنىڭ قۇيرۇقى يەردە.
ئوينىغىلى قويمايسەن،
كۆڭلۈم خالىغان يەردە.

نۇراخۇن بوۋايمۇ دەرۋازا ئالدىدىكى لايسۇرۇق سۇپىدا ئولتۇرۇپ، قارشى تەرەپتىكى ھويلىدىن كۆزىنى ئۈزمەي مۇڭلۇق - مۇڭلۇق ناخشىلارغا توۋلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ناخشىلىرىدا ۋاپادارىدىن ئايرىلغان ئاشىقنىڭ ھەسرىتى، گۈل ئىشقىدا يۈرەكلىرى چاك - چاك بولغان بۇلبۇلنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى، قاراقچىلارغا يولۇقۇپ، ھەممە نېمىسىدىن قۇرۇق قالغان دەردمەننىڭ ئاچچىق - ئاچچىق پۇغانى بار ئىدى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دەپ، شۇ كۈنلەردە بۇ دەردمەن بوۋاينىڭ پۇغانىغا يەنە بىر پۇغان كېلىپ قوشۇلدى. بوۋاينىڭ بالىسى تۇداخۇن دادىسىنىڭ ئاخشىمى - ئەتىسى مەسچىتكە كىرىپ - چىقىشىغا قولايلىق بولسۇن، دېگەننى باھانە قىلىپ، مەسچىت يېنىدىن بىر قورۇلىق جاي سېتىۋېلىپ، ئەسلىدىكى قورۇ - جاينى باشقىلارغا سېتىۋەتتى. ئاتىنىڭ كۆزى يۇمۇلماي، ئانىنىڭ كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپلا ئۇلار ياققان «چىراغ» نىڭ ئۆچۈرۈپ تاشلىنىشى، بۇنى ئاز دەپ ئۇزۇن يىللىق قوشنىسى مايسىگۈل مومايدىن «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» قىلىۋېتىشى بوۋاينى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئوبدانلا خورىتىپ قويدى.

## 11

زىياۋۇدۇن بوۋاي قوغۇنلۇققا يېتىپ بارغاندا، ئېشەك هارۋىسىغا تولدۇرۇپ تاۋۇز بېسىۋالغان زوردۇن بازارغا مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ زىياۋۇدۇن بوۋاينى سالقىنلا قارشى ئالدى. مۇشۇ كۈنلەردە زوردۇننىڭ كەيپىياتىمۇ تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، كۆڭلى ئادەم خالــــمايتتـــى. بىرەرسىنىڭ كېلىپ تېتىمىغان گەپلەر بىـــلەن ئاۋارە قىلىشىنى ئەسلى ياقتۇرمايتتى. زوردۇن ئۆزىنىڭ بازارغا ئالدىراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، زىياۋۇدۇن بوۋايدىن ئۆزرىخالىق سورىدى.

— سەن بىـــلەن بىـــرگە بولالمايدىغان بولدۇم زىياۋۇدۇن ئاكا، كەپىگە بېرىپ تاۋۇز يە، ئۆيدىكىلەر بار، مەن ماڭغاچ تۇراي.

— توختىغىنا، — دېدى زىياۋۇدۇن بوۋاي ئېشەكنىڭ بوجىسىنى تۇتۇۋالغان زوردۇننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — تاۋۇزىڭنى كېيىن يەيمەن، سەن بىلەن سۆزلىشىدىغان ئازراق گەپ بارتى.

— خوش، نېمە گەپ؟

— ئالدىراشكەنسەن، ۋاقتىڭنى ئالماي گەپنى ئۇدۇللا دەۋېرەي، كوچىدىكى گەپ ـ سۆزدىن خەۋەر تاپقانسەن ھەرقاچان. . .

— يەنە شۇ گەپمۇ.

— ئاۋۋال گېپىمنـــى ئاڭلا، — زىياۋۇدۇن بوۋاي

ئېرىق قىرىدىكى ئېشەك چىمى ئۈستىگە زوڭزايدى. — سەن بىزگە قارىغاندا ئاز بولسىمۇ ئوقۇغان، بىلگەن ئادەم بەزى ئىشلارنى بىزدىن ئوبدان چۈشىنىسەن، توغرا، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ دەيمىز، لېكىن، سەن بىلەن بىزنىڭ قولىقىمىزغا يەتكەن «شامال»لارغا ئىغۋا ئارىلىشىپ كەتكەن بۇنى بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

— بولدىلا زىياۋۇدۇن ئاكا، — زوردۇننىڭ كەيپى ئۇچتى، پاراڭنى تېزرەك تۈگىتىپ مېڭىشقا ئالدىرىدى، — بۇلار ئىش بولدى، ئەمدى چۈشىنىپ نەگە بارىمەن، مۇنداق دېسەم كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغۇمۇ، چۈشەنگىممۇ يوق.

— ماڭا قارا بالام، — دېدى بوۋاي قولىنى زوردۇننىڭ دولىسىغا قويۇپ، — ئاللانىڭ قايسىبىر كالامى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قايسى بىر ھەدىسىدە چوڭلارغا يول قويسا بولمايدۇ دېگەن گەپ باركەن؟ گېپىمنى ئوبدان ئاڭلا، مەن سېنىڭ ئالدىڭغا بۇ ئىشنى چۈشەندۈرگىلى ئەمەس، ئەلچىلىككە كەلدىم، ئارىدىكى سۆز ـ چۆچەكتىن قۇتۇلاي، باش ئاغرىقنى ساقايتاي دېسەڭ، ئىشلارنى چىرايلىق پۈتتۈرەيلى.

زوردۇننىڭ «ئەلچىلىك» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كىرپە تىكىنىدەك ساقال بېسىپ كەتكەن چىرايى شۇنداق سەت تاتاردىكى، ئاپئاق ساقىلىنى سۆرەپ كەلگەن مۇنۇ ئادەمنىڭ يۈزىنى دېمىسە خېلى گەپلەرنى دېگۈسى، ھەتتا بۇ يەردىن قوغلاپ، ئىككىنچى ئاياغ باسماس قىلىۋەتكۈسى بار ئىدى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ، —

ھەرقانچە بولسامۇ بىر ئانامنى باقالمىغۇدەك ھالغا قالمىدىم. ئاپام جاپانى كۆپ تارتقان دىلى سۇنۇق ئايال، تۆت كۈنلۈكى قالغاندا ئۆز قولۇمدا چىرايلىق قاراپ، رازىلىقىنى ئالسام دەيمەن.

— ئاتا - ئانىنى رازى قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن ھوي زوردۇن، — زىياۋۇدۇن بوۋاي ئۇنىڭدىن يامانراق تەگكىلى تۇردى، ئۇ ساۋاپ تېپىش خىيالىدا تول قالغان ئانىسىنى مەككە - مۇكەررەمگە ئېلىپ بارغان يىگىتنىڭ ھېلىقى ھېكايىسىنى نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئوغلى تۇداخۇنغا سۆزلىگەندەك سۆزلەپ كېلىپ، زوردۇننىڭ ئالدىغا تاقا مىخىدەك سوئالدىن بىرنى تاشلاپ قويدى، — خوش، سەنچە بولغاندا مۇشۇ قىلىۋاتقان تەتۈرلىكىڭ ساۋابقا ياتىدىغان ئىشمۇ زادى؟

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ — زوردۇننىڭ تەتۈرلىكى تېخىمۇ تۇتتى، — ئەمدى كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ دەۋېرەي، سەن دېگەن ئۇنداق ساۋابنىڭ گۆرىگە ئوت كەتسۇن. بۇ ئىشتىمۇ قارا، مېنىڭ دېگىنىم ھېساب زىياۋۇدۇن ئاكا، مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كەلگەن بولساڭ بىھۇدە ئاۋارە بوپسەن. خەير، مەن كەتتىم.

گەپ ئۈزۈلدى. زوردۇن «كۆك تاش»قا مىندى. زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ كۈتكىنى، نۇراخۇن بوۋاينىڭ ئاخىرقى ئۈرۈنۈشى يوققا چىقتى. ئەمدى ئارتۇقچە گەپنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. نۇراخۇن بوۋاي ئاغىنىسىنىڭ چىرايىدىن ئىشى ئوڭغا تارتمىغان ئەلچىنىڭ رەڭگىرويىدا بولىدىغان ئۈمىدسىزلىكنى كۆرۈپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— سالام ـ سائىتتىگە قاراپ خېلى بىر غەرەز ئۇقمىدىغان بالا چېغىسى دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — دېدى زىياۋۇدۇن بوۋاي بېشىنى چايقاپ، — تازا بىر ئۆتۈپ كەتكەن بىغەرەز نەرسىكەن.

— شۇنداق بولۇشىنى كۆڭلۈم تويغان.

— ئاشۇ بىزەڭ كۆڭلۈڭ، — جۇدۇنى تۇتتى زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ، — بۇرۇنلا بىشارەت بەرگەن بولسا بۇ ئىشلارمۇ بولماسىدى، مانا ئەمدى بار بالانى تىرىپ قويۇپ «ئات ئاۋارە، كۆت ئاۋارە» بولدى.

— . . .

— ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟

— تىزىمنى يارا قىلىپ تاپقان باللارنىڭ ھالى بولسا ئاۋۇ، مېنى ھەممە نەرسەمدىن ـ ئۆزۈم تۇتقان جاھاندىن، ماللاردىن، ئۇزۇن يىللىق قوشنامدىن مەھرۇم قىلدى. ئىلگىرى مەن ئۇلارغا ئاتا ئىدىم. ھازىر ئۇلار ماڭا «ئاتا» بولغىلى تۇرۇۋاتىدۇ. نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇم ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس. «ئەركىنلىك» دېسە نېمىكىن دەپتىكەنمەن، مانا ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم. بۇ جاھاننىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكى كىشىلەر دەپ يۈرگەن ئاشۇ نەرسىگە باغلىنىپ كەتكەنىكەن. شۇ تاپتا مايسە ئىككىمىزنىڭ قانىتى سۇنغان، قەپەسكە سولانغان قۇشتىن نېمە پەرقىمىز قالدى زىياۋۇدۇن. ئادەم قېرىسا ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، بولۇپمۇ يېزا يېرىدە.

— ئاڭلىسام، مايسىگۈلنى يېزا بازىرىدىكى بالىسى ئېلىپ كېتىپتۇدەكقۇ؟

— خەۋىرىم بار.
— ئۇنىڭدىن ئۇمىدىڭنى ئۈز. قول يەتمىگەن شاپتۇلنى ئالمەن دېسەڭ بوينىڭنى ئاغرىتىۋالغىنىڭ قالىدۇ بىكار.
— يامىنى كەلسە قايرىلىپ كېتەر، — دېدى نۇراخۇن بوۋاي كەسكىنلا قىلىپ، — ئەمدى نېمىگە تارتىنشقۇچىلىكىم قالدى مېنىڭ. بىر بولسا تەركىدۇنيا بولىمەن؛ بىر بولسا مايسەنى ئاپقېچىپ، يىراقلارغا ئۇلار مەڭگۇ كۆرەلمەيدىغان يەرلەرگە كېتىمەن.
— ئاپقېچىپ؟ — زىياۋۇدۇن بوۋاي ھەيران قالدى، نېرۋاڭ جايىدىمۇ سېنىڭ، ئەستا... ئاپقېچىپ دە، مۇشۇ ھالىڭ بىلەن نەگىچە ئاپقېچىپ بارالايسەن ھوي ئالجىغان ئاشىق؟ كەتمەن تۇتۇپ بوز چاپالامسەن، سۇ تۇتالامسەن؟ ئورما ئوروپ، خامان تېپەلەمسەن؟ ياكى بىرەرسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ يۇندىپۇرۇشلىقىنى قىلالامسەن؟ يىراقلارغا كەتسەڭ شامال يەپ، بوران كېكىرىپ يۈرۈيدىغان ئىش يوق، جان بېقىش ئۈچۈن كۈچ بولسا، قۇۋۋەت بولسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر يىل دېگەننىڭ ئاپتاپلىق كۈنلىرى، جۇدۇن - چاپقۇنلۇق تۈنلىرى بار. ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ يۈرۈيدىغان ئىش نەدە باركەن؟
— ئۇ تەرىپىنى ئويلىمىدى دەمسەن، — دېدى نۇراخۇن بوۋاي قىسقا كەكە ساقىلىنى غىجىملاپ قويۇپ، — ئۆلۈككە گۆر، تىرىككە ماكان چىقماي قالماس، ئېغىرىمىزنى يەر، رىزقىمىزنى ئاللاھ كۆتۈرىدۇ. باللار مەن كۆتكەن نەرسىنى بەرمىگەنىكەن، مەن ئۇلاردىن تەلەپ قىلىپ

ئولتۇرمايمەن.

— سەن... ساراڭ بوپسەن نۇر...

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ.

— مايسىگۈل قوشۇلمىسىچۇ؟

— ھازىرچە بۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى — ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش.

لېكىن، ئۇنىڭغا مايسىگۈل موماي بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى نېسىپ بولمىدى، مايسىگۈل مومايمۇ شۇ كەتكەنچە مەھەللىدە كۆرۈنمىدى. يېزا بازىرىدىكى ئوغلى نۇردۇن ئۇنى تۇتۇپ قالغانىدى. ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇز ساناش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئاشىقلىرىمىز ئۈچۈن ھەر كۈن، ھەر سائەتنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىتلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. نۇراخۇن بوۋاي شۇ جەريانداا يېزا بازىرىغا قانچە قېتىملاپ بېرىپ، موماي تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىدىن پوقتەك سوۋۇپ يېنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى، بىغىر رەڭ سىر بىلەن سىرلانغان قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازا ھەمىشەم تاقاقلىق تۇراتتى. بۇ دەرۋازا پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئېگىزدىن - ئېگىز تاملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، رىۋايەتلەردىكى كىرسە چىققىلى بولمايدىغان سىرلىق كۆيىقاپنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئامراق ئادىمى مانا شۇ كۆيىقاپنىڭ ئىچىدە ئاز كەم يېرىم يىل سولۇنۇپ ياتتى. ھېلىمۇ يېتىۋاتاتتى. يەنە قانچىلىق ياتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايتتى، ئۇنىڭ ئەس - يادى، پىكرى - خىيالىغا موماي بىلەن كۆرۈشۈش تەقەززاسىدىن باشقا ھېچ نەرسە كىرىپ چىقمايتتى، مومايىنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆڭلىدە يىغلىپ قالغان تۇرغۇن ـ تۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى. بوۋاينىڭ ئەنە شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن قېنىپ ـ قېنىپ مۇڭداشقىسى كېلەتتى ئارىدىكى تام. . . بىغىر رەڭ دەرۋازا. . .

تامنى ئادەملەر قوپۇرىدۇ، دەرۋازىنىمۇ ئادەملەر ياسايدۇ. تاقالغان نەرسىنىڭ ئېچىلمىغى بارغۇ ئاخىر.

دەرۋازا ئاخىر ئېچىلدى، بۇ — يەرلەر توڭلاپ، سوغ ئوبدانلا چۈشكەن قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، نۇراخۇن بوۋاي يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنىنىڭ دېرىزىسىدىن بۇنى ئېنىق كۆردى. موماينىڭ كەنجى ئوغلى نۇردۇن بېشىغا پوكۋاي ياغلىقنى ئوراپ چىگىۋالغان بىرسىنى قول هارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قورۇدىن چىقىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل دوختۇرخانە تەرەپكە ماڭغاندەك قىلدى، نۇراخۇن بوۋاينىڭ يۈرىكى ئەنسىز ئاغدى، ئۇ بىردەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، ئۇ يېزا دوختۇرخانىسىغا يېتىپ بارغاندا ئانىسىنى قولتۇقىدىن يۆلىۋالغان نۇردۇن ئامبولاتورىيە بۆلۈمىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. بوۋاي بىلەن نۇردۇننىڭ كۆزى ئۇچراشتى. نۇردۇن نۇراخۇن بوۋاينى كۆرۈپلا چىرايى ئۆڭدى. نۇراخۇن بوۋايغا ئەھۋال سوراپ قويۇشقىمۇ پۇرسەت بولمىدى. نۇردۇن ئانىسىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، دۈمبىسىنى بوۋايغا قىلىپ، يانداپ ئۆتۈپ كەتتى ۋە قاتار تۇرغان بالنىستلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كەتتى، نۇراخۇن بوۋاي ئورنىدا مىقلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا مايسىگۈل موماينىڭ هالى خېلىلا ئېغىردەك

قىلاتتى. ئۇ ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ كېتىپ بوۋايغا دىققەت قىلمىدى، بوۋايمۇ قېلىن پۈركەنچە ئىچىگە ئېلىنغان مومايىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى، نۇردۇن ھايال ئۆتمەي بالنىستىن ئۆزى يالغۇز چىقىپ، كۆزىنى بالنىستىن ئىشىكىدىن ئۇزمەي قاراپ تۇرغان بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى چەللە ـ باراڭغا چىقىپ، چىرايى ئاجايىپ سەتلىشىپ كەتكەنىدى.

— سەن ئەگىشىپ كەلمىگەن، — دېدى ئۇ سالام ـ سائەت دېگەننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، — مۇشۇ يەر قالدىمۇ ئەمدى؟

— ئاناڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ئاۋۋال ماڭا شۇنى دېگىنە.

— يامان دېسەم ئاغرىقىنى تەڭ تارتىشىپ بەرمەيسەن، — نۇردۇننىڭ تەلەپپۇزى بەكلا قوپال ئىدى، — ئارامىدا قوياي دېسەڭ ئاستا كېتىۋال، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمە.

— ماڭا قارا بالام، — دېدى نۇراخۇن بوۋاي سىپايىلىق بىلەن، — مەن ساڭا دېسەم...

— نېمىنى دەيسەن؟ ھەپتىدە بىر بوسۇغامنى ئەگىپ يۈرگىنىڭنىمۇ؟ قاچانغىچە قىرىمىغان باش، ئاقارمىغان چاچ بۇ نۇراخۇنكا، سەن بىلەن قوشنا ئولتۇرۇپ قالغىنىمىزغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئاشۇ ئۇزۇن يىللىق قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزى، ساقىلىڭنىڭ ھۆرمىتىنى دېمىسەم ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بارئىدى. خەير، كۆڭلۈڭنى ئايىدىم. سەنمۇ بىزنى ياشىغىلى قوي.

شۇ كېچىسى نۇراخۇن بوۋاي تاڭ ئاتقۇچە

ئۇخلىيالمىدى، ئەتىسى ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ دوختۇرخانىغا يەنە باردى. بىراق، بالنىستلارنى بىرمۇ - بىر ئاختۇرۇپ مايسىگۇل مومايىنى تاپالمىدى.

ئۇنىڭ مەنىسىز كۈنلىرى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇيقۇسىز تۈنلىرى يەنە باشلاندى، بەزىدە ئۇ ئۇلۇمنىمۇ سېغىنىپ قالاتتى، تىرىك تۇرۇپ گۆر ئازابىنى تارتقاندىن كۆرە مايسىگۇل مومايدىن بۇرۇنراق بېرىپ ئىككى مېتىر يەر ئاستىدا خاتىرجەم يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى، لېكىن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەركىمنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك بولمايدىكەن. قىش كېتىپ، ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەن چىرايلىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى زىياۋۇدۇن بوۋاي نۇراخۇن بوۋايلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئەنسىز قاقتى.

— نېمە گەپ؟ — دېدى ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر ئەندىشىنى سەزگەن نۇراخۇن بوۋاي ئاغىنىسىنى ئۆيگە باشلاشنىمۇ ئۇنتۇپ.

— كۆڭلۈڭ ئەسكى بولمىسۇن نۇر، — زىياۋۇدۇن بوۋاينىڭ ئاۋازى قايغۇلۇق ئىدى، رەھمەتلىك جايىنى تېپىپتۇ، پەتىگە بېرىپ كېلەيلى دەپ كەلدىم.

نۇراخۇن بوۋاي دەرۋازا ئالدىدىكى ياغاچ ئورۇندۇققا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، جىن چىراغتەك پىلدىرلاپ قالغان بىر جۈپ كۆزى توچكىدەك قېتىپ قالدى. ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. بىر چاغدا ئۇ ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي ئۆيگە قاراپ ماڭدى، دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىۋەتتى. شۇ كۈنى ئۇ پەتىگىمۇ بارمىدى، نامازغىمۇ قاتناشمىدى.

ئۇچىنچى كۈنى نامازشام مەزگىلىدە مايسىگۈل موماينىڭ قەبرىسى ئالدىدا پەيدا بولدى، ئەتراپ جىمجىت قەبرىستانلىق ئۈستىدە كۆكۈش تۇمان لەيلەپ تۇراتتى، ئىزغىرىن شامال ئەمەن، شۋاق ھىدىنى دىماغلارغا ئۇراتتى، نۇراخۇن بوۋاي قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىسقىلا قىرائەت قىلدى. قىرائەتتىن كېيىن يانچۇقىغا ئېلىۋالغان بىر ئوچۇم تېرىقنى تېخى توپىسى قاتمىغان قەبرە ئۈستىگە تەكشى قىلىپ چاچتى. ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى ئالدىرىماي تۈگەتكەندىن كېيىن، يېپىلىپ كېلىۋاتقان تۈن پەردىسى ئىچىدە ئاياغلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يۆتكەپ قەبرە بېشىدىن غايىب بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ نۇراخۇن بوۋاي مەھەللىدىن يوقالدى. ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە ماڭغانلىقى، نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

1999 يىل 4 ـ ئاي، غۇلجا

# «داڭگال» ئابىدىسى

(ئۇستازىم تۇرسۇن زىرىدىننى ئەسلەيمەن)

سىم ـ سىم يامغۇر بىلەن باشلانغان غۇلجىنىڭ باش باھارى كۆتمىگەن يەردىن بېشىمىزغا تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىر سايىنى تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ سايە — ماتەم سايىسى ئىدى. ئىلى ئۇيغۇرلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىپايان زېمىنىدا قوشقا ئۆگەتكەن ئۆكۈزدەك ئىندىمەي، يالجىماي، تىنىمسىز ئىشلەپ بېرىۋاتقان بىر سادىق دوستىدىن، چارچىماس چاكىرى، خالىس تۆھپىكارىدىن، قويدەك ياۋاش، قوزىدەك مۇلايىم ھەمراھىدىن، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بۇرادەرلەر، جۇملىدىن ياشلار ئاتا يوللۇق ئادىمى، مېھرىبان ئۇستازى، مىننەتسىز، تەمەسىز پەرۋىشكارىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

1998 ـ يىلى 30 ـ مارت كەچقۇرۇن ئىلى ئوبلاستلىق «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىدىن تۇيۇقسىز ئۇچۇپ چىققان بىر شۇم خەۋەر سۇر رەڭ بۇلۇتلار ئېسىلىپ تۇرغان غۇلجا ئاسمىنىنى دەخلىسىز كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆي ـ ئۆيلەرگە تارقىلىپ، بىر كۆنلۈك ئەمگەكتىن چارچىغان ئاياغلىرىنى ئەمدىلا كىگىز ئۈستىگە ئېلىپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ تاشلىدى.

— تۇرسۇن زىرىدىن قازا قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

— نېمە؟

— قازا قىپتۇ،

— قازا؟!

شۇنداق، ئۆمرىنى ئىلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئېچىلمىغان تىڭغا ئوخشاش كۆچ ۋە بەدەل تەلەپ قىلىپ ياتقان بۇ ساھەگە ئۆزىنىڭ ھالال، مىننەتسىز تەرىنى ئايىماي تۆكۈپ كېلىۋاتقان ئاتاقلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، توپلىغۇچىسى، ھۆرمەتكە ۋە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان تەۋەررۈك شائىرىمىز تۇرسۇن زىرىدىن ئەپەندى تۇيۇقسىز يىقىلغان سەۋەب بىلەن ئۆرە بولالماي، ئالمى پانىيدىن ئالمى باقىيغا سەپەر قىلغانىدى.

باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا مەنمۇ بىر ئويلىسا چۈشكە، يەنە بىر ئويلىسا چاقچاققا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ خەۋەرگە دەسلەپتە ئىشەنگۈم كەلمەي بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ مۇقەررەرلىك ئالدانغان نېرۋىلىرىمدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان مۇتلەق پاكىتنى ئالدىمغا تاشلاپ قويغاندا بولسا كۆزلىرىمىزدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى. ئەدەبىي ئىجادىيەت كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ، ئاڭسىز ھالدا قولۇمغا قەلەم ئالغان ۋە بۇ يولدا «تام» ياقىلاپ تەم ـ تەم مېڭىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، سۆيۈملۈك ئۇستازىم تۇرسۇن زىرىدىن ئەپەندىنىڭ ئاتىلارچە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن باشلىرىمنى سىلاپ، «مېڭىش» نىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكەن چاغلىرىنى يادىمغا ئېلىپ ئۈنسىز يىغلىۋەتتىم.

مېنىڭ بۇ تەۋەرۈك ئۇستاز بىلەن تونۇشقان ۋاقتىم تېخى تونۇگۈنكىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ، مەن 1983 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىلى ئوبلاستلىق مالىيە - سودا مەكتىپىگە ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز، يازغۇچى ئابدۇغوپۇر ئابدۇراخمان ماڭا:

— ئۇكام، سېنىڭ هازىرقى ئوقۇشۇڭ ئۆزۈڭ قىزىقىدىغان كەسىپ بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ روهىڭنى چۈشۈرمەي داۋاملىق يېزىپ تۇر. دۇنيادا مەخسۇس كەسىپ ئوقۇمايمۇ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ شۆهرەت قازانغان يازغۇچى، شائىرلار ئاز ئەمەس، مەن ئۆتكەندە تۇنجى شېئىرىڭنى «ئىلى گېزىتى»گە ئەكىرىپ بەرگەندە شائىر تۇرسۇن زىرىدىنغا گېپىڭنى قىلىپ بەرگەن، ئەمدى سەن بۇنىڭدىن كېيىن يازغان نەرسىلىرىڭنى ئۇدۇل شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ، تۇرسۇن زىرىدىنغا بەر، ئۇ ياخشى ئادەم، كېيىنچە چۈشىنىپ قالىسەن، — دېگەنىدى.

مەن ئوقۇتقۇچىمنىڭ دېگىنى بويىچە 1984 - يىلى باهار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قاغا پۈتى خەتلىرىم بىلەن ئاققا كۆچۈرۈلگەن بىرقانچە پارچە شېئىرىمنى ئېلىپ، غۇلجا شەهەر ئەخمەتجان كوچىسىدىكى «ئىلى گېزىتى» ئۇيغۇر تەهرىر بۆلۈمىگە تولىمۇ ئەيمىنىش، قورۇنۇش ئىچىدە كىرىپ كەلدىم. مەن تېخى دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە كۆرۈش ئالدىدا تۇرغان شائىر تۇرسۇن زىرىدىن هەم شۇنىڭغا ئوخشاش «يازغۇچى، شائىر» ئاتالغان كىشىلەر شۇ چاغدىكى نەزىرىمدە ئىنتايىن سۈرلۈك، تەكەببۇر،

گەپنى ئاز، خىيالنى كۆپ قىلمىدىغان، ئۆزىنى سالاپەتلىك تۇتمىدىغان، بىزگە ئوخشاش ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يۈرگەن سويىملار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا ھەپىلىسى يوق كىشىلەر ئىدى. خىيالىمدا ساپاسى يوق كىيىملىرىم، توپا يېغىپ تۇرغان كۆرۈمسىز تۇرقۇم، رەزگــــى، خۇنۇك چىرايىمنى ھېلىقى سۇرلۇك، بەھەيۋەت «يازغۇچـــى، شائىر»لار ئالدىدا قويۇپ دەڭسەپ تىترەپ كەتتىم، شۇ مىنۇتتا ئوقۇغۇچىمىزنىــڭ شائىـــر تۇرسۇن زېرىدىن ھەققىدىكى گېپى يادىمغا يەتمىگەن بولسا ئېھتىمال تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي قايتىپ كەتكەنمۇ بولاتتىم.

— تۇرسۇنكا، بۇ بالا سىز بىلەن كۆرۈشمىدىكەن، — دېدى ياشقىنا بىرەيلەن بۆلۈڭدىكى ئۈستەلدە كۆزئەينەك تاقاپ، بېشىنى كۆتۈرمەي بىرنەرسە يېزىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياش كىشىگە.

تۇرسۇن زېرىدىن دېگەن كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى مەن تەرەپكە ئاغدۇردى، ھەيران بولدۇم، خىيالىمدىكى شائىر تۇرسۇن زېرىدىن بىلەن ئالدىمدىكى تۇرسۇن زېرىدىن ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار ئىدى، ئالدىمدا ئادەتتىكى، رەتلىك كىيىنگەن، چاچلىرىنى يېشىــدىن بۇرۇن ئاق ئارىلىـــغان، كۆزىدىن كۈلكە، چېھرىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان سىپايە بىر كىشى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا ئۆزۈڭنــى ئازادە تۇتۇشقا ھەر قانچە تىرىشساڭمۇ تەھرىر بۆلۈم دېگەننىڭ سۈرى يەنە باشقىچە بولىدىكەن. مەن ھودۇقۇش ئىچىدە تۇرسۇن زېرىدىن ئاكىغا قول ئۇزاتتىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— دېدى ئۇ كىشى مېنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ،— ھە، ئەسەر ئەكەلدىڭمۇ ئوغلۇم؟

مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىمنى تۇرسۇن زېرىدىن ئاكىغا بەردىم. ئۇ شېئىرلىرىمغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ:

— ۋۇي، سەن ھېلىقى ئابدۇغوپۇر گېپىنى قىلىپ بەرگەن سەھرالىق داڭگال بولامسەن نېمە؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ھەئە.

— خاتالاشمىسام مەمەيۈزىلىك بولىسەنغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— مانا قارا، ھەر ئىككىمىز قاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان سىپى ئۆزىدىن «داڭگال» لار ئىكەنمىز،— دەپ كۇلدى ئۇ،— مەن چوڭ داڭگال، سەن كىچىك داڭگال، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئاتىشايلى بولامدۇ؟

ئەدەبىي ئىجادىيىتىمنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن بىۋاسىتە ئاساس سالغان ئۇستازىم تۇرسۇن زېرىدىننىڭ شۇ چاغدا ماڭا بەرگەن تۇنجى تەسىرى ئەنە شۇنداق تەبىئىي ۋە ئۇنتۇلغۇسىز بولغانىدى. ئۇنىڭ قويۇق يېزا تەلەپپۇزىدىكى يېقىملىق، يۇمۇرىستىك گەپلىرى ۋۇجۇدۇمدىكى قورۇنۇش، ياتسىراشقا ئوخشاش ئالامەتلەرنى سىقىپ چىقىرىپ، مېنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى. قايتىدىغان ۋاقتىمدا ئۇ:

— ئۆتكەن يىلى باللار بايرىمىدا گېزىتىمىزگە

بىرىلگەن ھېلىقى شېئىرىڭ ياخشى چىقىپتىكەن. ئېمىسى نېمىدى؟ ھە توغرا «بىزمۇ ئۇچىمىز»، ئارزۇ، غايەڭنى كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشىڭنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. بىراق ئۇچۇمەن دەپ بۆدۈنىنى دوراپ قالما جومۇ،— دەپ قوشۇپ قويغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پات - پات گېزىتخانىغا بېرىپ تۇرىدىغان بولدۇم. بولۇپمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان يازلىق تەتىللەردە، تەتىلنى توشقۇزۇپ گېزىتخانىغا بېرىشقا ئالدىراپ كېتەتتىم، يازغان نەرسىلىرىمنى ئۇدۇللۇق ئەكېلىپ تۇرسۇن زېرىدىن ئاكىغا بېرەتتىم. بەرگەن ئەسەرلىرىم ئىچىدە بالىلارچە تەسەۋۋۇر بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرىممۇ، يۇزەكى تۇرمۇش تەسىراتىدىن تۇزگەن ھېكايىلىرىممۇ بار ئىدى.

— كەلدىڭمۇ كىچىك داڭگال،— دەيتتى ئۇ ئىشكتىن كىرىشىمگىلا چاقچاق قىلىپ،— قارا، تەتىلدە سەھرانىڭ، مەمەيۇزىنىڭ ئاپتاپلىرى چىقىپ كەتتىمۇ نېمە، جۇدەپ، قارىداپلا كېتىپسەنغۇ، ياز، كۆپ ئوقۇپ، كۆپ ياز. تۇرمۇشنى، تەبىئەتنى كۆزىتىشنى ئۆگەن، شېئىر دېگەن سەھرادا، ھەر گىياھ، ھەربىر چېچەكنىڭ ئۆزى بىر شېئىر. يازغان چاغدا مۇمكىن بار «مەتبۇئات» دېگەن ئۇقۇمنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت، بولمىسا ئەسىرىڭ چولتا چىقىپ قالىدۇ.

بىر كۇنى گېزىتخانىغا بارسام ئۇستازىم تۇرسۇن زېرىدىن ماڭا:

— تەتىلدە يېزىپ ئەكەلگەن شېئىرلىرىڭدىن قارا داڭگال، بىر پارچە شېئىرىڭ بىلەن مۇخەممىسىڭنى «ئىلى

دەرياسى»غا ئاپىرىپ بەردىم. ئۇلار ژۇرنالغا ئىشلىتىدىغان بولدى، ۋاقتىڭ يەتسە مەن سېنى باشلاپ باراي، پاراڭلىشىپ كەل، ئۇ يەردە ئابلىز ھوشۇر، يەنە ساڭا ئوخشاش يېتىمچىلىكتە ئۆسكەن مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىلىرىڭ بار. پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ كېلىسەن، — دېدى.

مەن «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدىكىلەر بىلەن دەسلەپتە ئەنە شۇ تۇرسۇن زىرىدىن ئەپەندى ئارقىلىق تونۇشقانىدىم. ئۇنىڭ گېزىت ۋە ژۇرنالنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت باغچىسىغا سۆرەپ كىرگەن ماڭا ئوخشاش يېزىلىق «داڭگال»لىرىمۇ، شەھەرلىك ئەتىۋار «ساقا»لىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بىزگە كېيىنكى كۈنلەردە «ئايخان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «كۆز يامغۇرى»، «ساۋاقداشلار»غا ئوخشاش نەچچە ئونلىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنى، «قۇم باسقان شەھەر»گە ئوخشاش شاھانە رومانلارنى يېزىپ بېرىپ، بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىمىزدا ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن مەمتىمىن ھوشۇردىن تارتىپ، ئىزدىنىش روھىغا باي يېڭى - يېڭى ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىز ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغاپ كېلىۋاتقان پەرھات ئىلياس، پەرھات جامال، ئابلىكىم ھەسەن قاتارلىق ياش شائىرلىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا تۇرسۇن زىرىدىن ئەپەندىنىڭ بىۋاستە يېتەكلىشى، يول كۆرسىتىشى ۋە پەرۋىشىنى قوبۇل قىلغانلار ئىدى. تۇرسۇن زىرىدىن ئەپەندىنىڭ چوڭقۇر، مەنىلىك قىلىپ ئېيتقان بىر جۈملە سۆزى زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ دەل يېڭى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان ۋاقتىم ئىدى.

— خوش، كىچىك داڭگال،— دېگەنىدى ئۇ مۇرەمگە يېنىك شاپىلاقلاپ تۇرۇپ،— مانا ئەمدى قانات-قۇيرۇقۇڭ يېتىلىپ، ئۇچۇمۇ بولۇپ قالدىڭ. شۇ تاپتا سەن بىر جەڭگاھقا كىرىپ كېتىۋاتىسەن، ئالدىڭدا نۇرغۇن ئىمتىھانلار بار، ھايات دېگەن دولقۇنلۇق دېڭىزدىكى تەنھا قۇلۋاقتا ئوخشاش نەرسە، تۇيۇقسىز بېسىپ كېلىدىغان جۇدۇن - چاپقۇندىن خالىي بولماق تەس. شۇنداق چاغدا ئاسانلا ئېزىلىپ كېتىدىغان «داڭگال» لاردىن بولۇپ قالما جۇمۇ.

كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، ئۇ دۇنياغا ياشلا كېتىپ قالغان رەھمەتلىك ئاتا - ئانام ئۆمرىدە ھاياتنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن. قىسقىسى، قورسىقى تويغۇدەك بىر قاچا لەڭمەننى يېيەلمەي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەملەر ئىدى. مېنىڭ ئۇلاردىن بىردىنبىر پەخىرلىنىدىغان يېرىم — تۇرمۇشىمىز شۇ دەرىجىدە غۇرىگۇل بولسىمۇ ئۆزىنىڭ بىر بۇردا نېنىنى ھالاللاپ يەپ، بىر چىنە قايناقسۇيىنى خاتىرجەم ئىچىپ، باشقىلارنىڭ نەزەرىدە شۇنداقمۇ ئىنسانلارنىڭ بارلىقىنى سەمگە سېلىپ قويۇپ كەتكەنلىكىدە ئىدى. شۇڭا، دەرھاللا ئۇستازىم تۇرسۇن زىرىدىنىڭ گېپىگە جاۋابەن:

— خاتىرجەم بولۇڭ ئۇستاز، ئاتامنىڭ قېنى تومۇرۇمدا ئېقىپلا تۇرىدىكەن، ھەرگىز ئۇنداق ئاسان ئېزىلىپ كېتىدىغان داڭگاللاردىن بولمايمەن،— دېدىم.

ئۇستازىم كۈلۈپ كېتىپ:

— ئادەمنىڭ قەدرى - قىممىتىمۇ دەل شۇ يەردە، ئەمما مەن ساڭا ئىشىنىمەن،— دېدى - دە، ئارقىدىنلا،— ھازىر نەدە

قالاي دەۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— شەھەرگىمۇ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، — دېدىمەن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ، — بىراق بىزدەك بىر يالاڭتۆش دېھقاننىڭ پۇشتىغا تەييار ئورۇن نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز، ياخشىسى ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلماي يېزامغىلا چىقىپ كېتەيمىكىن دەۋاتىمەن.

— قاملاشمىغان گەپنى قوي، — چىرايى جىددىي تۈس ئالدى ئۇستازنىڭ، — مەنمۇ سېنىڭ غېمىڭنى خېلىدىن بېرى قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. باشتا گېزىتخانا ئېلىپ قېلىشقا قوشۇلغان، بىراق ھازىر بۇ ئىشقا چېچەك چىقىپ قالدى. ھېلىمۇ كېرەك يوق، ھازىر مەن ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى رۇقىيە سابىرغا قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي، ئۇنى ئېلىپ بار. ئۇلارغا مۇخبىر كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، ئۇستازىم تۇرسۇن زېرىدىننىڭ شۇ بىر پارچە خېتى بىلەن ھازىرقى خىزمەت ئورنۇم — ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا ئورۇنلىشىپ قالغانىدىم. ئارىدىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئونبىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا قاش - كۆزىنى يىلاننىڭ تىلىدەك ئوينىتىپ، ئايدىڭ كېچىلىرى غۇلجىنىڭ ئاكاتسىيە دەرەخلىرى قاراڭغۇ سايە تاشلاپ تۇرغان كوچىلىرىدا «تۇگىمەس ناخشا»نى چاڭ كەلتۈرۈپ توۋلاپ، يۈرگەن شوخ، ھېسسىياتچان، تەنتەك يىگىت بۈگۈن قارىچىغىدەك ئىككى ئوغۇلنىڭ ئاتىسىغا، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىران ئەرگە ئايلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا بىر تەرەپتىن خىزمەت، يەنە بىر تەرەپتىن جان بېقىش، تىرىكچىلىك

قىلىش سەۋداسىدا مۈكىدەك چىپىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇستازىم تۇرسۇن زېرىدىن بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت خۇسۇسىدا قانغۇچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇش پۇرسىتىنى چىقىرالمىغان بولساممۇ، ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىشخانىسى ياكى ئۆيىگە بارسام يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، قانداقتۇر بىر يىرتىلىپ كەتكەن ئەسكى قەغەز پارچىلىرى، تاشلىرى تىتىلىپ، ۋاراقلىرى سارغىيىپ، جىنى ئارانلا قالغان قولىيازمىلار ئارىسىدىن بىرنېمىلەرنى خاتىرىلەپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرەتتىم. ئۇنىڭ ئالدىغا سەل ئېگىلگەن زەبەردەس قامىتىگە كۆمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرى، دائىم تەبەسسۇم كەتمەيدىغان گۈلگۈن چىرايى ۋە يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆز ئەينىكى ئاستىدىكى خىيالچان كۆزلىرى قوشۇلۇپ دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان خىزىر سۈپەت ئاتىنىڭ سىياقىنى ئەسلىتەتتى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ئىشى قارىماققا ئاساندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇمۇ نۆۋىتىدە ئۆزىگە چۇشلۇق ئەمگەك ۋە بەدەل تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ھەم جاۋابكارلىقى كۈچلۈك ئىش. «قايتا ئىجاد قىلىش» خاراكتېرىنى ئالغان بۇ ئىشتا تارىخقا، ئەۋلادلارغا يۈز كېلىش ئۈچۈن تىنىماي ئىزدىنىشكە، ئايىغىنىڭ چەمى چۈشۈپ قالغۇچە قاتراشقا، نۆۋىتى كەلسە بەدىئىي ئەسەر ئاپتورلىرىمۇ تارتىپ كۆرمىگەن زەھەردەك ئاچچىق تولغاقلارنى تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. بەدىئىي ئەسەرلەر تەپەككۇر ۋە ھېسسىيات دولقۇنلىرىنىڭ مەۋجىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ. ئەمما، بىز

دەۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ئىشى ئۇنداق نازۇك ھېسسىياتلار بىلەن، ئەمەتنىڭ بۆكــى، سەمەتنىڭ چاپىنى، مەمەتنىڭ ئايىغىنى ئېلىپ ئىككىنچى بىر ھېيتمەمەتنــى ياساپ قويسا بولــــۇۋېرىدىغان ساقتا كۆرۈنۈشلەر بىلەن مۇتلەق چىقىشالمايدۇ. خۇددى قانۇن ھېسسىيات بىلەن چىقىشالمىغىنىغا ئوخشاش، شۇڭا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس. كاللىسى خورىماس، جېنى ئۇپرىماس، ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە كىشىلەرلا بۇ ئىشنىڭ، بۇ خىزمەتنىــڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئىلى رايونىدا مەرھۇم تۇرسۇن زېرىدىن ئەپەندىدەك مۇشۇ ساھەگە ئۆزىنى شۇ دەرىجىدە بېغىشلىيالىغان، قۇربان قىلالىغان ئىككىنچى بىر كىشى بارمۇ؟ يوق، بىراق مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا بىز ئۇچۇن، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇچۇن بىر ئۆمۈر قىلىپ بەرگەن ئەمگىكى ھۆرمىتىگە لايىقىدا قەدىر - قىممىتىنى قىلىپ قويالمىغانلىقىمىزنى ئويلىسام، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكۈنىمەن.

«ئىلى» نامى بىلەن باغلانغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قايسى تۈرىگە بولسۇن، ئۇنىڭ قىممەتلىك ئەجرى، پۇل ۋە تارازىدا ئۆلچەپ بولغىلــى بولمايدىغان بىــباھا قان تەرى سىــــڭگەن. داستانلار، قوشاقلار، چۆچەكلەر، خەلق ماقال - تەمسىللىــرىنــــى توپلاش، رەتلەشتىن سىرت، ئىلىدا ياشاپ، ئىــلىـــدا ئۆتكەن كلاسسىكلار، ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن خەلق شائىرلىرى، مۇھىم تارىخىي شەخسلەر، قوشاقچـــى، ناخشىچى، قىزىقچىلار، قىسقىسى، يەسلى ناخشىلىرىدىن

تارتىپ باللار قوشاقلىرى، ئويۇنلىرىغىچە بولغان كەڭ، بىپايان تىنىڭنى ئىچىش — بۇ چارچىماس، ئۇپرىماس، يالجىماس ئۇستازنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسى ئىدى. ئۇ، بۇ ساھەدە ئاز بولمىغان ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېرىشكەن نەرسىلىرىنىڭ تېخى ئېرىشمىگەن نەرسىلىرىگە قارىغاندا ئىنتايىن ئازلىقىنى ھېس قىلاتتى، ھېس قىلغانسېرى ئىچ ـ ئىچىدىن تىتىلدايتتى، جىم ياتماي چاپاتتى، ئىزدىنەتتى. سېرىق تۇك مەزگىلىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن قارا يېتىم قالغان، ئۈسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئابرال ئېتىكى، قاش دەرياسى بويىدىكى ئېرەنلىك، توقايلىقلاردا يالاڭ ئاياغ پادا بېقىپ، دالا تۇرمۇشىدا چېنىقىپ كەتكەن بۇ سۆيۈملۈك ئۇستاز چېپىپ، چېپىپ ھارمايتتى. ئىلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت مەجمۇئە، كىتابلارنىڭ ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان ھەر بىر بەت، ھەر بىر قۇر، ھەر بىر جۈملىسىدە ئۇنىڭ شولىسى، سۈرىتى، ئوبرازى بار ئىدى. يىللارنىڭ ئوخشىمىغان جۇدۇن ـ چاپقۇنلىرىغا يەم بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ قويۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ئاشۇ بىباھا مىراسلىرىمىزنى يورۇقلۇققا چىقىرىش، ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئۈچۈن تىنىماي قاتىراپ كېلىۋاتقان بۇ مۆتىۋەر قەلەمكەشنىڭ مۇبارەك ئىزلىرى نە ـ نەلەردە قالمىدى دەيسىز. ئىلى دەريا بويىدىكى بوستانلىق مەھەللىلەردە، ئابرال ئېتىكىدىكى يېزىلاردا، دىلمۇك، تېكىلىخان باغلىرىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا، نىلقا، تېكەس، مۇڭغۇلكۈرە دالىلىرىدا، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدە، مەشرەپ قايىنىغان سورۇنلىرىدا، كاسىپلار،

دېھقانلار، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئىشى ئالدى، ھويلىلىرىدا ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى ئۇچرىتىمىز، ئەلۋەتتە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىلى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يورۇقلۇققا چىققان مېۋىلىرى ئۇنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن، ئىسمى ۋە جىسمى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن. خۇددي ئىلىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇنى، ياكى ئۇ ئىلىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەۋەللۇت قىلغاندەك.

ئەپسۇس، يېشى بىلەن جىسمى قېرىسىمۇ، روھى بىلەن ئىرادىسى تېخى قېرىمىغان تۇرسۇن زېرىدىن ئەپەندى دەم ئېلىشقا چىقىپ بىرگە يەنە تۇرغۇن - تۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە ئۈلگۈرگان چاغدا قەرەلى يوق ئەجەل ئۇنى ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز ئېلىپ كەتتى. ئويلىسام، ئۇستازىم تۇرسۇن زېرىدىن ئەپەندى بىلەن مۇشۇنداق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تونۇشقانىدىم. ئون توت يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى باھاردا... «ياق، ئۇ ئۆلمىدى، ئۇ مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە، ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ باھارغا مەنسۇپ».

1998 - يىل 5 - ئاپرىل، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# قۇمۇل سەپىرىدىكى كۆكۈللۈك كېچە

( ئەسلىمە )

1989 ـ يىلى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئانچە كۆكۈللۈك يىل بولمىغىنىغا ئوخشاش، 1998 ـ يىلىمۇ ئوخشاشلا كۆڭۈلسىز بىر يىل بولدى. نەۋرۇز بايرىمىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى هارماس قەلەمكەش، سۆيۈملۈك ئۇستاز، ئاتاقلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى تۇرسۇن زىرىدىن ئەپەندى تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. مەرھۇم ئۈچۈن باغلىغان ئاقلىرىمىز بىلىمىزدىن چۇشمەي تۇرۇپلا «ئانا زېمىن» ناملىق تۆت توملۇق رومانىنىڭ ئاخىرقى ئىككى تومىنىڭ داۋامىنى غۇلجىدىكى «شەۋكەت ئابدۇش هاجىم سارىيى» دا تاماملاپ، «چىنار ئاشخانىسى» دا بىز بىلەن خوشلىشىپ، ئۇرۇمچىگە خوشال كېتىپ قالغان زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئۆلۈمغۇ هەممىمىزنىڭ بېشىدا بار مۇقەررەرلىك، ئەجەل پەرىشتىسى ۋاقتى ـ سائىتى يەتسە «قوي بىلەن قوزىسى» غا قارىماي، خوش دەۋېلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەي، ئالىدىغان ئامانىتىنى ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ، لېكىن بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىمىز بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئاجايىپ زور ئەمگەكلەرنى قىلىپ بەرگەن بۇ ئىككى گىگانت چىنارنىڭ هاياتلىق ئالىمىدىن شۇنداق تۇيۇقسىز

يېقىنلىشى بىرگە بەكلا تاسادىپىي، بەكلا ئېغىر تۇيۇلدى، ئابرال ئېتىكىدە تۇغۇلۇپ قاش ۋە ئىلى دەريالىرىنىڭ ئۆركىشىدەك جۇشقۇن ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلغان، تۆھمەت يېشى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا پەيغەمبەر قۇرامىدا قازا قىلغان بۇ مۆتىۋەر قەلەمكەشلەر ھازىرقى ھەم بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سانى ۋە ساپاسىغا نىسبەتەن ئالغاندا ئۆزلىرى سۆيگەن كەسىپ دائىرىسىدە ئۆزىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك تارىخىي بۇرچىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلىپ، بىزگە ئۆلمەس ئابىدىلەرنى تىكلەپ بەرگەنىدى.

— چارچاپتىمەن، — دېگەنىدى مەرھۇم زوردۇن سابىر ئەپەندى بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى چاقىرغان ياش ئاپتورلار پروزا ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا بىزگە، — كۆزلىرىمنىڭ قۇۋۋىتى تۈگەپ، بىرمىڭ بەش يۈز گرادۇسلۇق كۆزئەينەكتىمۇ خەت تونۇماس ھالغا كېلىپ قالدىم. يازىدىغان نۇرغۇن تارىخىي تېمىلار بار ئىدى. «ئارمانغا چۇشلۇق دەرمان» بولمايۋاتىدۇ. ھەرھالدا يېڭى يېزىۋاتقان چوڭ ھەجىملىك رومانىمنىڭ ئاخىرىنى بۇ يەردە پۈتتۈرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. ئەمدىكى ئۆمرۈمدە يېزىشنى قويۇپ ئارام ئالايمىكىن، دەۋاتىمەن.

شۇ قېتىمقى سۆھبەت ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئەڭ ئاخىرقى سۆھبەت بولۇپ قالىدىغانلىقى، ئارام ئالاي دېگىنى مەڭگۈلۈك ئارام ئېلىش بولۇپ قالىدىغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن دەيسىلەر؟ مېنىڭ زوردۇن سابىر ئەپەندى بىلەن رەسمىي تونۇشقان ۋاقتىم قىسقا، ئارىلاشقان ۋاقتىم ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان بىرقانچە قېتىملىق

ئۆچرىشىش ۋە سۆھبەتلەر يۈرىكىمدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. «قۇمۇل سەپىرىدىكى كۆڭۈللۈك كېچە» ئەنە شۇ ئۆچرىشىشلارنىڭ بىرى.

× × ×

1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن 8 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا غۇلجىدىن تۆتەيلەن بارىدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ تۆتىمىز پىشقەدەم شائىر مۇھەممەتجان سادىق، يازغۇچى مۆمىن مۇھەممىدىن، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى شاكىرجان ئىسلاجى ۋە مەن ئىدىم. مۇھەممەتجان سادىق بىزدىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن يۈرۈپ كەتكەچكە قالغان ئۈچىمىز 8 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن بىر ئاپتوبۇستا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. 9 ـ ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە بىر كېچە قونۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى، يىغىن ۋاقتى قىستاپ كېلىۋاتاتتى. يەنە بىرەر يېرىم كۈن هايال بولۇپ قالساق يىغىنغا سۆزسىز كېچىكەتتۇق. ئۈچىمىز ئۈچ تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپ، ئەتىسى بىر ـ بىرىمىزنى ئىزدەپ قالىدىغان بىھۇدە ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقمىسۇن، دەپ مۆمىن مەھەممىدىن ئاكىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالدۇق. ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام مۆمىنكام تېلېفون ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ زوردۇن سابىرغا تېلېفون ئۇرۇۋاتقانىكەن.

— ۋەي، زوردۇنما؟ . . . مەن مۆمىن ئاكاڭ، . . . تونۇگۇن كەلگەن. قانداقراق ئۇكا، ئورۇمچىنىڭ مەينەت هاۋاسىدا ئۆپكەڭلارنى بۇلغاپ يۇرىۋەردىڭلارما؟ ۋەھ. . . ھەھ. . . ھەھ. . . بايقاڭلار قادىخان، (مۆمىنىكام ھەر قانداق گېپىدە قادىخان دېگەن ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قارشى تەرەپكە چاقچاق قىلاتتى) بەستىڭلار سوقاسەندەلدەك بولغان بىلەن يۇرىكىڭلار ئاجىزراق. ئۆپكەڭلار بولسىمۇ ساقراق تۇرۇپ تۇرغىنى ياخشى. . .

ئۇلار قىسقىلا پاراڭلاشتى. مەن شۇ يېشىمغىچە ئورۇمچىنىڭ ئوي ـ دۆڭىنى تۈزۈككىنە بىلمەيتتىم. ئەسلى بىز تۇرۇۋاتقان يەر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا يېقىنلا جايدىكەن. چايدىن كېيىن مۆمىنىكام بىزگە:

— هازىر زوردۇننىڭ ئۆيىگە چىقايلى، ئۇ بىزنى ساقلاپ قالدى. ئۇمۇ قۇمۇلغا بارىدىكەن. مۇمكىن بولسا بۈگۈن كەچنىڭ پويىزىدىلا يۇرۇپ كېتەيلى، — دېدى.

ئىلگىرى ياشلىق سەۋداسىنىڭ يۇرەكلەرگە غىل ـ پاللا تاشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن كۆڭۈلسىز ئۇتلىرىنىڭ دەي ـ دەيگە سىيلىشى بىلەن ئورۇمچى دېگەن بۇ چوڭ شەھەرگە بىرقانچە قېتىم بارغان بولسامۇ نەلەرگە بېرىپ، نەلەردە تۇرغانلىقىمنى هازىرغىچە بىلمەيتتىم. دېمەك، مېنىڭ تەلكە ئاتلاپ يىراقلارغا كۆڭۈللۈك سەپەر قىلىشىم مۇشۇ تۇنجى قېتىملىقى دېسەممۇ بولاتتى. قۇمۇل سەپىرى مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك سەپەر ئىكەنلىكى ئۆزۈمگىلا مەلۇم. بىر چاغلاردا كاتتا ـ كاتتا ئەسەرلىرىنى تاللىشىپ يۇرۇپ ئوقۇپ باغرىمىز قانمايدىغان، زوردۇن سابىر دېسە

ئاتىمىز ئورنىدا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە غايىۋانە تەلپۈنىدىغان بۇ سۆيۈملۈك يازغۇچىنىڭ بۈگۈن ھۇزۇرىغا بېرىش پۇرسىتى چىقىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، قۇمۇل سەپىرىدىنمۇ ئۆتە خۇشال بولدۇم. شۇ مىنۇتتا كاللامغا زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيىگە ئادەتتىكىچە كىرىپ - چىقىش ئەمەس، ئۇنىڭ خاس يېزىقچىلىق ئۆيىنى، تۆت تامىنىڭ ئىچىدە تىكەندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش، تارىخنىڭ تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىسى توغرىسىدا چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزۈپ، بىزگە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان ھەم ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان ئاددىي قەلەم، ئاددىي ئورۇندۇق، ئاددىي ئۈستەللەرنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدىن باشقا ھېچ نەرسە كىرىپ چىقمايتتى.

بىز ھېچ قانچە يۈرمەيلا ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئائىلىكلەر قورۇسىغا يېتىپ باردۇق. دىگەنىدەك زوردۇن سابىر ئەپەندى بىزنى ئۆيىدە ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ بىز بىلەن غۇلجا پاسونىدا دولىمىزغا ئۇرۇپ كۆرۈشۈپ، بىرقانچە پەدە ئىلمىي چاقچاق بىلەن كۈتۈۋالدى.

— شۇنداق قىلىپ قادىخان، — دەپ چاقچاق قىلدى مۆمىنىكام، زوردۇن سابىر ئەپەندىگە، — جانابلىرى بىلەن قۇمۇلغا بىللە بېرىش سەپىرى نېسىپ بولۇپ قاپتۇ. شەرىڭگە كېلىپ قالدۇق. قۇمۇلۇڭغا باشلامسەن، ياكى سومبۇلۇڭنىڭ يېنىغا باشلامسەن، گەپ ئۆزۈڭدە قالدى ئۇكا.

زوردۇنكام كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى شۇنچىلىك سىلىق، ئىلمىي ئىدى. تەلەپپۇزىدا شەرقىي

شىنجاڭنىڭ مۇلايىم، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— ئاڭلىسام، ئەخمەت ئىمىن بىلەن قادىر ئارسلانلارمۇ بۇگۈن كەچنىڭ پويىزىدا ماڭغۇدەك، — دېدى ئۇ ئالدىمىزغا داستىخان سېلىۋېتىپ، — ۋوگزالدا يېقىن تونۇشۇم بولىدىغان، شۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ قوياي، ياتاقلىق كارۋات بېلىتى بولسا ئېلىپ قويسۇن.

شۇ ئارىدا چاي ۋە پاراڭ بىلەن بولۇپ بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭ خىيالىم زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىدە ئىدى. سورىماي ئۇدۇللا كىرىپ كېتىۋېرىش بىئەپ بولغاچقا، نەچچە قېتىم تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بوغۇزۇمغا يۇتۇۋەتكەن گېپىمنى ئاخىر تۇتۇۋېلىپ زوردۇن سابىر ئەپەندىدىن سورىدىم:

— يېزىقچىلىق ئۆيىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بىئەدەپلىك بولارمۇ زوردۇنكا؟

— ما ئابدۇرۇسۇلنىڭ گېپىنى قارا، — دەپ كۇلۇپ كەتتى ئۇ، — سىلەر ئۇچۇن ئىشىكىم ھەر قاچان ئوچۇق ئۇكام، يۈرۈڭ، قورۇنسىڭىز ئۆزۈملا باشلاپ كىرەي.

ئارزۇ قىلغان ئۆيگە ئاخىر كىردىم. ئانچە چوڭ بولمىغان يېزىقچىلىق ئۆيى، سول تەرەپتىكى تامدا كىتاب جاۋىنى، جاۋەنگە تورۇس بىلەن تەڭ كىتاب تىزىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنغان كىتابلاردىن سىرت ئىنگلىزچە، خەنزۇچە، ئەرەب، پارس، سىلاۋيان يېزىقلىرىدىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخى ئەدەبىيات، پەلسەپە، پسىخولوگىيە، جۇغراپىيە، ئىنسان ئىلمى ۋە باشقا تەبىئىي پەن - ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت

www.uyghurkitap.com

ماتېرىياللىرىنى قىينالمايلا تاپقىلى بولاتتى. مىڭلىغۇ
هازىرغىچە ئوقۇغان - كۆرگەن كىتابلىرىم چاغلىقلا.
ئۆيۈمدە ساقلاۋاتقان كىتابلىرىمنى تىلغا ئېلىشقا تېخىمۇ
ئەرزىمەيدۇ. زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىگە
كىرىپ ئۆزۈمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قانچىلىك نامرات ۋە
بىچارە ئىكەنلىكىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىشقا
باشلىدىم. مەيلى كىتابخانىغا، مەيلى تونۇش -
بىلىشلىرىمنىڭ ئۆيىگە كىرەي ھەر قانداق چاغدا ھەر
قانداق ئادەمنىڭ كۆزىنى باغلاپ ئۆزۈمدە يوق كىتابلارنى
لەۋمەن پىلتىسىدىن قىلنى سۇغۇرغاندەك تۇيدۇرماي
ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىمنى يوشۇرمايمەن. شۇ تاپتا
مەن ئاشۇ كىتابلارنى سۇلايمان قالپىقىنىڭ ئاستىغا
باستۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ قىلمۇۋالغۇم كېلىپ كەتتى. كىتاب
جاۋىنىغا ياندىپ قويۇلغان يېزىق شىرەسى ئۈستىدە تولىمۇ
قېلىن بىر ئەسەر ئورگىنالى تۇراتتى. ئورگىنال
ئۈستىدىكى قوشۇمچە ۋاراقنىڭ يۈزىگە يوغان قىلىپ
يېزىلغان تۆۋەندىكى خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.

«ئانا زېمىن»

— مانا بۇ، — دېدى زوردۇن سابىر ئەپەندى
ئورگىنالنىڭ ئۈستىنى بوشقىنا بېسىپ قويۇپ، — ئۈچ
يىل ئىلگىرى تۇتۇش قىلىپ قويغان تۆت توملۇق
رومانىمنىڭ ئالدىنقى ئىككى تومى، هازىر بۇنى رەتلەپ
تەييار قىلىپ قويدۇم. نەشرىيات بەك سۈيلەپ
كېتىۋاتىدۇ، قومۇلدىن كېلىپلا ئابدۇراخمان ئەبەيگە
ئاپىرىپ بېرەي دەۋاتىمەن.

ئەدەب يۈزىسىدىنلا ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇردۇم. شۇ تاپتا

مەيلىمچە بولسا پۈتۈن ئۆمرى، پۈتۈن ھاياتى، ئەسلى ـ ۋەسلىنى ئۇيغۇر بوگۈنكى زامان ئەدەبىياتــى ئۈچۈن بېغىشلاپ، مۇشۇ ئۆي، مۇشۇ ئۇستەل، مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئاچچىقتىن ـ ئاچچىق تولغاقلارنى يەپ، قانچە ـ قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، ئالدىدا كۆلكە ـ چاقچاق، كەينىدە پالتا ـ پىچاق كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەرنىڭ روھى جەھەتتىن ئېلىپ كېلىۋاتقان شەپقەتسىز بېسىملىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ساددا، ئاق كۆڭۈل، كەم ئەقىل ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن مانا شۇنداق توم ـ توم ئەسەرلەرنى يېزىپ بېرىۋاتقان بۇ گــگانت ئادەمنىــڭ سۆيۈملۈك ئالىقىنىغا يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيگۈم، چامــم يەتسە بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئۇرۇمچى شەھىرىنــى بىــر پىرقىرىتىپ چىققۇم بار ئىدى. ئىلگىرى مەن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ غۇلجا شەھەر ئۈچدەرۋازىدىكى ئۆيىگە بارغىنىمدا يېزىقچىلىق ئۆيىدىن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا قايتىپ چىققانىدىم. بۇ قېتىم زوردۇن سابىــر ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىن ئەنە شۇ ھالەتتە يېنىپ چىقتىم.

زوردۇنكامنىڭ پويىز ۋوگزالىدىكــى تونۇشىــدىن كەلگەن خەۋەردىن قارىغاندا كارىۋاتلىق ئورۇن بېلىتىنىڭ قالمىغانلىقى مەلۇم بولدى. دېمەك، ئون نەچچە سائەتكە سوزۇلغان، بەش يۈز نەچچە كىلومېتىرلىــق قۇمۇل سەپىرىنى قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بېسىشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. بىز كەچلىك تاماقنى زوردۇنكامنىڭ ھوزۇرىدا يەپ، كەچ سائەت توققۇز يېرىملار بىــلەن ۋوگزالغا باردۇق. بۇ يەرگە كېلىپ ئۇۋىسى بۇزۇلغان بىر توپ ھەرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك باشلىرىم قېيىپلا

كەتتى بىر چاغدا ۋوگزال سۈپىسىدىن ئالدىراش چىقىپ كېتىۋاتاتتۇق، بىز بىلەن ياندىش كېلىۋاتقان زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ تۇيۇقسىزلا بېشى قېيىپ، كۆزلىرى ئىلەشكەندەك بولدى ـ دە، بېقىنىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— زوردۇنكا...؟ — بىز نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدۇق.

— دورام...! — يانچۇقىغا قولىنى ئۇزىتىۋېتىپ پەس ئاۋازدا ئېڭىرىغاندەك قىلدى زوردۇنكام.

مۆمىن مەھەممىدىنىڭ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ زوردۇن سابىر ئەپەندىگە تېلېفون ئۇرغاندا ئۈرۈمچىنىڭ مەينەت ھاۋاسىغا مەرھۇمنىڭ يۈرەك ئاجىزلىقىنى باغلاپ تۇرۇپ قىلغان چاقچىقىنىڭ مەنىسىنى شۇ چاغدا چۈشەنگەندەك بولدۇم. جاپالىق پويىز سەپىرى كۈچ قۇۋۋىتى بار بىزدەك ياشلارغا ئويۇنچۇقنىڭ ئورنىدا بىلىنگىنى بىلەن زوردۇن سابىر ئەپەندىگە ئوخشاش ياشىنىپ قالغان، تېنى ئاجىز كىشىلەرگە تەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئاۋارە تۇرقىغا قاراپ تازا خاتىرجەم بولالمىدىم. شۇ ئارىدا قومۇلدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئويناپ قايتقان بىر قۇراملىق بىر خەنزۇ يىگىت بىزدىن سوراپ قالدى:

— نەگە مېڭىشىڭلار؟

— قومۇلغا.

— نېمە ئىش بىلەن؟

— يازغۇچىلار يىغىنىغا، — دەپ ئۇدۇللا چۈشەندۈردۇق بىز.

— مۇنۇ ياشانغان، كۆز ئەينەكلىك كىشىمۇ بارامدۇ؟
— ھەئە.
— ئۇمۇ يازامدۇ؟
— ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان داڭلىق يازغۇچى، ھەم ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كەسپىي يازغۇچى.
— شۇنداقمۇ؟ — دەپ ھەيران قالدى ئۇ، — ئاشۇنداق بىر ھۆرمەتلىك ئادەمنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنى نېمىسى، نېمىشقا كارۋاتلىق ئورۇن بىلەتنى ئېلىپ بەرمەيسىلەر؟
— بىزنىڭغۇ خويمۇ ئېلىپ بەرگۈمىز بار ئىدى، تۈگەپ كېتىپتۇ.
— پويىز ئىچىدە ئايرىم سېتىۋاتىدىغۇ؟
— باردۇق، چىرايىمىزغا قاراپ يوقلا دېدى. يالۋۇرايلى دېسەك كۆڭلىمىز كۆتۈرمىدى.
— بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى يىگىتنىڭ رەسمىي ئاچچىقى كەلدى.
— يېنىدا خىزمەت كىنىشكىلىرى بارمۇ؟
— بار.
— ماڭا ئېلىپ بېرىڭلار، بىلەت بەرمىگەن ئادەمنىڭ كۆزىگە كىنىشكىنى تىقىپ تۇرۇپ ئېلىپ كېلەي.
گۈلنىڭ ئىشىنى خۇدا ئوڭلىغاندەك بىر ئىش بولدى، كۆڭلى ياخشى يىگىت ئانچە ھايال بولمايلا زوردۇن سابىر ئەپەندىگە كارۋاتلىق ئورۇن بىلىتىدىن بىرنى ئەكېلىپ بەردى، قولۇمدا زوردۇنكامنىڭ سەپەر سومكىسى، مەن ئالدىدا، ئۇ كەينىمدە. بىلەتتىكى ئورۇننى ئىزدەپ

قالدۇق. بىز ئۆرە ـ تۆپە يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدىن قېقىلىپ سوقۇلۇپ ئۆتۈپ، نەچچە ـ نەچچە ۋاگوننى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، تەرلەپ ـ پىشىپ يۈرۈپ مېنىڭ تەستە ھېلىقى ئورۇننى تاپتۇق.

— سىزنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋەتتىم ئابدۇرۇسۇل، — دېدى زوردۇنكام كارۋاتىغا چىقىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، — كېلىڭ، بۇ يەردە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى.

مېنىڭ بۇنداق خالىي ھەم غەنىيمەت پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇم كەلمىدى. كارىۋاتقا چىقىپ ئولتۇردۇم.

— سىز غۇلجا شەھەر ئۆزىدىنمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى ئۇ.

— ياق، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا يېزىلىق. غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مەمەيۈزى مەھەللىسىدىن، — دېدىم ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ، — 1983 ـ يىلى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سىزنىڭ «ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى»دا بىرگە ئوقۇغان ئىسلامىيۇزلۇك ساۋاقدىشىڭىز تۇرسۇن نۇرەلى بىزگە بىر يىل ئەدەبىياتتىن دەرس بەرگەن.

— شۇنداقمۇ؟ — ھەيران بولدى زوردۇنكام، — ئۇنداق بولسا ئىككىمىز قوشنا يېزىدىن ئىكەنمىزغۇ. مەن غۇلجىغا بارسام‌لا تۇرسۇن ئاغىنەمنى ئىزدەيمەن. ئۇ ئىشلەۋاتقان مەكتەپكىمۇ بىرقانچە قېتىم بارغان.

— بىلىمەن، — دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان

چاغلىرىم ئىدى. تۇرسۇن مۇئەللىم ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆتۈپ، دەل سىزنىڭ «قەرزدار» ھېكايىڭىزغا كەلگەندە بىر كۇنى كۆزئەينەك تاقىۋالغان ناتونۇش بىر كىشىنى كەينىگە سېلىپ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ كىشى سىز ئىدىڭىز. مەن سىزنى تۇنجى قېتىم شۇ يەردە كۆرگەن. شۇ چاغدا سىز بىزگە ئەدەبىي ئىجادىيەت، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتى توغرىسىدا جىق نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي...

— ھە، ئۇزۇن ئۆتمەي نېمە بولدى؟

— ئاددىي ئەمما تەۋەرۈك بىر سىياھ قەلەمنى تالىشىپ قېلىش ئىشى بوپ قالدى.

— بۇ قانداق گەپ؟

— كۆپ ھاللاردا، — دېدىم ئىشنىڭ قىسقىچە جەريانىنى زوردۇنكامغا سۆزلەپ، — ئويلىمىغان ئىشلار ئويلىمىغان يەرلەردىن چىقىپ قالىدىكەن. مېنىڭ ئالتىئۆي مەھەللىسىدىن كېلىپ ئوقۇيدىغان نىياز بۇۋى ئىسىملىك بىر قىز ساۋاقدىشىم بولىدىغان. بىر كۇنى تۇيۇقسىزلا يېنىدىن ئاددىيلا بىر سىيا قەلەمنى چىقىرىپ: «ئابدۇرۇسۇل، بۇ قەلەمنى تونامسىز؟» دەپ سوراپ قالدى. ھەر بىر ساۋاقدىشىمنىڭ يېنىدا بىردىن، ئىككىدىن قەلەم تۇرسا، كىمنىڭ قانداق قەلەم تۇتۇپ يۈرۈۋاتقىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟ مەن ئۇنى سىنىپىمىزدىكى بىرەر بالىنىڭ يوقىتىپ قويغان قەلىمى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، «بىلمەيمەن» دەپتىمەن. نىيازبۇۋى كۇلۇپ كېتىپ: «بۇنى يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ قەلىمى دېسەم ئىشەنمەمسىز؟» دېمەسمۇ، كۆزلىرىمگە

ئىشەنمەي قالدىم. كېيىن ئۇقسام، نىياز بوۋىنىڭ دادىسى ئاغرىپ قېلىپ ئۇرۇمچىدە بىر مەزگىل داۋالىنىپ كەلگەن. نىيازبوۋى دادىسى دوختۇرخانىدا مەزگىلىدە دادىسىنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغان دوختۇرلارغا قارىتىپ دادىسى ئارقىلىق بىر پارچە رەھمەت خېتى يازغان. نىيازبوۋىنىڭ پۇچۇركىسى سەت بولغاچقا ئۇ خەتنى مەن كۆچۈرۈپ بەرگەنىدىم. سىزنىڭ ئۇ كىشى بىلەن قانداق تونۇشلۇقىڭىز بارلىقىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، ھېلىقى خەتنىڭ بېرىشى سىزنىڭ نىيازبوۋىنىڭ دادىسى بىلەن بىر يەردە بولۇپ قالغان ۋاقتىڭلارغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. خەت شۇنداق تەسىرلىك يېزىلىپ كەتتىمۇ، ئۇنى بىلمىدىم. سىز ساۋاقدىشىمنىڭ دادىسى بىلەن بىللە ئۇ خەتنى كۆرۈپ تەسىرلىنىپ كېتىپسىز ۋە شۇ يەردىلا: «قىزىڭىزدا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن خېمىرتۇرۇچ باركەن، تىرىشىپ بەرسە كەلگۈسىدە ياخشى ئەسەرلەرنى يازىدىغان ئايال ئاپتورلىرىمىزدىن بولۇپ قالغۇدەك، خەتنى قاملاشتۇرۇپ يازغانلىقى شەرىپى ئۈچۈن بۇ قەلەمنى قىزىڭىزغا بېرەي، تىرىشىپ ئوقىسۇن» دەپسىز.

— راست، شۇنداق بىر ئىش بولغانلىقى يادىمدا،— دېدى زوردۇن سابىر ئەپەندى كۆز ئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ.

— كېيىن قانداق بولدى، دېمەيسىزغۇ زوردۇنكا؟ — سورىدىممەن گەپنى يەنە ھېلىقى تەۋرۈك قەلەمگە يۆتكەپ،— ساۋاقدىشىمنىڭ قولىدىكى قەلەمنى تالاشتىم، مېنىڭمۇ جاھىل تەرەپلىرىم بار، تالاشقاندىمۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ كەتكۈچە تالاشتىم. بىراق، پۇلغا سېتىپمۇ، باشقا

قەلەمگە تېگىشىمۇ ئالالمىدىم. كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولدى. گەرچە ئۇ چاغلاردا ئەدەبىي ئىجادىيەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەممۇ كىتاب ئوقۇشقا، ئاشۇنداق بىر نەرسىلەرنى يېزىشقا بەكلا قىزىقاتتىم. شۇ قەلەمنى ئېلىۋالسام، يانچۇقۇمغا سېلىپ يۈرسەم ماڭا باشقىچە ئىلھام، باشقىچە ھېسسىيات ئاتا قىلىدىغاندەك، ھېكايە، شېئىر دېگەنلەرنى بىر ئولتۇرۇپلا يېزىۋېتىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدىم.

— ساددا ھېسسىيات، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئۇ، — مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ھەۋەسكار چاغلىرىمدا شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېسسىياتلاردا بولغان ئۇكام. بىراق، ئەدەبىي ئىجادىيەت دېگەن بۇ نەرسە كۆڭۈل قويسىلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان ھۈنەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھەر كىمنىڭ قىزىقىشىغا، تىرىشچانلىقىغا باغلىق ئىش. مەنمۇ باشتا شېئىر يېزىپ باققان. كېيىن قاملاشتۇرالماي پروزىغا ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇ چاغلاردا ئىلى رايونىنىڭ مەتبۇئات - نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ياخشى ئەمەس ئىدى. باشقا يەرلەردىكىگە ئوخشاشلا گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىي بەتلىرىنى سىياسىي نوتۇق تۇسىنى ئالغان نەرسىلەر قاپلاپ كەتكەن، بىزگە قارىغاندا سىلەر كۆپ تەلەيلىك چىقتىڭلار، قانداق يېزىش، نېمىنى يېزىش ئەركىنلىكى ئۆزۈڭلارنىڭ قولىدا. «ئىلى گېزىتى» بىلەن «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى سىلەر ياشلار ئۈچۈن ياخشى سەھنە، يامان يېرى، سىلەر ئاشۇ سەھنىنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمەيۋاتىسىلەر. ياشلار قوشۇنى تازا جۇشقۇن ئەمەس. بۇ ھەقتە جەنۇبنىڭ ياشلىرىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. بۇ دېگىنىم ئۇلارنى

كۆتۈرۈپ سىلەرنى چۆكۈرگىنىم ئەمەس، سىلەردىمۇ ياخشى يېزىۋاتقان باللار بار، لېكىن ئاز. ئېلىمىزنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق مەدەنىيىتى، تارىخى بار، بىزگە مەلۇم بولمىغان، ئېچىلمىغان تىڭلىرى تېخى كۆپ. بىزدىن كېيىن قالسا ئۇلارنى سىلەر ئېچىشىڭلار كېرەك. شۇڭا، بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش بەك مۇھىم، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزىنى بېغىشلاش مەسىلىسى مۇھىم مەسىلە. «بازار ئىگىلىكى» بىزنى ئاسانلا سىناپ قويىدىغۇ. خېلى ئوبدان ئۈمىد باغلاپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىز «دېڭىز» غا چۈشىمەن دەپ «قاينام» لارغا «يەم» بولۇپ كەتتى. دېمەك، شۇنداق گەپ ئاغرىتىپ ئېيتساق، پۇلغا — راھەتكە بېرىلگەن كىشىدىن يازغۇچى چىقماق تەس. شولوخوپ نېمە ئۈچۈن موسكۋادەك كاتتا شەھەرلەرنى خالىماي دون دەرياسى بويىدىكى كازاكلىرى ئارىسىدا بىر ئۆمۈر ياشىيالىدى؟ روسىيە بويىچە كاتتا گرافنىڭ بالىسى تولستوي شۇنچىلىك راھەت تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، نېمىشقا قەلەمنى ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ ئۆتتى؟...

زوردۇن سابىر ئەپەندى تەڭرى تېغىدەك ۋەزنى بار سوئاللارنى ئالدىمغا تاشلاپ قويۇپ جىمىپ قالدى، ئۇنىڭ گەپلىرى ھەق ئىدى. ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان نومۇس ۋە خىجالەتچىلىكتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. پويىز بىر خىل رىتىمدا تاقىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئارىنى سۈكۈت باستى، زوردۇن سابىر ئەپەندى ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

— خوش ئۇكام، — دېدى ئۇ مۈرەمگە قولىنى قويۇپ، — جىمىپ كەتتىڭىزغۇ. پاراڭ قىلىڭ. سەپەر

دېگەندە پاراڭ بولمىسا ئادەم ئاسانلا زېرىكىپ قالىدۇ.

— نېمە دەيمەن زوردۇنكا، سىزنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىڭىزدا توپلىغان تەجرىبىلىرىڭىز ئاز ئەمەس،— دېدىم گەپنى ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدىكى تەجرىبىلىرىگە يۆتكەپ،— ياخشى ئەسەر ئىجاد قىلىشتا ھېس قىلغان، ئويلىغانلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم بار ئىدى.

— ئوبدان گەپ،— دەپ كۆز ئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويدى ئۇ،— ياخشى، نادىر، ئېسىل ئەسەر توغرىسىدىكى گەپلەرغۇ كونىراپ قالدى، بىراق ئابدۇرۇسۇل، ئېسىل ئەسەر دېگەن چۈشەنچىنى ھەر كىم ھەر خىل چۈشىنىدىكەن. ھازىرغىچە ئېسىل ئەسەر توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر «ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى قالتىس. . . ۋاھاكازا» دېگەندەك كونا تېئورما دائىرىسىدە بولۇۋاتىدۇ. كونكرېت ئىجادىيەت مەشغۇلاتى، ھالقىلىرى ئۈستىدە ياكى ئېسىل ئەسەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرسىتىش توغرىسىدا دېيىلگەن گەپلەر كۆپ ئەمەس. بىز دە يازىدىغانلار بىلەن يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەر كۆپ، ئەمما قېلىپپازلىق، شوئارۋازلىق، ئوقۇملاشتۇرۇش، ئاددىيلاشتۇرۇشقا ئوخشاش نۇقسانلار ئېغىر راق، ياخشى ئەسەر تالانت، ئۆزىنى بېغىشلاش، كۆپ تەرەپلىمە بىلىمدىن خەۋەردار بولۇش، تۇرمۇشنى پۇختا بىلىشنىڭ مەھسۇلى، سىز بىرەر ساھەنى يازماقچى بولسىڭىز ئاۋۋال شۇ ساھەنىڭ ئادىمى، شۇ ئىشنىڭ ئەھلى، شۇ تۇرمۇشنىڭ جانلىق خاتىرىسى بولۇڭ. شۇ چاغدا تۇرمۇش بىزگە ھېكايە بولغۇدەك ۋەقەلەرنى، كۆچۈرۈپلا قويسا بولىدىغان قەھرىمانلارنى، كىتاب ئوقۇپ

هاسىل قىلغىلى بولمايدىغان پىكىر — ئىدىيەلەرنى تەقدىم قىلىدۇ. ئامېرىكا يازغۇچىسى پوكنىزنىڭ: «دۇنيا خەرىتىسىدە پوچتا ماركىسىچىلىق كۆرۈنىدىغان يېزام توغرىسىدا ئون تۆت رومان يازدىم. يەنە شۇنچە يازسام تۈگىتەلمەيمەن» دېيىشى، 1994 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ياپونىيە يازغۇچىسى داجىيالىڭ جىيەنسەنلاڭنىڭ: «بىر تەرەپتىن ئورمانلىقتىكى ئەپسانە دۇنياسىغا يىلتىز تارتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن توكيودىن، رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلمىدىم» دەپ يېزىشى بۇنىڭ مىسالى. دېمەك، تۇرمۇشنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق بىلىش ئېسىل ئەسەر يېزىشنى نىيەت قىلغان بىر تالانت ئىگىسىنىڭ بىرىنچى دەسمايىسى، ئېسىل ئەسەر ئىجاد قىلىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم شەرتى، ئوبرازلارنى جانلىق، تىرىك يارىتىش، تاتىملىق ھېكايە توقۇش، مەن بۇلارنى «ئېسىل ئەسەر توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» دېگەن ماقالەمدە بىر قۇر شەرھىلەپ ئۆتكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئېسىل ئەسەرنىڭ ھېكايىلىرى چۈشىنىشلىك، تاتىملىق بولىدۇ. «گراف مونتې كرىستوف» دەك رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئەسەرلەرنىڭ قالدۇرغان تەسىرى «تىنچ دون»، «ئاننا كارېنىنا»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» قا يەتمەيدۇ. «يۈز يىل غېرىبلىق» بىلەن «قىيامەت» كە ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرىمۇ يېگىچە. بۇ ئەسەرلەردە ھېكايىدىن ھېكايە چىقىدىغان ھالەتمۇ، زور تارىخىي ۋەقەلەرمۇ يوق. سۆزلەپ بېرەي دېسەڭ ئىزچىل ۋەقەلىك يوق. قارىساڭ تاغدىن ـ باغدىن چۈشكەن گەپلەر، ئاۋۋال كىشىنى بىزار قىلىدۇ، كېيىن جەلپ قىلىدۇ. جەلپ قىلغىنى رەڭگارەڭ،

ئۆزگىچە تۇرمۇش ۋە خىلمۇ خىل خاسلىققا ئىگە ئوبرازلار بىر پۈتۈن ئەسەرنى ئوقۇپ چىقساڭ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. مەن خېلى نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇم. ۋەقە توقۇشتا ئۇسۇل كۆپكەن. لېكىن، بىزدە بىرلا خىل ئۇسۇل بار. بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىز يېڭىچە ئۇسۇلنى سىناپ باقتى. ئەسەرلىرى ياخشى، مەن ئۇلاردىن تولىمۇ خوش.

— ئەسلى بۇ گەپنى ئالدىڭىزدا دېمىسەم بولاتتى زوردۇنكا، مەن نېمە ئۈچۈنكىن سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقىسام ئەڭ ئاۋۋال تىلىدىن هوزۇرلىنىمەن. مەمتىمىن هوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، باغراش، نۇرمەهەممەت توختىلارنىڭ تىلىدىنمۇ هەم شۇنداق.

— ئېسىل ئەسەر يارىتىشتا،— دېدى ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ،— تىل گۈزەللىكىمۇ مۇهىم مەسىلە، ئەسەردىكى جۈملىلەر توغرا، ئىخچام، مەنىلىك، ئوبرازلىق بولۇشى، شۇنداقلا شۇ مىللەت تىلىدىكى ئەڭ يېقىملىق جۈملىلەرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز كۆپ شىۋىلىك، ئاددىي جۈملىلەر ئاساس قىلىنغان، ئىپادىلەش كۈچى زور، ئىستىلىستىك ۋاستىلەرگە باي، مىللىي خاسلىقى ئۇچۇق، ماقال ـ تەمسىللەر، تۇراقلىق ئىبارىلەر مول، تىل يازغۇچىلىرىمىز بۇ تىلنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشى كېرەككى، ئۇنى بۇزماسلىقى، چاكىنىلاشتۇرماسلىقى كېرەك. مەن دائىم ئۆزىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا تىلىغا ئالاهىدە دىققەت قىلىمەن. نۇرغۇن بەلگىلەرنى ئۇرىمەن. سۇئىي ياسالما، مەنتىقىسىز جۈملىلەر كۆپ

www.uyghurkitap.com

ئۈچرايدۇ. زىيالىيلار بىلەن دېھقانلار، دىنىي ئۆلىمالار، قېرىلار بىلەن باللار، يېزىلىقلار بىلەن شەھەرلىكلەر، شۇنىڭدەك ھەر خىل قاتلامدىكىلەرنىڭ تىلىدا پەرق زور. لېكىن، بىزنىڭ نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىز بۇنىڭغا دىققەت قىلمايدۇ ياكى سەل قارايدۇ. يازغۇچى پىكرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا جۈملە تۈزسە ئۇ پوچتىخانا ئالدىدىكى «كاتىپ» قا ئوخشاپ قالامدۇ ئۇكام؟ مەن گوركىينىڭ ئوخشىتىشلىرى، گوگولنىڭ سېلىشتۇرمىلىرى، شولوخوپنىڭ قىسقا، ئاجايىپ دىئالوگلىرىنى ئوقىسام يايراپ كېتىمەن. ئەسەر تىلىنىڭ پۇختا، جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشى يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ بىر بەلگىسى، سىز تەسۋىرلىگەن شەيئىي ئېنىق كۆز ئالدىڭىزغا كەلگەندە ئۇنى ئىپادىلەشكە ئېنىق بىر سېلىشتۇرما ئىزدەيسىز. بىر خىل شەيئىينى ئون ئادەم ئون نەرسىگە ئوخشىتىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئوخشاتقىنى ھەممىدىن تىلى جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشى، بىرمۇ جۈملە قۇرۇق، ھېسسىياتسىز، مەنىسىز بولماسلىقى، ھەر بىر تالانت ئىگىسى، ئۆزىگە مانا شۇنداق تەلەپ قويۇشى كېرەك.

بىزدە بۇ خىل تەلەپ بويىچە يېزىۋاتقانلارمۇ بار. لېكىن ئاز، مەمتىمىن ھوشۇر ئىلى روھىنى ياخشى ياراتتى. «سارالڭ» بىلەن باشلانغان چاتما ھېكايىلىرى بىزگە كۈتمىگەن زوقلارنى بەردى، «قۇم باسقان شەھەر» رومانچىلىقىمىزنىڭ گۈلىگە گۈل بولۇپ قېتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ روھى ـ دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئەختەمجان يارايدۇ. بۇ ئىككى يىگىتىمىزنىڭ خاسلىقى، ئورتاقلىقى بار. بۇلاردىكى ئورتاقلىق — يېزا

تۇرمۇشىنى، ئاددىي ئادەملەرنى، دېھقانلارنى ئۆزىنى
ئىجادىيەت مەنبەسى قىلغانلىقىدا، غەربىي گېرمانىيەلىك
تۈرۈكلوگ گابائىن خانىمنىڭ بىر گېپى زادىلا ئېسىمدىن
چىقمايدۇ: «يازغۇچىلار دېھقانلارنى كۆپلەپ يېزىشى
كېرەك. ئەينەن يېزىشى كېرەك، سەۋەبى ئۇلار مىللەتنىڭ
ئاساسىي گەۋدىسى مىللەتكە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ.
بىر مىللەتكە خاس بولغان نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەر ئەنە
شۇلاردا ساقلانغان بولىدۇ» مەنمۇ يېزا تۇرمۇشىنى،
دېھقانلارنى يازىمەن دەپ تەكلىماكاننىڭ ئاپتاپلىق، توپىلىق
يوللىرىدا خېلى قاتراپ باقتىم، يازغانلىرىمدىن ئۆزۈمچە
پەخىرلىنىپ يۈرۈپتىمەن، ئەختەمجاننىڭ «قۇرتلاپ
كەتكەن كۆلى» نى كۆرسەم يازغانلىرىمدىن خىجىل
بولىمەن. مەن ئۇلارنىڭ سىرتىنىلا كۆرۈپتىمەن،
ئەختەمجان يۈرىكىنى كۆرەلىدى، ئۇ «تارىم دەرياسى بويىدا
ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقان نامرات دېھقاننىڭ يىغىسىنى،
ئۆمۈر بويى موھتاجلىقتا ئۆتكەن بالىجانلىق دېھقاننىڭ
چۆچۈرىدەك بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئايالى بىلەن
كۆلۈك ئالدىدا ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان چوغنى چۇقچىلاپ
ئولتۇرۇپ، ئەتىيازنىڭ غېمىنى يەپ پىچىرلاپ قىلىشقان
ئىنچىكە ھېساباتىنى ئاڭلىيالىدى. ئەۋلادتىن – ئەۋلاد
ئوتۇن توشۇپ جان ساقلاۋاتقان بەختسىز ئوتۇنچىنىڭ
قورۇلۇپ يېرىلىپ كەتكەن تاپىنىنى كۆرەلىدى. . .» مەن
گېرمانىيىگە ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىمنى ئەمەس
ئەختەمجاننىڭ «مۇھەممەت ئىمىن سەيدى① » نى ئاچىقىپ

① «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى باش قەھرىمان.

كەتكەن بولسام ئۇلارنىڭ گۈل قەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتىكەن.

مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن قىلچە غەرەزسىز ئېيتىلغان بۇ گەپلەر ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كەتتى، قىسقىغىنە يىگىرمە ئالتە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا سەككىز توملۇق تۆت رومان، ئىككى پوۋېستلار توپلىمى، بەش ھېكايىلەر توپلىمىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ ئەسەرلەردىكى ئۆلمەس ئوبرازلار بىزنىڭ مەڭگۈلۈك سىرداش دوستىمىز بولۇپ قالدى، ئۆمرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان رومانچىلىقىنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگەن بۇ شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز ئەدەبىياتقا، تارىخقا سادىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىرغىچە ھېچكىم قول تىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ھازىرقى زامان ئىنقىلابى تارىخىمىزنىڭ ئىنچىكە، نازۇك يەرلىرىنى بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق «كەچ كۈز» پوۋېستىدا بىزگە تەقدىم قىلغانىدى. ئۇ كەتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىزغىن خۇشخۇي، ئوچۇق ـ يورۇق مىجەزى، ھەقىقىي يازغۇچىغا خاس ئېسىل خىسلىتى، شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، مەنمەنچىلىكتىن يىراق پەزىلىتى، ئاددىي، كەمتەر، سەممىيلىكى بىلەن بىز كېيىنكىلەرنىڭ يۈرىكىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

1998 ـ يىل 9 ـ 10 ـ ئايلار، غۇلجا

[General Information]
书名=孟买的后街　维吾尔文
SS号=40296205